دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش يۈرۈش مەجمۇئەنىڭ بىرى – جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونوم جايلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مەجمۇئەسى

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

«تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش
يۈرۈش مەجمۇئەنىڭ بىرى — جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئاپتونوم جايلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مەجمۇئەسى

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

«تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» نى
يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن

0007543

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قاھار ئابدۇرېشىت

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

«تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»نى
يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن

•

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجوڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.25 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1988 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 1,300
ISBN 7 - 228 - 00275 - X/K·23
باھاسى: 1.57 يۈەن



ناھىيىلىك سەنئەت
دۆيى چارۋىچىلارغا ئويۇن
قويۇپ بەرمەكتە.



چالغۇ ئەسۋابلىرى



دومباش چوڭ قويرۇقلۇق قويى



قەدىمكى تاشقورغان



چارۋىچىلار چۆپ چاپماقتا



قەدىمكى شەھەرنىڭ يېڭى قىياپىتى



بەختلىك ئائىلە



ماگىزىن



ئەمۇنچى يىزا پوچتاليونى — ئەكرەم



يىپەك يولىنىڭ يېڭى قىياپىتى

## نەشر قىلىنىشى ھەققىدە

«جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونوم جايلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش خىل كىتاب تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش خىل كىتاب» نىڭ بىر خىلى بولۇپ، بۇ كىتاب ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك رايونلار پارتكومى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەرقايسى ئاپتونوم جايلار تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم تۈزۈلدى.

ئېلىمىز بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قۇرۇشتا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) لەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇشتىكى دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇردى. مىللەتلەرنىڭ باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇپ، ئورتاق گۈللىنىشىدەك ئاساسىي پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈردى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## نەشر قىلىنىشى ھەققىدە

«جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونوم جايلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش خىل كىتاب تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش خىل كىتاب» نىڭ بىر خىلى بولۇپ، بۇ كىتاب ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك رايونلار پارتكومى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەرقايسى ئاپتونوم جايلار تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم تۈزۈلدى.

ئېلىمىز بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قۇرۇشتا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى توپ سىياسىتى. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) لەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇشتىكى دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇردى. مىللەتلەرنىڭ باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇپ، ئورتاق گۈللىنىشىدەك ئاساسىي پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈردى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## مۇندەرىجە

### بىرىنچى باب
### «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دىكى ئاۋات ماكان


1 - بۆلۈم تەبىئىي شارائىتى ........................ 1
1) جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە يەر تۈزۈلۈشى ........................ 1
2) ھاۋا كىلىماتى ........................ 6
2 - بۆلۈم مول تەبىئىي بايلىق ........................ 10
1) يايلاق ۋە ئوتلاق ........................ 11
2) چارۋا ........................ 13
3) تېرىلغۇ يەر ........................ 13
4) ئورمانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ........................ 14
5) تۈرلۈك ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلار ........................ 15
6) تۈرلۈك ئېنېرگىيە مەنبەسى ........................ 17
7) ۋە باشقىلار ........................ 18
3 - بۆلۈم مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى ........................ 19
4 - بۆلۈم قاتناش ئەھۋالى ........................ 24


### ئىككىنچى باب
### خىلۋەت دىياردىكى تاجىك خەلقى


1 - بۆلۈم تاجىكلارنىڭ شەكىللىنىشى ........................ 28
2 - بۆلۈم تاجىكلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە -
يوسۇنلىرى ........................ 36
1) ئائىلە ۋە نىكاھ ........................ 37

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياستىنى تەشۋىق قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك تۆتتە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونوم جايلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق. بۇ كىتاب ئاپتونوم جايلارنىڭ مەمۇرىي ئايرىلىشى، تەبىئىي بايلىقلىرى، مىللەتلەر-نىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، تارىخىي تەرەققىياتى، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ھەمدە مەشھۇر ئاسارىئەتىقىلىرى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىق ئاساسلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى، ئۆزئارا ئۆگىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي مەسىلىگە
دائىر بەش خىل كىتابنى تۈزۈش ھەيئىتى

4 - بۆلۈم چىك خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە سەرىكۆي مۇسۇلمانلار دىيارىنىڭ بارلىققا كېلىشى ........................ 104

5 - بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پۇلى شۆبە تورغاق ۋازارىتى تەسىس قىلىشى ھەمدە تاشقورغاننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى ........................ 110

6 - بۆلۈم شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سەرىكۆينىڭ ئەھۋالى ........................ 117

## تۆتىنچى باب

### تاشقورغان رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشلىرى

1. قوقەن باسمىچىلىرىغا قارشى كۈرەش ........................ 132

2. ياقۇپبەگ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش ........................ 141

3. چار روسىيە ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ پامىر رايونىنى بۆلۈشۈۋېلىشىغا قارشى كۈرەش ........................ 148

## بەشىنچى باب

### تاشقورغان ئىنقىلابى

1. تاشقورغان ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ۋەزىيەت ۋە ئىنقىلابنىڭ تەييارلىقى ........................ 179

2. ئىنقىلابنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، ۋاقىتلىق ئىنقىلابى ھۆكۈمەت ۋە قوراللىق قوشۇننىڭ تەشكىل قىلىنىشى ........................ 184

2) كىيىم - كېچەك، ئۆي - ئىمارەت ۋە يېمەك - ئىچمەك ......... 41
3) قائىدە - يوسۇنلار ......... 45
4) ھېيت - بايراملار ......... 51
3 - بۆلۈم مەدەنىيەت - سەنئەت ......... 53
1) شېئىر - قوشاقلار ......... 54
2) مۇزىكا ......... 59
3) چالغۇ ئەسۋابلار ......... 62
4) خەلق ئۇسۇللىرى ......... 64
5) ھېكايە - چۆچەك، ماقال - تەمسىل ۋە رىۋايەتلەر ......... 67
6) تىياتىر ......... 69
7) ھۈنەر - سەنئەت ......... 71
4 - بۆلۈم ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى ......... 72
1) ئوغلاق تارتىش ......... 72
2) ئات بەيگىسى ......... 73
3) چەۋگەن (ئات توپى) ......... 74
4) تۆۋج (ئات ئۈستىدە قارىغا ئېتىش) ......... 74
5) تەڭگە ئېلىش ......... 75
5 - بۆلۈم دىنىي ئېتىقادى ......... 76

## ئۈچىنچى باب

## تارىخىي ئۆزگىرىشلەر

1 - بۆلۈم تاشقورغاننىڭ قەدىمىي تارىخىغا بىر نەزەر... 82
2 - بۆلۈم قىرپاند دۆلىتى ......... 88
3 - بۆلۈم قىرپاند دۆلىتىدىن كېيىن تاكى چىڭ سۇلالى-
سىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە قەدەر
بولغان تارىخىي ئۆزگىرىش ......... 98

1) سانائەت-قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى .................. 267
2) تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان پوچتا - تېلېگراف تورلىرى ......... 275
3 - بۆلۈم مالىيە - سودا، پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىياتى ...................................... 277
4 - بۆلۈم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى
ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى ............................ 287


## سەككىزىنچى باب

## مەدەنىيەت - مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى


1 - بۆلۈم مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا ... 287
2 - بۆلۈم سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ......... 300
1) ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەھۋال ........................... 300
2) ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋال ........................... 301
چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى ........................... 306
خاتىمە ................................................ 317

## ئالتىنچى باب

## دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى


1 - بۆلۈم دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ............ 205

2 - بۆلۈم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ............................... 213

3 - بۆلۈم مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت خاتىرجەم بولدى ..................................... 223

4 - بۆلۈم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى ............... 230


## يەتتىنچى باب

## سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى


1 - بۆلۈم چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ... 234

1) چارۋىچىلىق ........................................ 234

(1) ئازادلىقتىن بۇرۇنقى چارۋىچىلىق ئەھۋالى ..................... 234

(2) ئازادلىقتىن كېيىن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ............................. 238

2) دېھقانچىلىق ........................................ 249

3) ئورمانچىلىق ........................................ 263

2 - بۆلۈم سانائەت - قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ................................ 267

# بىرىنچى باب

## «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دىكى
## ئاۋات ماكان

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىدە «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان مەشھۇر پامىر ئېگىزلىكى بار. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى دەل ئەنە شۇ ئېگىزلىكنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىدىكى مۇھىم چېگرا ئالدىنقى قاراۋۇلى ۋە «يىپەك» يولى ئۈستىدىكى مۇھىم بىر «ئۆتەڭ» بولۇپ كەلمەكتە.

### 1 - بۆلۈم تەبىئىي شارائىتى

#### 1. جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە يەر تۈزۈلۈشى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقى، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئورنى شىمالىي پاراللېل 35.37 — 38.40 گرادۇس، شەرقىي مېرىدىئان 71.23 — 77.01 گرادۇسقا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي

مۇزلۇقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 275 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقنىڭ ئەڭ قېلىن جايلىرىنىڭ قېلىنلىقى 200 نەچچە مېتىر بولۇپ، زاپاس سۇ مىقدارى 23 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدىكەن. مۇز تاغدىكى مۇزلۇقلارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. مەسىلەن، پامىردىكى قاراكۆل، چېدىركۆل، ساركۆل قاتارلىقلار ئېرىگەن مۇزتاغ سۈيىدىن ھاسىل بولغان. «مۇزتاغ ئاتا» چوققىسى شىنجاڭدىكى باشقا مۇزلۇقلار بىلەن بىرلىكتە شىمالىي مۇز ئوكيان ۋە ئاتلانتىك ئوكياندىن كېلىدىغان نەم ھاۋانى يامغۇر ۋە قار ھالىتىگە كەلتۈرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت پەۋقۇلئاددە قۇرغاق رايوننى مول سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ناھىيىدە يەنە سەركۆي تاغلىرى، گەندەقىر تاغلىرى، زىرد - زىندۇن تاغلىرى، قارابەدىراق تاغلىرى، پىل تاغلىرى، ئاقىئاز تاغلىرى ۋە راسكام تاغلىرى قاتارلىق ئېگىز تاغلارمۇ بار.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە يەنە بىرقانچە مەشھۇر ئېدىرلىق، ئويمانلىق ۋە جىلغىلارمۇ بار. بۇنىڭ ئاساسلىقلىرى:

تاشقورغان ئېدىرلىقى بۇ ئېدىرلىقنىڭ غەربىي سەركۆي تاغلىرىغا، شەرقى گەندەقىر تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ، ئۇ، تاشقورغان دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتا خونجىراپ تاغلىرىغىچە، شىمالدا چۇشمانىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ، ئەڭ چوڭ ئېدىرلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 كىلومېتىر، كەڭلىكى يەتتە كىلومېتىر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3000 — 4200 مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ ئېدىرلىق ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

تاغارما ئويمانلىقى بۇ ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000

يەر كۆلىمى 67 مىڭ كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ (دۆلىتىمىز ئەمەلىي ئىدارە قىلىۋاتقان يەر كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتردىن ئارتۇق). جۇڭگو بىلەن چارروسىيە ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىشتا قالغان 14 مىڭ كۋادرات كىلومېتر يەر ۋە سەركۆي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى چارروسىيە ئىشغال قىلىۋالغان زېمىنلار بۇنىڭ سىرتىدا). ئاپتونوم ناھىيىنىڭ غەربتىن شەرققىچە بولغان كەڭلىكى 484 كىلومېتر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 329 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبىي قىسمى قاغىلىق، پوسكام، يەكەن ناھىيىلىرى بىلەن، شىمالىي ۋە شەرقىي شىمالىي قىسمى ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي تەرىپى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجىكىستان ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمى ئافغانىستان ۋە پاكىستانلار بىلەن چېگرىداش. شۇڭا جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتە مۇھىم ستراتېگىيىلىك چېگرا رايون ھېسابلىنىدۇ.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئاساسەن ئېگىز تاغلار، ئېدىرلىقلاردىن شەكىللەنگەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ ناھىيە تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدە ھەددى-ھېسابسىز تاغ چوققىلىرى بار. بەزى چوققىلار يىل بويى ئېرىمەيدىغان قار-مۇزلار بىلەن قاپلانغان. مەسىلەن، بۇ ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرى ئىچىدە دۇنيا بويىچە 2-دەرىجىلىك ئېگىز چوققا (دېڭىز يۈزىدىن 8611 مېتر ئېگىز) ھېسابلىنىدىغان چوگورى چوققىسىدا «يېڭى سۆگەت» مۇزلۇقى بولۇپ، بۇ مۇزلۇق زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسىدۇر. كىشىلەر تەرىپىدىن «تاغلار ئاتىسى» دەپ ئاتالغان «مۇز تاغ ئاتا» چوققىسى بۇ ناھىيىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭدىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇ چوققىدىكى

**تاشقورغان دەرياسى.** بۇ دەريا ناھىيىنىڭ غەربىي قىسمىدا بولۇپ، ئاساسلىق دەريا ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 240 كىلومېتر (ئاپتونوم ناھىيە دائىرىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتر)، دەريا ئېقىمىنىڭ كەڭلىكى 60 — 100 مېتر، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1·5 — 2 مېتر، ئېقىم مىقدارى 2·7 سېكۇنت كوب مېتر، يىللىق ئېقىم مىقدارى بىر مىليارد 582 مىليون كوب مېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭ باش قىسمى تاغدۇمباش دەرياسى بىلەن قارا چۇقۇر دەرياسى بولۇپ، تاغدۇمباش دەرياسى جەنۇبتىكى خونجىراپ تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ، قارا چۇقۇر دەرياسى بولسا غەربىي جەنۇبتىكى ۋاخجىرۇيدىن باشلىنىپ غىجەكبويى دېگەن يەرگە كەلگەندە، خونجىراپ دەرياسى بىلەن قېشىلىپ تاشقورغان دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ، دەپتەر، تاشقورغان، تىزناپ يېزىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، چۇشمان دېگەن يەرگە كەلگەندە، تاغارما دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، شەرققە بۇرۇلۇپ شىندى، قوغۇشلۇق دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ، ئاقتۇ ناھىيىسىگە كىرگەندە، زەرەپشان دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا ھازىر سۇغىرىلىۋاتقان دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ۋە يايلاقلاردىن باشقا، يەنە ئېچىشقا بولىدىغان نۇرغۇن بوز يەرلەر بار.

**تاغارما دەرياسى.** بۇ، ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى تاغارما ئويمانلىقىدىكى ئاساسىي دەريا بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتردىن ئاشىدۇ. ئۇ، مۇز تاغنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ، تاغارما ئويمانلىقىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈپ، تاشقورغان دەرياسىغا قوشۇلىدۇ، ئادەتتە ئېقىم مىقدارى ئانچە كۆپ ئەمەس. 7-، 8- ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 4·4 — 5·3 سېكۇنت كوب مېترغا يېتىدۇ. بۇ دەريا ئېقىمىنىڭ يۈزى يەر يۈزى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئېگىزلىكتە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇيى

مېتردىن ئاشىدۇ. بۇ ئويمانلىقتا ئارشاڭ، بۇلاقلار كۆپ، يەر- ئاستى سۇ مەنبەسى مول. يەر ئاستى سۈيى شەرقىي جەنۇبتا تاغلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئويمانلىق ئوتتۇرىسىدا كۆلمى ناھايىتى چوڭ سازلىق ھاسىل بولغان.

ۋاچا - بەلدىر ئېدىرلىقى بۇ ئېدىرلىق جەنۇبتا ۋاچىدىن باشلىنىپ، شىمالدا بەلدىر يېزىسىنىڭ شېرىدى كەنتىگە يېتىپ بارىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2900 — 3500 مېتر كېلىدۇ.

ئاپتونوم ناھىيە دائىرىسىدە يەنە قۇغۇشلۇق، داتۇڭ، بۇرۇمسال، مەرياڭ قاتارلىق نۇرغۇن جىلغىلار بولۇپ، بۇ جىلغىلارنىڭ ھاۋاسى بىر قەدەر ئىللىق.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە مۇنداق بىرقانچە مەشھۇر دەريالارمۇ بار:

زەرەپشان دەرياسى بۇ دەريا ئاپتونوم ناھىيىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا بولۇپ، ناھىيىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. بۇ دەريا چوگۇرى چوققىسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. دەريا ئېقىمىنىڭ كەڭلىكى 200 — 300 مېتر كېلىدۇ، سۈيى ناھايىتى تېز ئاقىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 290 سېكۇنت كۇب مېتر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى ئۈچ مىليارد 415 مىليون كۇب مېتر، لېكىن بۇ دەريا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئانچە مۇھىم رول ئوينىمايدۇ. «زەرەپشان» دېگەن سۆز تاجىك تىلىدا «ئالتۇن دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى بۇ دەريادا خېلى كۆپ مىقداردا كېپەك ئالتۇن بار. بۇ دەريانىڭ ئاساسلىق ئىككى تارمىقى بار بولۇپ، بىرى كۆلچىن دەرياسى، يەنە بىرى شىنشال دەرياسىدىن ئىبارەت.

سىل 3- ئاينىڭ 23- كۈنى باشلىنىپ، 10- ئاينىڭ 30- كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى جايلار بويىچە ئوخشاش بولمايدۇ. شەرق تەرىپىدە 10.5 سېلسىيە گرادۇس، ئوتتۇرا رايوندا 3.2 سېلسىيە گرادۇس، جەنۇبىي ۋە غەربىي تەرىپىدە 22 گرادۇس بولىدۇ.

تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى مۇنداق: قىش كۈنلىرى قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، ئەتىيازدا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى مۇقىم ئەمەس، كۈزدە تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى تېز بولىدۇ، يەر تۈزۈلۈشىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەيدۇ. ئاتموسفېرادىكى تېمپېراتۇرىنىڭ تۈز سىزىق بويىچە كېمىيىش نىسبىتىگە ئاساسەن ھېسابلىغاندا، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شارائىتىدا، يەر تۈزۈلۈشىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ھەر 100 مېتىر ئاشقاندا، تېمپېراتۇرا 0.5 - 0.6 گرادۇس تۆۋەنلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى كىچىك، شەرق بىلەن غەربىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاۋاسى سوغۇق بولغاچقا قىراۋلىق كۈنلەر كۆپ، قىراۋسىز كۈنلەر ئاز بولىدۇ. بۇ ناھىيىدىكى ئوت - چۆپ ۋە زىرائەتلەرنىڭ سوغۇققا بەرداشلىق بېرىش كۈچى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتىكى قىراۋ (يەر ئۈستىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 0 سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا) ئۈششۈك ئاپىتى پەيدا بولمايدۇ. ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۈششۈكسىز مەزگىلى 114 كۈن بولۇپ، ئۈششۈك ئادەتتە 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنلىرى باشلىنىپ، 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنلىرى توختايدۇ.

يەر يۈزىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8 سېلسىيە گرادۇس، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 68.9 سېلسىيە گرادۇس، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 0 دىن تۆۋەن 43.8 سېلسىيە گرادۇس

ئاستا ئاققاچقا، دەريا بويىدىكى بىپايان تۈزلەڭلىكلەردە ئوت - چۆپ قويۇق ئۆسىدۇ.

ۋاچا دەرياسى ۋاچا دەرياسى ۋاچا - بەلدىر ئېدىرلىقىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ، شۈيدۈن، ئاقتام، پەس بەلدىر قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ تاشقورغان دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتر كېلىدۇ. سۇ مىقدارى ئانچە كۆپ ئەمەس، ئېقىمى ئاستا، بۇ دەريانىڭ ئىككى قاسىنىقىغا تېرىلغۇ يەتمىزلىرى ۋە ئوتلاقلار مەركەزلەشكەن.

## هاۋا كىلىماتى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكى ۋە غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىرىغا جايلاشقان. بۇ تاغلارنىڭ ئېگىزلىكى تىيانشاندىن ئېگىز بولسىمۇ، لېكىن نەم هاۋا قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى تۆۋەن بولغاچقا، قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە ئاتلانتىك ئوكياندىن كەلگەن نەم هاۋا شەرقىي پامىر ئېگىزلىكى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىدۇ، ياز كۈنلىرىدە ھىندى ئوكياندىن چىقىدىغان پەسىللىك شامالنى قارا قۇرۇم تاغلىرى توسۇپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ ناھىيىنىڭ هاۋا كىلىماتى سوغۇق بولۇپ، مۆتىدىل بەلباغدىكى ئىنتايىن قۇرغاق رايون تىپىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ هاۋارايى ئالاھىدىلىكى شۇكى، تېمپېراتۇرا تۆۋەن، هۆل - يېغىن ئاز، هاۋاسى شالاڭ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق، ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ چۈشۈشى كۈچلۈك، قىش ئۇزۇن، ياز قىسقا. ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، دېهقانچىلىق ئىشلىرى ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سېلسىيە 0 گرادۇستىن يۇقىرى بولغان تېمپېراتۇرا بولسا كۈن ئىسسىغان پەسىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق پە-

چىقىدىغان شىمال بۇرنى. ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر، كەڭلىكى ئاتتە كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ رايوندا يىلنىڭ ھەر قانداق مەزگىلىدە چىقىۋېرىدۇ. بۇ رايوندىكى بوران ئادەتتە 7 — 8 بال، قاتتىق بولغاندا ئون بالغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا كۆك تۇرۇقتىن قويسۇنسالاماكىچە بولغان ئارىلىقتا قاتتىق بوران چىقىدۇ. 1957 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولغان ستاتىستىكا ماتېرىياللارغا قارىغاندا، سەككىز بالدىن يۇقىرى بولغان بوران بىر يىل ئىچىدە 70.6 كۈنگە يەتكەن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاۋا كىلىماتىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىلغا ئايرىش مۇمكىن:

1) يېرىم باياۋان خاراكتېردىكى مۆتىدىل، قۇرغاق ھاۋا كىلىماتى رايونى. بۇنىڭغا تاغارما، تىزناپ، بەلدىر كەنتلىرى، تاشقورغان يېزىسىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - كەنتلىرى ۋە قىزغۇشلۇق يېزىسىنىڭ 1 - كەنتى، مەرياك يېزىسىنىڭ 1 - كەنتى ۋە چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانلىرى كىرىدۇ.

2) يېرىم باياۋان خاراكتېردىكى سوغۇق، قۇرغاق ھاۋا كىلىماتى رايونى. بۇنىڭغا دەپتەر، ۋاچا، نەسىلىك قوي فېرمىسى، تاشقورغان يېزىسىنىڭ 4 - كەنتى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانى، شۇنىڭدەك ئېگىزلىكتىكى يايلاقلارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ.

3) يېرىم باياۋان خاراكتېردىكى مۆتىدىل ھاۋا كىلىماتى رايونى. بۇنىڭغا داتۇڭ، بۇرۇمسال يېزىلىرى، قۇغۇشلۇق يېزىسىنىڭ 2 -، 3 - كەنتلىرى، مەرياك يېزىسىنىڭ 2 -، 3 - كەنتلىرى، دەپتەر يېزىسىنىڭ 3 - كەنتى كىرىدۇ.

دېمەك، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ زېمىنى كەڭ، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، ھاۋا كىلىماتى پەرقلىق بولۇپ، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى ئېگىز تاغلاردا يىل بويى قار-

بولىدۇ. يەر تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشى، يىللىق ۋە كۈنلۈك يەر تەۋرىنىشىنىڭ چوڭ بولۇشى تۇپراق يۈزىنىڭ ئىنتايىن قۇرغاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 68.3 مىللىمېتىر بولۇپ، جايلار بويىچە ئالغاندا، شەرقتە 95 — 200 مىللىمېتىرغا، غەربتە 200 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، جەنۇبتا 100 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ. پەسىللەردىكى ھۆل - يېغىن مىقدارىمۇ تەكشى ئەمەس، ھۆل - يېغىن كۆپىنچە 6 -، 8 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن، دېڭىز يۈزى بىلەن بولغان ئېگىزلىكى ئوخشاش بولمىغان جايلارنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، شەرقتىكى داتۇڭ، بۇرۇمسال، مەرياڭ يېزىلىرىدا يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، شەرقتىكى داتۇڭ، بۇرۇمسال، مەرياڭ يېزىلىرىدا يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 95.2 مىللىمېتىر بولسا، غەربتىكى تاغلىق رايونلاردا 106.4 مىللىمېتىر بولىدۇ.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى شامالنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سۈرئىتى 1.8 — 2.1 مېتىر / سېكۇنت ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، يىل بويى كۆپ ھاللاردا غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ. شامال كۈچى غەربتە شەرقتىكىدىن، ئىللىق پەسىلدە سوغۇق پەسىلدىكىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. 3 - ئايدىن 7 - ئايغىچە شامالنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتى 2.1 - 2.8 مېتىر / سېكۇنت. 11 - ئايدىن 1 - ئايغىچە 11.14 سېكۇنت مېتىر بولىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ ئاساسلىق شامال ئېغىزلىرىدىن بىرى بولغان شىنگوندىن چىقىدىغان بوران ئاساسەن 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدە كۆپرەك چىقىدۇ. ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 - 4 قېتىم، 7 - 8 بال بوران چىقىدۇ. ئەڭ ئېغىر بولغاندا 12 بالغا يېتىدۇ. يەنە بىرى قاراسۇدىن تاغارما، تىزناپ، تاشقورغانغىچە بولغان ئارىلىقتا

بايلىقلىرى ئۈستىدە تېخى تولۇق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى. شۇڭا، قولىمىزدا كان بايلىقلىرى، يەر ئاستى سۇ مەنبەسى قاتارلىقلار توغرىسىدا يېتەرلىك ماتېرىيال يوق. پەقەت بار ماتېرىياللار ئاساسىدىلا بىر قىسىم ئەھۋاللارنى تولۇق تونۇش-تۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1. يايلاق ۋە ئوتلاق

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي يايلاق ۋە ئوتلاقلىرى مەشھۇر پامىر يايلىقىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ يايلاق - ئوتلاقلىرى ئېگىز تاغلىق رايون ئوتلاق تىپىغا كىرىدۇ. ئوتلاقلار كۆپىنچە تاغ قاپتاللىرى ۋە تاغ جىلغىلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېگىزلەپ بارىدۇ. يايلاقلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 5 مىليون 595 مىڭ مو (سۇن-ئىي يايلاق - ئوتلاقلارمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) تاشقورغان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى بولغان قارا چۇقۇر ۋە خۇنجىراپ دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاغدۇمباش پامىر ئاپتونوم ناھىيە دائىرىسى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ يايلاق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئاساسەن، ئېگىز تاغلىق يايلاقلاردا ئۆسىدىغان پاكار ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ، بۇ ئوت چۆپلەر شالاڭ ئۆسسىمۇ، لېكىن ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى ھەم قۇۋۋەتلىك بولۇپ، ئۇنى چارۋىلار يېسە ناھايىتى تېز سەمرىيدۇ، ئادەتتە شۇ يىلقى قوزىنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 30 — 50 كىلوگرامغا يېتىدۇ. ئۇ يەر ئېگىز ھەم سوغۇق بولۇپ، سوغۇققا چىداشلىق بېرەلەيدىغان قوي، قوتاز قاتارلىق چارۋىلارنى بېقىپ ئۆستۈرۈش-كە ئەپلىك. ئۇنىڭدىن باشقا، تاغارما يېزىسىنىڭ قارا سۇ يايلىقى، ۋاچا يېزىسىنىڭ سەبەسۇ، شۈيدۇن يايلىقى، تاغارما ۋە بەلدىر يېزىلىرىغا قاراشلىق چىچەكلىك يايلىقى، مەرياڭ يېزىس-

مۇزلار كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدۇ. شەرق تەرەپتىكى جىلغىلاردا دەل - دەرەخلەر باراقسان ئۆسىدۇ، ئۈرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ھەمىشە بولۇپ تۇرىدىغان يەر تەۋرەش ھادىسىسىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تاشقورغاننىڭ جايلاشقان ئورنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان ئورۇنغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، دۇنيا بويىچە مەشھۇر يەر تەۋرەش بەلبېغى دائىرىسىگە كىرىدۇ. تاشقورغان يەر پوستى تۇراقلىق بولمىغان، دائىم يەر تەۋرەپ تۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى. تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىلىك يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىستانسىسىنىڭ 1981 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئېلىپ بارغان 25 ئايلىق كۆزىتىش خاتىرىسىدىن قارىغاندا، مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە جەمئىي 4355 قېتىم يەر تەۋرىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ بالدىن يۇقىرى بولغانلىرى 26 قېتىمغا يەتكەن، ئەڭ قاتتىق تەۋرىگەندە 7.8 بالغىمۇ يەتكەن.

## 2 - بۆلۈم مول تەبىئىي بايلىق

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايون بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ تەبىئىي يەر تۈزۈلۈشى ۋە تەبىئىي بايلىقىنىڭ ئورۇنلىششى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭ يېرى كەڭ، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي

## 2. چارۋا

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە، ئاساسلىقى قوي، ئۆچكە، قوتاز، كالا، ئات، توگە، ئېشەك قاتارلىق چارۋىلار بېقىلىدۇ. قوتاز ئېگىز تاغلىق رايوندا بېقىلىدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئۇ «ئېگىزلىك كېمىسى» نامى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. قوتاز سوغۇققا چىداملىق، بويى ئېگىز، گۆش كۆپ چىقىدۇ. قوتازنىڭ ئېغىرلىقى 500 — 700 كىلوگرام كېلىدۇ. گۆشتىن تاشقىرى قوتازنىڭ سۈتى يازدا چارۋىچىلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ۋە سۈت مەھسۇلاتى ياساشنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، قوتازنىڭ تېۋىتى يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ئۈچۈن ياخشى خام ئەشيا بولىدۇ. قوتازنىڭ تېرىسى قېلىن ۋە چىداملىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەلا سۈپەتلىك كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەشكە بولىدۇ. قوتاز يەنە تاغلىق رايوندىكى مۇھىم قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ، چارۋىچىلار ئېگىز تاغلىق رايونلاردا يايلاقتىن ـ يايلاققا كۆچۈش ۋە يۈك توشۇشتا ئاساسەن قوتازغا تايىنىدۇ.

تاغدۇمباش چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېسىل قوي سورتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل قوينىڭ بويى ئېگىز، يۇڭ ۋە قۇلاقلىرى ئۇزۇن، قۇيرۇقى چوڭ بولۇپ، سوغۇققا چىداملىق كېلىدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 90 — 100 كىلوگرام كېلىدۇ.

## 3. تېرىلغۇ يەر

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ پايانسىز كەتكەن يايلاق ـ ئوتلاقلىرىدىن باشقا يەنە دېھقانچىلىق قىلىنىشقا باب كېلىدىغان تېرىلغۇ يەرلىرىمۇ بار. قەدىمدىن تارتىپ، تاش-

نىڭ زەنگار، بېرولىك يايلىقى، داتۇڭ يېزىسىنىڭ لەبدى لوخ يايلىقىمۇ ئاشۇ تىپتىكى يايلاقلاردۇر.

يازدا ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ چىقىشقا باشلىغاندا، چارۋىلار تەدرىجىي ھالدا ئېگىز يايلاقلارغا كۆچۈرۈلىدۇ. قىش كۈنلىرى بولسا پەسرەك جىلغىلارنىڭ كۈنگەي جايلىرىدا قىشلىتىلىدۇ. جىلغا ئىچىدىكى سۇ بويلىرىدا ھاۋا مۆتىدىلرەك بولغاچقا، ئۇ يەرلەردە ئېگىز ھەم قويۇق ئۆسىدىغان ئوت - چۆپلەر بار. چارۋىچىلار كۈز كۈنلىرى بۇنداق يەرلەرنىڭ ئوت - چۆپلىرىنى ئورۇۋېلىپ، قىشلىق ئوت - چۆپ زاپىسى قىلىدۇ. تاغارما يايلىقى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى ئالار يايلىقى، ۋاچا يېزىسىنىڭ شىۋىدۇن يايلىقى، دەپتەر يېزىسىنىڭ چىرەلىق يايلىقى، بەلدىر يېزىسىنىڭ سەرغان يايلىقى قاتارلىقلار كەڭرى مەيدانلىق ئوتلاق ھېسابلىنىدۇ، بۇلار بىر تەرەپتىن قىشلىق ئوت - چۆپ بازىسى ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېگىز تاغلاردا يېقىش ئەپسىز بولغان ئات، ئېشەك، كالا قاتارلىق چارۋىلارنىڭ ئوبدان يايلىقى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيىنىڭ شەرقىدىكى زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى ئورغۇن جايلاردا تېخى تولۇق ئېچىلمىغان قەدىمكى تەبىئىي ئورمانلىقلار بولغاندىن تاشقىرى، يەنە كۆپ خىل چاتقال ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. بۇ يەرلەردە ئوت - چۆپ ئېگىز ئۆسكەچكە ھەم ھاۋاسى بىر قەدەر ئىسسىق بولغاچقا، سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلار بېقىلىدۇ.

تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، تاشقورغان رايونىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خىللىرى بىرقانچە يۈزدىن ئاشىدىكەن. بولۇپمۇ تاغ ئېتەكلىرىدىكى ئوتلاقلاردا ياز كۈنلىرى ئېچىلىدىغان رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر بەئەينى ئىشچان تاجىك ئايال - قىزلىرى كەشتىلىگەن جىلۋىدار كەشتىلەردەك ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلىپ، كىشىگە بىر خىل تەبىئىي گۈزەللىك بېغىشلايدۇ.

بولغاچقا، ياغاچ ماتېرىياللىرى پىششىق بولىدۇ. شەرقى تەرەپ-
تىكى بىر قەدەر ئىسسىق يەنى داتۇڭ، بۇرۇمسال، قۇغۇشلۇق،
مەرياك يېزىلىرىدا سۆگەت، تېرەك قاتارلىق ماتېرىيال ئورمان-
لىرىدىن تاشقىرى، ئۆرۈك، ئامۇت، ئالما، ياڭاق، ئۈجمە قاتار-
لىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىمۇ ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. ناھىيە بويىچە
ئومۇمىي ئورمان كۆلىمى 78 مىڭ 113 مو بولۇپ، ئۇ تاغ
قاپتاللىرىدىكى تەبىئىي ئورمان، جىلغىلاردىكى تەبىئىي ئورمان
ۋە سۈنئىي ئورمانلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

### 5. تۈرلۈك ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلار

«تاغلار ئومۇرتقىسى» دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكى ۋە
ھەيۋەتلىك كۆتۈرۈلگەن تاغلىرىدىكى مول تەبىئىي ئوتلاقلار چار-
ۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ياخشى شەرت-
شارائىت بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەرلەر يەنە
ھەر خىل ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ ھايات كەچۈرۈ-
شىدىكى ناھايىتى ياخشى ماكانىغا ئايلانغان. ئۇ يەرلەردە پامىر
ئارقىرى، كىيىك، پاپاي، قوڭۇر ئېيىق، بۆرە، چىل بۆرە، يىل-
پىز، تۈلكە، سۈلەيسۈن، سۇغۇر، ئاغمىخان، توشقان، ياۋا ئېشەك،
قۇلان، تۈلۈم چاشقان، قارمىش، ياۋا قوتاز قاتارلىق ياۋايى
ھايۋانلار ياشايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پامىر ئارقىرى دۇنيادا «مار-
كوپولو ئارقىرى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇ ئاز ئۇچرايدىغان
قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بىرى. مىلادى 1271 ـ،
1272 ـ يىللىرى ئىتالىيىلىك مەشھۇر سەيياھ ماركوپولو پامىر-
دىن ئۆتكەندە پامىر ئارقىرىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى ياۋروپاغا تو-
نۇشتۇرغانىدى، شۇنىڭدىن تارتىپ دۇنيادىكى نۇرغۇن سەيياھلار،
ھايۋاناتشۇناسلار، مەرگەنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پامىرغا كېلىپ،

قورغاندىكى تاجىك خەلقى بۇ يەرلەردە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، دەريالاردىن سۇ باشلاپ، تۈرلۈك زىرائەتلەرنى تېرىپ، دېھقانچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن تۇراقلىق كەنتلەرنى بەرپا قىلغان. ھازىر بۇ ناھىيىنىڭ مۇقىم تېرىلغۇ يېرى 63 مىڭ 356 مو بولۇپ، زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى بىر قەدەر ئىسسىق جايلاردا بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق تېرىغاندىن باشقا، يەنە كۆممىقۇناق، زىغىر قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغىلى بولىدۇ، قوغۇن - تاۋۇز تېرىشقىمۇ بولىدۇ.

ئاپتونوم ناھىيىدە يەنە ئۆزلەشتۈرۈپ ئوتلاق چاپمىلىق يېتىشتۈرۈشكە بولىدىغان ياكى تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان نۇرغۇن بىنەم يەرلەر ۋە دەشت - باياۋانلار بار. بۇ بىنەم يەرلەر ئاساسلىقى تاشقورغان دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا ھەم زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى راسكام قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان بولۇپ، زەرەپشان ۋە تاشقورغان دەريالىرى ئۇنى مول سۇ مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ خىلدىكى بوز يەرلەر ئاپتونوم ناھىيە دائىرىسىدە خېلى كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 230 مىڭ موغا يېتىدۇ. بۇ يەرلەرنى تەدرىجىي ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

### 4. ئورمانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئاساسلىقى تاغ سۆگىتى ۋە تاغ تېرەكى قاتارلىق دەرەخلەر ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يېقىلغۇ قىلىش ئۈچۈن، ئازغان، تىكەن (جىغان) قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلىدۇ. دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشى ئاستا (15 — 20 يىلدا ئاندىن ماتېرىيال قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ)

## 6. تورلوك ئېنېرگىيە مەنبەسى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە سۇ ئېنېرگىيە مەنبەسى، قۇياش ئېنېرگىيە مەنبەسى، شامال كۈچى ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە يەر ئاستى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى ناھايىتى مول، بولۇپمۇ سۇ ئېنېرگىيە مەنبەسى ناھايىتى مول. پەقەت زەرەپشان دەرياسىنىڭ كاچېك سۇ رايى پونكىتىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى سۇ ئېلېكتر قۇۋۋىتىلا تەخمىنەن 3 مىليون 110 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ. تاشقورغان دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىنىڭمۇ سۇ ئېنېرگىيە مەنبەسى مول بولۇپ، زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە.

تاشقورغان ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولغاچقا، ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل - يېغىن كەم، ھاۋاسى ئوچۇق، كۈن نۇرى چۈشىدىغان ۋاقىت كۆپ. مۆلچەرلىنىشىچە، يىل بويى كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 4474.7 سائەتكە يېتىدۇ. كۈن نۇرى چۈشىدىغان ئەمەلىي ۋاقىت 2831 سائەت بولۇپ، مۆلچەر ۋاقتىنىڭ 64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا يىل بويى قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىقلىق ۋە توك ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شامال كۈچى ئېنېرگىيە مەنبەسىمۇ ناھايىتى مول. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى شامالنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتى سېكۇنتىغا 2.1 مېتىر، يىللىق قارارلىق بوران سۈرئىتى سېكۇنتىغا 20 مېتىر، ئۆتكۈنچى قاتتىق بوران سۈرئىتى سېكۇنتىغا 40 مېتىرغا يېتىدۇ. شامال 3 -، 5 - ئايلاردا ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. شۇڭا شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئىشلەپ

پامىر ئارقىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى، ھازىرمۇ دۇن يادىكى ئورغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا قىزىقماقتا. پامىر ئارقىرىنىڭ پۇتلىرى ئۇزۇن كېلىدۇ، مۈڭگۈزى ئۇزۇن ھەم يوغان، ئۇ، دېڭىز يۈزىدىن 3500 — 5000 مېترغىچە بولغان ئېگىزلىكتە ياشايدۇ، پامىر ئارقىرى ئادەتتە توپ - توپ بولۇپ ياشايدۇ، ئۇ ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ، شۇڭا مەرگەنلەر ئۇنى ئاتماقچى بولسا، ئالدى بىلەن شامال يۆنىلىشىنى بايقاپ ئاندىن ئاتىدۇ، ئۇ، يازدا ئېگىز يايلاقلارغا چىقىپ ئوتلايدۇ، قىشتا پەسرەك جايلارغا چۈشۈۋالىدۇ، ئۇنىڭ گۆشى كۆپ ھەم مەززىلىك. تاجىك خەلقى ئۇنىڭ ئۆتىدىن دورا ئورنىدا پايدىلىنىدۇ. پامىر ئارقىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تىرىك ئېغىرلىقى 150 كىلوگرامدىن ئاشىدۇ، نەسىللىنىش ۋە تۇغۇش ئەھۋالى قويغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېيىق تاپىنى، ئۆتى، مېيى ۋە تېرىسىمۇ ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ.

ياۋا ئۇچار قاناتلاردىن بۈركۈت، سار، شۇڭقار، لاچىن، قارچىغا، ئۇلار، كەكلىك، پاختەك، كەپتەر، ياۋا ئۆردەك، سېغىزخان، ياۋا غاز، تۇرنا ۋە تۇرلۇك تاغ قۇشقاچلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە، بۈركۈت مەملىكەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئېسىل ئۇچار قانات ھېسابلىنىدۇ. پامىردىكى بۈركۈتلەر چوڭ، كۈچلۈك، كۆزى ئۆتكۈر كېلىدۇ. تاجىكلار بۈركۈتنى باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىمۇ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قىران بۈركۈتنىڭ قانات قېقىشىغا تەقلىد قىلىنغان. شۇڭقارمۇ خۇددى بۈركۈتكە ئوخشاش، كىشىلەر تەربىيىنى قىلىشىدىغان قۇشلارنىڭ بىرى. تاجىكلار ئادەتتە شۇڭقارنىمۇ باتۇرلۇق، مەرتلىكنىڭ سىمۋولى ھېسابلايدۇ. ياۋايى ئۇچار قاناتلار ئىچىدە بۈركۈت، شۇڭقار، ئۇلار قاتارلىقلار مىللىي تىبابەتچىلىكتە ئېسىل دورا ھېسابلىنىدۇ.

هاك تېشى قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنلەرنىڭ بارلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنداقلا تاشقورغان تاغلىرىدا قار لەيلىسى، ئەڭلىك ئوت، مەرزەنجۇش، قارامۇش، داڭگوي، يەر مەدىكى، قانتېپەر، ياۋا زىرە، توشقان مەدىكى، كۇنىياز، قامچىگۇل، مەمىرى، قۇمرى، ئادىراسمان، چاكاندا، ياۋا ئەمەن، موگۇ قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى بار. بۇنداق تەبىئىي بايلىقلار كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن مەبلەغ توپلاشتا، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 3 - بۆلۈم مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار قەبىلىسىنى تىنجىتىپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭنى مەمۇرىي جەھەتتىن بىۋاستە باشقۇردى. ئىلىدا جاڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى باشقۇردى، جەنۇبىي شىنجاڭدا مەسلىھەتچى ئامبال قويۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى، ھەر قايسى شەھەرلەردە خان ئامبال ياكى لەشكىرىي ئامباللارنى تۇرغۇزدى. تاشقورغاندا بولسا، سەرىكوي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، ئۇنى يەكەندە تۇرۇشلۇق خان ئامبىلىغا تەۋە قىلدى. سەرىكوي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك خەلق ئىچىدە يەنى ھاكىم بەگ ۋە ئىشىك ئاغا بەگ قاتارلىق يەتتە

چىقىرىش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇغانلىقى بو-لىدۇ. قاتنىشى قولايسىز بولغان بۇنداق تاغلىق رايونغا نىسبە-تەن ئېيتقاندا، شامال كۈچىدىن پايدىلىنىش ئىنتايىن زور ئەھ-مىيەتكە ئىگە.

تاشقورغاننىڭ يەر ئاستى ئىسسىقلىق مەنبەسى مول. ھازىرغا قەدەر تەكشۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تاشقورغاندا يانبۇ-لاق ئارىشىڭى، تاغارما ئارىشىڭى، مەرياڭ ئارىشىڭى، ئاچچىقتاش ئارىشىڭى، راسكامدىكى ئارىشاڭلار تېپى قاتارلىق مۇقىم ئارىشاڭلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە يانبۇلاق ئارىشىڭىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 72°C بولۇپ، ئېقىش مىقدارى سېكۇنتىغا 3.9 لىتر. بۇ ئارى-شاڭلار ئىچىدە پەقەت تاغارما ئارىشىڭىدىنلا بىر قەدەر تولۇق پايدىلىنىدۇ، قالغانلىرىدىن پايدىلىنىش يېتەرسىز بولۇ-ۋاتىدۇ. يانبۇلاق، تاغارما ئارىشاڭلىرىدا ھىدروگېن سۇلفىدتىن ۋە كالتسىي كاربونات كىسلاتاسى بار. تەكشۈرگۈچى خادىملار نۇر دولقۇنى ئارقىلىق، بۇ ئارىشاڭلاردا گۈڭگۈرت، ناترىي، كالتسىي، سترونتسى، مانگان، كۈمۈش، كرېمنىي ۋە بور قاتارلىق ئېلېمېنت-لارنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئارىشاڭلاردىن ئىسسىنىش، يۇيۇ-نۇش ئۈچۈن پايدىلانغىلى ھەمدە كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى، يەنە كېلىپ بەزىلىرىگە يەر ئىسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ پايدىلانسا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

### 7. ۋە باشقىلار

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە يەنە مول يەر ئاستى كان بايلىقلىرى بار. دەسلەپكى ئېنىقلاشلارغا قارىغاندا، ئالماس، دالاشپان، تۆمۈر، قاشتېشى، گۈڭگۈرت، كروستال، ئالتۇن، تاشپاختا، چىرىنتال، مىس، قوغۇشۇن، تۇز، زەرمارە،

قارايتتى. بۇ يەرلەرگە شايىم بېگ ۋە قۇرۇمشۇ بېگ قاتارلىق ئىككى مىلك بېگى، راڭكۆلدە بېكپولات بېگ، ئاقسۇدا توقۇر بېگ، توختامىشتا توختا بېگ، ئەلچۇردە قارا قۇل بېگ، مۇرغاپتا مەھەممەت يۇسۇپ بېگ، چىچىدۆۋەدە ئىشبارى بېگ قاتارلىق ئالتە نەپەر يۈز بېشى قويۇلغانىدى. بۇ جايلار تاكى چار روسسىيە قانۇنسىز ئىشغال قىلىۋالغانغا قەدەر تاشقورغان شۆبە ۋازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەنىدى①.

1912 - يىلى تاشقورغان شۆبە ۋازارىتى تاشقورغان ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاشقورغان (پولى) دا ئىنقىلاب پارتلىدى. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمەت — تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە تاشقورغان، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنى، قەشقەرنىڭ ئويتاغ — تاشمىلىق، ئاقتۇنىڭ 3 -، 4 -، 5 - رايونلىرى ۋە يېڭىسارنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1947 - يىلى تاشقورغاندا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە تاشقورغاندا ئۈچ يېزا ۋە بىر بازار تەسىس قىلىنغانىدى.

1. جۇڭسەن بازىرى. بۇ بازار ناھىيە تۇرۇشلۇق جايدا بولۇپ، ئۇنىڭغا چوڭ - كىچىك 11 كەنت قارايتتى، ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسى بەلدىر، جەنۇبىي چېگرىسى دەپتەر، شىمالىي چېگرىسى چۇشمان ئىدى.

---

① «پامىر ھەققىدىكى ماتېرىياللار 1 - توپلام»، گەنسۇ سىفەن داشۆ تارىخ پاكولتېتى تۈزگەن، 1978 - يىل 12 - ئاي، 43 - بەت.

خىل ئەمەل تەسىس قىلدى. سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىگە 27 كەنت قارايتتى، ئۇلار: 1) تاشقورغان، 2) تىزناپ، 3) چۇشمان، 4) تاغارما، 5) بەلدىر، 6) شىندى، 7) ۋاچا، 8) مەرياڭ، 9) قاراكىچىك، 10) تىيلى بۇلۇڭ، 11) (؟)، 12) چىراغتار، 13) (؟)، 14) ئالمىلىق، 15) قۇززى بەلدىر، 16) (؟)، 17) كۇسراپ، 18) موقور، 19) بۇلۇڭكۆل، 20) قارا كۆل، 21) قىزىلتاغ، 22) تىيت، 23) پاسراۋات، 24) كىسىك...... قاتارلىقلار①.

1912 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 3 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى) چىڭ ھۆكۈمىتى سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىنى تاشقورغان مۇداپىئە ۋە جازا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى شۆبە ۋازەرەتكە ئۆزگەرتتى. بۇ ۋازەرەتنىڭ قارمىقىدىمۇ 27 كەنت تەسىس قىلىندى. بۇ كەنتلەر: 1) تاشقورغان، 2) تىزناپ، 3) چۇشمان، 4) تاغارما، 5) بەلدىر، 6) شىندى، 7) ۋاچا، 8) مەرياڭ، 9) دەپتەر، 10) داتۇڭ، 11) كىچىك تۇڭ، 12) قۇغۇشلۇق، 13) تار، 14) تويلى بۇلۇڭ، 15) يانبۇلاق، 16) قۇزىزى، 17) تار باش، 18) ئارپىلىق، 19) سۇ باش، 20) كەڭ شىۋەر، 21) مۇجى، 22) گەز، 23) باغ، 24) چارلۇڭ، 25) كۇسراپ، 26) بۇلۇڭكۆق، 27) ئويتاغ. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە راڭكۇل، ئاقسۇ، توختامىش، ئەلىنچۇر، مۇرغاپ، چىچىدۆۋە قاتارلىق جايلارمۇ تاشقورغان شۆبە ۋازەرىتىگە

---

① بۇ جايلارنىڭ ئىسمى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەلىپبەكنى سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىنىڭ باش بەگلىكىگە تەيىنلەش توغرىسىدىكى پەرمانىدىن ئېلىندى. ئەسلى پەرماندا دادىسىنىڭ قارمىقىدىكى 19 كەنت ۋە نايىمانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا توققۇز كەنت، جەمئىي 28 كەنت دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، جاي ناملىرى بويىچە يازغاندا بەش كەنتنىڭ ئىسمى يېزىلماي قالغان. بۇ يەردە ئەسلىدىكى تىزىملىك بويىچە ئېلىندى. «چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەلىپتېكنى سەرىكۆي دىيارىنىڭ باش بەگلىكىگە تەيىنلەش توغرىسىدىكى پەرمانى» دىن ئېلىندى.

قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى 2 - رايون ۋە 4 - رايونلاردىكى قوغۇشلۇق كەنتىدىن باشقا جايلار قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى.

1954 - يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيە ئىككى رايون، ئون يېزىغا بۆلۈندى. تاغارما، تىزناپ، تاشقورغان، دەپتەر يېزىلىرى 1 - رايونغا، ۋاچا، مەرياك، بۇرۇمسال، تۇك، قوغۇشلۇق، بەلدىر يېزىلىرى 2 - رايونغا ئايرىلدى. خەلق گوڭشېسى ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، دەسلەپتە يەتتە گوڭشې قۇرۇلغانىدى، ھازىر ئون يېزا، بىر نەسىللىك قوي فېرمىسى، بىر چارۋىچىلىق - ئورمانچىلىق مەيدانى، 33 كەنت، يېزا باشقۇرۇشىدىكى يەتتە چارۋىچىلىق مەيدانى، 42 مەھەللە بار.

ئاپتونوم ناھىيىلىك ئىدارە - ئورگانلار تاشقورغان يېزىسىنىڭ ۋارشېدى كەنتىدە بولۇپ، تاشقورغان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ شەرقىدە تاشقورغان دەرياسى، غەربىدە سەرىكۆي تاغلىرى بار. ناھىيە بازىرىنىڭ يېنىدا يەنە قەدىمكى تاشقورغان تاش قەلئەسىنىڭ خارابىسى بار. بۇ قەلئە تاشقورغان رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، مۇشۇ تاغلىق رايوندا بەرپا قىلغان سەلتەنەتلىك مەدەنىيەت گۇۋاھچىسى بولۇپ تۇرماقتا. يېقىندا بۇ يەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تاشقورغاندىكى نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ بىرى قىلىندى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ يەر گەرچە ناھىيە بازىرى ھېسابلانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەقەت ئىككى دەرۋازىسى بار، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر كېلىدىغان بىرلا تار كوچا بولۇپ، بىر قانچە چەرچىن مال دۇكىنىلا بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈ-

2. شىمالىي يېزا. بۇ يېزىغا چوڭ ـ كىچىك سەككىز كەنت قارايتتى. ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسى دەرشات، جەنۇبىي چېگرىسى چۇشمان، شىمالىي چېگرىسى توقاي ئىدى.

3. شەرقىي جەنۇب يېزا. بۇ يېزىغا چوڭ ـ كىچىك ئالتە كەنت قارايتتى. ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسى كۇسراب، غەربىي چېگرىسى چىچەكلىك، جەنۇبىي چېگرىسى بۇرۇمسال، شىمالىي چېگرىسى يېڭى داۋان ئىدى.

4. شېڭخې يېزىسى. بۇ يېزىغا چوڭ ـ كىچىك 15 كەنت قارايتتى. ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسى ئەزغەر، غەربىي چېگرىسى دەپتەر، جەنۇبىي چېگرىسى (؟)، شىمالىي چېگرىسى شىندى ئىدى①.

1949 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تاشقورغانغا كەلدى، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق پامىر ئېگىزلىكىدە لەپىلدىدى. 1950 - يىلى تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 1950 - يىلى 5 - ئايدا پۈتۈن ناھىيە ئىككى رايون، 12 يېزىغا ئايرىلدى. بىرىنچى رايونغا تاغارما، تىزناپ، ۋارشېدى (تاشقورغان)، دەپتەر، گەز، چاقاراغىل، بۇلۇڭكۆل، سۇبېشى قاتارلىق سەككىز يېزا؛ ئىككىنچى رايونغا، چارلۇڭ، كۇسراب، ئالمىلىق، پاسراۋات قاتارلىق تۆت يېزا تەۋە بولدى. 1952 - يىلى پۈتۈن ناھىيە تۆت رايون، 17 يېزىغا ئايرىلدى. بىرىنچى رايونغا تاغارما، تىزناپ، ۋارشېدى، دەپتەر يېزىلىرى؛ ئىككىنچى رايونغا كۇسراپ، چارلۇڭ، تار پاسراۋات يېزىلىرى؛ ئۈچىنچى رايونغا ۋاچا، بەلدىر، مەرياڭ، داتۇڭ، بۇرۇمسال يېزىلىرى؛ تۆتىنچى رايونغا سۇ بېشى، بۇلۇڭكۆل، گەز، چاقاراغىل يېزىلىرى قارايدىغان بولدى.

1954 - يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

① («پولى ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى»، 1948 - يىلى. ئەسلى ماتېرىيال شىنجاڭ تاشقى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.)

جاينىڭ خارابىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ)، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ دەرشات جىلغىسى ئارقىلىق تاشقورغان ناھىيىسىگە كېلىدۇ. بۇ يولنى «يىپەك يولى» نىڭ تاشقورغاندىن ئۆتىدىغان قىسمىنىڭ ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ يول ئەتراپىدا ياز كۈنلىرى ئوت-چۆپلەر ئۆسىدىغان بولغاچقا سودا كارۋانلىرىنىڭ ئات-ئۇلاغلىرى ئوت-چۆپ، سۇدىن قىسىلمايدۇ. قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر سەيياھلار، مەسىلەن، تاڭ شۈەنجاڭ، ماركوپولو قاتارلىقلارنىڭ مۇشۇ يول بىلەن ماڭغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بولۇپمۇ تاڭ شۈەنجاڭنىڭ چىچەكلىك داۋىنىدا ئۆلگەن بىرقانچە مىڭ سودىگەر ۋە ئات-تۆگىلەر ھەققىدە يازغانلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. چىچەكلىك داۋىنى تولىمۇ خەتەرلىك جاي بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىدە مۇز تاغ چوققىسى بار، تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن سوغۇق ھەم پات-پات ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ياز كۈنلىرى باشقا يەرلەردە پىژغىرىم ئىسسىققا چىدىغىلى بولمايدۇ، لېكىن چىچەكلىك داۋىنى ئەتراپىدا بولسا ئادەم ۋە ھايۋانلار مۇزلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. تاڭ شۈەنجاڭ مانا مۇشۇ ئەھۋالنى بايان قىلغان. قەشقەر تەرەپتىن تاشقورغانغا كىرىدىغان يەنە بىر يول بار، ئۇ يول قەشقەردىن چىقىپ توققۇزاق، تاشمىلىق، گەز جىلغىسى، بۇلۇڭكۆل، كىچىك قارا كۆل، سۇباشلارنى بېسىپ، مۇز تاغنىڭ غەربىدىكى ئۇلۇقراۋات داۋىنىدىن ئۆتۈپ، تاغارما يايلىقى ئارقىلىق تاشقورغانغا كېلىدۇ. ھازىرقى قەشقەر-تاشقورغان تاش يولى — مانا مۇشۇ يولنى ئاساس قىلغان. لېكىن ئىلگىرى بۇ يولدا قاتنىغۇچىلار ئانچە كۆپ بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ياز كۈنلىرى گەز دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلغايغاندا، ئات-ئۇلاغلارنىڭ ئۆتۈشى قىيىن ئىدى، قىش كۈنلىرى دەريا مۇز تۇتۇپ يول ئېچىلىسىمۇ،

مىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ناھىيە بازىرى يېڭىباشتىن قۇرۇلدى، كوچىلىرىغا ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى. ئاھالە ئۆيلىرىدىن باشقا ئىدارە، مەكتەپ، سودا دۇكانلىرى، ئاشخانا، كىنوخانا، تەنتەربىيە مەيدانلىرى سېلىندى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، ئۆتمۈشتىكى جىن چىراغلارنىڭ ئورنىنى ئالدى.

## 4 - بۆلۈم قاتناش ئەھۋالى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قەدىمدىن تارتىپلا ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلىدىغان «يىپەك يولى» لىنىيىسىدىكى بىر «ئۆتەڭ» بولۇپ كەلگەنىدى. «يىپەك يولى» نىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي تارماق يوللىرى بۇ ناھىيىنى كېسىپ ئۆتەتتى. سان - ساناقسىز سودا كارۋانلىرى، دوستلۇق ئەلچىلىرى، مەشھۇر سەيياھلار، ئالىملار، ھەج - تاۋاب قىلغۇچىلار ۋە دۆلەت ئەربابلىرى جاپا - مۇشەققەتكە قارىماي، ھېسابسىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇشۇ يوللار ئارقىلىق ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغانىدى ۋە دوستانە بېرىش - كېلىش قىلغانىدى. «يىپەك يولى» قەشقەر ۋە يەكەندىن ئىبارەت ئىككى رايوننى بېسىپ ئۆتۈپ تاشقورغان دائىرىسىگە كىرىدۇ. قەشقەردىن كىرگەن يول يېڭىسارنىڭ ئېگىز يار دېگەن يېرى ئارقىلىق قاشقا سۇ داۋىنىدىن ئېشىپ چىل گۈمبەز ① دېگەن يول بىلەن قوشۇلىدۇ. ئۇ يەردىن چىقىپ، تەرىيات داۋىنىدىن ئېشىپ، تەڭگى تار جىلغىسىغا كىرىپ، چىچەكلىك داۋىنىغا كېلىدۇ (بۇ يەردىمۇ قەدىمكى قونالغۇ

① چىل گۈمبەز — 40 گۈمبەز دېگەن مەنىدە، ئۇ، ئىلگىرى كارۋانلارنىڭ قونالغۇ جايى بولغان. ھازىرمۇ ئۇ يەردە گۈمبەز خارابىسى بار،

مۇھىم قاتناش تۈگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ دوستانە بېرىپ-كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. بولۇپمۇ ئېلىمىز ھەرقايسى ئەللەر بىلەن تۈرلۈك سودا ۋە باشقا ئالاقىلىرىنى كۈچەيتىشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەھەتتە تېخىمۇ زور روللارنى ئوينىغۇسى.

لېكىن گەز جىلغىسىغا كىرگەندىن كېيىن بىرقانچە كۆلگىچە تاش - قىيالار كۆپ بولغان جىلغىدا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا چوڭ - چوڭ سودا كارۋانلىرىنىڭ بۇ يولدا مېڭىشى ئاسان ئەمەس ئىدى.

دېمەك، تاشقورغان ناھىيىسى قەدىمدىن تارتىپلا مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەنىدى. كارۋانلار، سەيياھلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە بىرقانچە كۈن ئارام ئېلىپ، ئاندىن سەپەرنى داۋاملاشتۇراتتى.

ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ جەنۇبقا سوزۇلغان يول غىجەكبويى دېگەن يەرگە بارغاندا (تاغدۇمباش دەرياسى بىلەن قاراچۇقۇر دەرياسى قوشۇلىدىغان جايدا) ئىككىگە ئايرىلىدۇ، بۇنىڭ ئاساسىي تارماق يولى غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى قاراچۇقۇر جىلغىسى ئارقىلىق ماڭىدۇ. بۇ يول بىلەن مېڭىپ غەرب تەرەپتىن كېلىدىغان يول قوشۇلىدىغان پەيىك جىلغىسى ئېغىزىغا بارغاندا، بۇ يول يەنە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىرى غەرب تەرەپتىكى چاررۇسىيە ئىشغال قىلىۋالغان مۇزغاپ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، يەنە بىرى ئۇدۇل تاغ جىلغىسىنى بويلاپ، مىڭ تېكە داۋىنى ئارقىلىق كەنجۇتكە كىرىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تارماق يول داۋاملىق ھالدا قاراچۇقۇر جىلغىسىنى بويلاپ مېڭىپ كۆك تۇرۇق دېگەن يەرگە بارغاندا، ئۇمۇ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، بىر يول كەلىك داۋىنى ئارقىلىق كەنجۇتكە ئۆتىدۇ، يەنە بىرى ۋاغجىردۇي داۋىنى ئارقىلىق ۋاخان رايونىغا كىرىپ كېتىدۇ. غىجەكبويىدىن ئايرىلغان تاغدۇمباش دەرياسىنى بويلاپ خۇنجىراپ داۋىنى ئارقىلىق پاكىستانغا ئۆتىدۇ. ھازىر جۇڭگو - پاكىستان تاش يولى مۇشۇ قەدىمكى يولنى ئاساس قىلىپ ياسالغان.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قەدىمكى «يىپەك يولى» لىنىيىسىدە

ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە ئىنتايىن باب كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمىي ماكانلىرىنىڭ بىرى بولغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە يازما خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمدىن تارتىپ نۇرغۇن شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ياشىغان، ئەنە شۇ قەبىلىلەر بۈگۈنكى تاجىك مىللىتىنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرىدۇر.

«تاجىك» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى ھەققىدە تۈرلۈك رىۋايەتلەر بار، ئۇلاردا ئېيتىلىشىچە، بۇ نامنىڭ ئەسلى مەنىسى «شاھ تاجىسى» دېگەن بولىدىكەن. «تاجىك» دېگەن بۇ ئاتالغۇ بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى يېزىپ قالدۇرۇلغان تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇ «تاج» دېگەن سۆزگە «ىك» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. بۇ نام تاجىكلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولغان ساك قەبىلىلىرى كىيگەن ئۇچلۇق بۆكتىن كېيىن كېلىپ چىققان. قەدىمكى پىرسىيە تاش ئويمىلىرى، قەدىمكى يونان يازما خاتىرىلىرى ۋە ئىلىمىزنىڭ تارىخىي يازمىلىرىدا ساكلار ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مىلادى VII ئەسىردىكى بۇخارا ۋە خارازىملىقلارنىڭ پۇلىغا بۆك كىيگەن بۇت ۋە مۇقەددەس ئوت يېنىۋاتقان نەزىر-چىراغ سۇپىسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ بۆك «تاج» دەپ ئاتالغان. ئۇنى كىيگۈچىلەر بولسا تاجىك دەپ ئاتالغان. كېيىن ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتەشپەرەسلەرمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، ئەرەبلەر ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ «تاجىك» ھېسابلانغان. شۇ سەۋەبتىن، ئىلىمىزنىڭ يازما تارىخىدا ئەرەب ئاپباسلار ئىمپېرىيىسىمۇ «تاجىك» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «大食»، «大后» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. مىلادىدىن 3000 — 1000 يىل ئىلگىرىدىكى

# ئىككىنچى باب

## خىلقەت دىياردىكى تاجىك خەلقى

تاشقورغان ناھىيىسى تاجىكلارنى ئاساسي گەۋدە قىلغان، كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، قېرىنداشلارچە دوستلۇق ئورناتتى.

1984 - يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ ناھىيىدە جەمئىي 21 مىڭ 555 ئادەم بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 17 مىڭ 621 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 82 پىر-سەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇيغۇرلار 1799 بولۇپ، سەككىز پىرسەنتىنى، قىرغىزلار 1299 بولۇپ، ئالتە پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، خەنزۇ، شىۋە، خۇيزۇ، جۇاڭزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، دۇڭشاڭ، ئۆزبېك، بەيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر تۆت پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

### 1- بۆلۈم تاجىكلارنىڭ شەكىللىنىشى

تاجىكلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي شارائىتى

سوغدىيانىدىلا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزنىڭ قەشقەر، بېشبالىق، تۇرپان قاتارلىق جايلىرىدا، ھەتتا چاڭئەندىمۇ سوغدىلار ئولتۇراقلاشقانىدى. ئېلىمىزنىڭ پامىر رايونى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن جايلاردا شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن قەبىلىلەر ياشىغانىدى. ھازىرقى زامان ئېلىمىز تاجىكلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تاشقورغان رايونىدا مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ئاساسىدا قىرپاند بەگلىكى قۇرۇلغانىدى. شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە يېزىلىشىچە قىرپاندلىقلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى قەشقەرلىكلەرگە ئوخشايدىكەن، بۇ بەگلىك تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى يىللىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئاھالىسى ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئاساسلىق ئەجدادى ھېسابلىنىدۇ.

تاجىك مىللىتى بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇش جەريانىدا ناھايىتى كۆپ سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. كۆپ قېتىم چەت ئەللەر ۋە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىدى ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلدى. مىلادىدىن 550 يىل بۇرۇن، كۇرۇس قۇرغان ھەربىي قۇلدارلىق ئىمپېرىيە ئۆز ۋاقتىدا بىرقانچە دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ تاجاۋۇز قىلىدۇ ۋە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ، ماساگېتلارنىڭ داڭدار مەلىكىسى تومارىس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. دارىيوس (دارا) I مۇ يەنە ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ، نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋالىدۇ. لېكىن ساكلارغىلا دۇچ كەلگەندە مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ ئىش شىرەك رىۋايىتى بىلەن مەشھۇر. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329—330 يىللىرى ئالېكساندىر ماكدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) ھىندىقۇش تاغلىرىدىن

دەۋرىگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر تاش قورال دەۋرىدىن بىرونزا دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىقتىن باشقا يەنە كۇلالچىلىق، توقۇمىچىلىق، مېتاللىچىلىق، زەرگەرچىلىك قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللاندى. مىلادىدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرقانچە كۈچلۈك دۆلەت ۋە كىچىك بەگلىكلەر بارلىققا كەلدى. بۇ دۆلەتلەردىن مۇھىملىرى خارەزم ۋە باكتىرىيە بولۇپ، كىچىك بەگلىكلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا بۇ ئىككى دۆلەتكە تەۋە بولدى. بۇ جايلاردا خارەزملىقلار، باكتىرىيانلار، سوغدىلار، ساكلار، ماساگىتلار ياشايتتى. ئۇلار شۇ ۋاقىتتا ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان باشقا ئاھالىلەر بىلەن بارا - بارا بىرلىشىپ بىر پۈتۈن تاجىك مىللىتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ قەدىمكى دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز يېزىقلىرىنى بەرپا قىلدى. مىلادىدىن ئۈچ، تۆت ئەسىر بۇرۇن، خارەزم يېزىقى، ئىككى ئەسىر بۇرۇن سوغدى يېزىقى پەيدا بولغانىدى. سوغدى يېزىقى ئەرەب يېزىقىغا ئوخشاش ئوڭدىن سولغا يېزىلىدىغان يېزىق بولۇپ، سوغدىلار ئۇزاق قوللانغان سوغدى يېزىقىنى ئۆز تىلىنىڭ تاۋۇش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئېلىپبەلىك يېزىق ھالىتىگە كەلتۈرگەنىدى. يېقىنقى دەۋرلەردە سوغدى يېزىقىدىكى پارچە - پۇرات ھۆججەتلەر ئېلىمىزدىن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن تېپىلدى. 1938 - يىلى مۇغ تېغىدىكى قەدىمكى سوغدى قەلئەسى خارابىسىدىمۇ بۇ ھەقتىكى ئاسارەتىقىلەر تېپىلدى. سوغدىلار ۋە باكتىرىيانلار قەدىمكى «يىپەك يولى» ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار سودا - سېتىق ئىشلىرىغا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئۆز قولىدا تۇتقان. شۇڭا سوغدىلار

ئەسىرگە كەلگەندە، ماۋرا ئۇننەھىر ۋە خوراساننىڭ ئەمىرلىكىنى تاجىك مىللىتىدىن بولغان ئاقسۆڭەكلەر ئۆتەشكە باشلىدى، دەسلەپتە تاھىر تاھىرىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن سەففار تاھىرىسى، ئاخىرىدا سامانى تاھىرىسى ئەمىر بولدى. مىلادى 875 - يىلى سامانىلاردىن ناسىر بىننى ئەھمەد سامانى ماۋرا ئۇننەھىرگە، ئۇنىڭ ئۇكىسى ئىسمائىل بىننى ئەھمەد سامانى خوراساننىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەندى، 892 - يىلى، ناسىر سامانى ئۆلگەندىن كېيىن، ماۋرا ئۇننەھىرنىڭ ئەمىرلىكىنمۇ ئۆز ئۇستىگە ئالدى. ئىسمائىل سامانى ئىسمائىل بىننى ئەھمەد سامانى خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، كاسپى دېڭىزنىڭ غەربىدىن پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلارنى — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي، ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقى ۋە ئافغانىستاننىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلىككە كەلگەن فېئوداللىق سۇلالە سامانىلار سۇلالىسىنى قۇردى. سامانىلار سۇلالىسى دەۋرى تاجىك مىللىتىنىڭ تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ئاساسىدا شەكىللىنىۋاتقان بىر پۈتۈن تاجىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى تاماملاندى، بۇ مەزگىلدە تاجىكلارنىڭ سودا - ئالاقە، دېھقانچىلىق، مېتالچىلىق، بىناكارلىق ۋە باشقا ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى؛ بۇخارا، مەرۋىنى، سەمەرقەنتتەك چوڭ - چوڭ شەھەرلەر قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپ — مەدرىسلەردە دىنىي ئىلىم ئوقۇتۇلغاندىن تاشقىرى، جۇغراپىيە، تارىخ، تىبابەتچىلىك، ھېساب، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەرمۇ ئوقۇتۇلدى. مۇشۇ دەۋردە تاجىكلاردىن نۇرغۇن مەرىپەتپەرۋەر ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. مەسلەن: ئوتتۇرا ئەسىردە شەرق ئارىستوتېلى دەپ ئاتالغان ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا؛ ئەبۇ

ئۆتۈپ باكتېرىيانلار زېمىنىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇ يەردىن ئامۇ دەرياسىنىڭ بويلىرىغا كېلىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 327 - يىلى سوغدىيانانى بويسۇندۇرىدۇ، سوغدىلار ئۇنىڭ ئىستېلاسىغا قارشى ئۈچ يىل كۆرەش قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن، يونان مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى گرېك — باكتېرىيە مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

مىلادىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى بولغان توخارلار ئۇلۇغ كۇشان خاندانلىقىنى قۇردى، بۇ دەۋردە بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتى راۋاجلاندى، مۇشۇ مەزگىلدە ئېلىمىز تاجىكلىرى ئولتۇراقلاشقان تاشقورغان رايونىدىكى قىرپاندىلىقلارمۇ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى.

مىلادى VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە ئەرەبلەر ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئىسلام دىنىنى قورال كۈچى ئارقىلىق تارقىتىشقا باشلىدى، تاجىكلار ئەرەب ئىستېلاسىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلدى. لېكىن ئۇلار سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاخىر ئەرەبلەر تەرىپىدىن بىر - بىرلەپ ئىستېلا قىلىندى. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يەرلەرنى ماۋرا ئۇننەھىر ۋە خوراساندىن ئىبارەت ئىككى مەمۇرىي رايونغا ئايرىدى. بۇ يەرلەرنى ئەرەب خەلىپىلىكى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئەمىرلەر ئارقىلىق ئىدارە قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئەرەب تىلى پۈتۈن ئەرەب خەلىپىلىكى زېمىنىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، سىياسىي، ئىلمىي ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلى بىلەن يۈرگۈزۈلەتتى، لېكىن بۇ ئەھۋال ماۋرا ئۇننەھىر ۋە خوراساندىكى يەرلىك خەلق تىلىنى يوقىتالمىدى. مىلادى IX

بۆلۈنۈشىدە مۇئەييەن رولغا ئىگە. مەسىلەن، جۇغراپىيىلىك
مۇھىتقا ئوخشاشلا تىل جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقى
زامان تاجىكلىرىمۇ تۈزلەڭلىك تاجىكلىرى ۋە تاغلىق تاجىكلار
دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. تۈزلەڭلىك تاجىكلىرىنىڭ سانى كۆپ بولۇپ،
ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجىكىستان ئىتتىپاقىداش جۇمھۇر-
يىتىدە ۋە ئافغانىستاندا ياشايدۇ. تاغلىق تاجىكلار دېگىنىمىز
ئاساسلىقى پامىر ئېگىزلىكى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىدا ياشايدىغان
تاجىكلارنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىز تاجىكلىرىمۇ تاغلىق تاجىكلار
ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى سەرىكۆي
تاجىكلىرى، ئۇلار تاشقورغاننىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولۇپ، ئۇلار
شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرنىڭ تىلىدا
سۆزلىشىدۇ. XVI ئەسىردىن باشلاپ شۇغنان، ۋاخان رايونلى-
رىدىن نۇرغۇن تاجىك ئاھالىلىرى تاشقورغان رايونىغا كۆچۈپ
كېلىپ، يەرلىك ئاھالىلەرگە قوشۇلۇپ، ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ
تەركىبىنى كۆپەيتتى. ۋاخان تاجىكلىرىمۇ تاغ تاجىكلىرىنىڭ
بىر قىسمى، ئۇلار ۋاخان كارىدورىدا ياشايدىغان شەرقىي ئىران
تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمىي قەبىلە، بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ
يازما تارىخلىرىدا ئېنىق خاتىرىلەر بار. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
ۋاخان رايونى تاڭ سۇلالىسىغا قاراشلىق بىر بەگلىك ئىدى.
تاڭ سۇلالىسى پامىرنىڭ جەنۇبىدا قوش جەۋلان تۇتۇق مەھكى-
مىسى قۇرۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ۋاخان ئايمىقىنى تەسىس قىل-
غانىدى. ۋاخان خانى چاڭئەنگە زىيارەتكە بارغانىدى. مىلادى
758 - يىلى ۋاخان خانى تاڭ خاندانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتكەندە،
تاڭ خاندانلىقى ۋاخان خانى خىششات جۇبىشقا «لى» فامىلىسى
تەقدىم قىلغانىدى. ۋاخان رايونى سەرىكۆي رايونى بىلەن چېگ-
رىداش بولغانلىقى، بۇ ئىككى رايوندىكى خەلق شەرقىي ئىران
تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىدىكى

رەيھان بىرونى، ئەبۇ ھۈسەين ھومار، ئەبۇ ساھىل مەسىمى قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىدىكى تۈرلۈك ئىلىملاردا دۇنياۋى شۆھرەت قازىنىپ، ئىنسانىيەت ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

سامانىلار سولالىسى دەۋرىدە تاجىكلار يەنە قەدىمكى باكتىرىيە، سوغدىيان ۋە خوراسانلار تۇتىشىدىغان جايدىكى يەرلىك تىللار ئاساسىدا، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەدەبىي تىلىنى تاكاممۇللاشتۇردى. بۇ تىل شۇ چاغدا دارى - تاجىك ياكى دارى - پارس تىلى دەپ ئاتىلاتتى. بىرلىككە كەلگەن تاجىك (دارى) تىلى تاجىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. نۇرغۇن مەشھۇر ئەدىب - شائىرلار مۇشۇ تىلدا كاتتا - كاتتا ئەسەرلەرنى يازدى. پەقەت سامانىلار دەۋرىدىلا ئەبۇ ھۈسەيىن مۇھەممەد بىننى مۇھەممەد مۇرادى، توخارى، ئەبۇ ھۈسەيىن لىسائىي، دەقىقى، ئابدۇللا جەئپەر رۇداكى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئابدۇشۇكۇر بەلخى، ئەبۇ ئوبەيدى بۇخارائىي، خىسراۋنى، سەپھرى بۇخارايى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

تاجىك ئەدەبىي تىلى موڭغۇللار دەۋرىگە كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ شەرقىدە خەلقئارا تىل بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا ئەسىر تاجىك شائىرلىرىدىن ئۆمەر ھەييام، ناسىر خىسراۋ، سەئىدى، ھاپىز، جالالىددىن رومى، ئابدۇراخمان جامى ۋە باشقىلار ئۆز ئانا تىلىدا ئاجايىپ مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشتا نۇرغۇن تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەسىرلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ زامانىمىزغىچە كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كەلمەكتە.

تاجىك تىلى، تاجىكلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قەبىلىلەرگە

## 1. ئائىلە ۋە نىكاھ

تاجىكلار تارىختىن بۇيان فېئودال خاراكتېردىكى ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرىدىكى ئادىتىدە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان ئوغۇللار ئاتا - ئانىسىدىن ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتمەيتتى، ھەتتا بىر تۇغقان ئاكا - ئۇكىنىڭ باللىرىمۇ ئايرىلماي بىر ئائىلىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى، مانا مۇنداق ئائىلە چوڭ ئائىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەت ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ خىل چوڭ ئائىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، بىر تەرەپتىن، تاجىكلارنىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ ئىنكاسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي سەۋەبلەرنىڭ نەتىجىسى. تاجىكلار قەدىمدىن تارتىپ ھەم چارۋىچىلىق، ھەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پامىر ئېگىزلىكىدىكى تەبىئىي شارائىت بىرقەدەر ناچار، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئېغىر ھالدا كەمچىل، بۇنداق شارائىتتا، يېتەرلىك ساندىكى ئەمگەك كۈچى بولمىسا بولمايتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇنداق چوڭ ئائىلە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ تۈرلۈك باج، ئالۋان - ياساقلارنى ئائىلە بېشىغا چېچىشىمۇ ئائىلىلەرنىڭ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشىنىڭ بىر خىل سەۋەبى بولۇپ قالغان.

بۇنداق چوڭ ئائىلىدە ئائىلە باشلىقى شۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدىكى باش ۋەكىل ھېسابلىناتتى. شۇ ئائىلىدىكى بالا - چاقىلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ئەمرىگە بويسۇناتتى. ئەگەر بالا - چاقىلار ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىسا،

بېرىش - كېلىش ۋە ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىش زادىلا توختاپ قالمىدى. ئۇلار سەرىكۆي رايونىغا بۇرۇنراق كۆچۈپ كەلگەنلەرىنى ھازىر پەرق ئېتىش مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى ۋاخان تاجىكلىرى دېگىنىمىز، ئاساسلىقى، XIX ئەسىردە ۋاخان رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىل شىۋىسىنى ساقلاپ قالغان. بۇ ۋاخان تاجىكلىرىنىڭ كۆچۈپ كېلىشىگە چارروسىيە بىلەن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ پامىر رايونىنى تالىشىشى سەۋەب بولغان. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ چارروسىيە بىلەن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پامىر رايونىنى تالىشىپ جىددىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. XIX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى ئافغانىستان ئەمىرى ئابدۇراخمان ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئاۋۋال بەدەخشاننى ئىشغال قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاخانغا ھۇجۇم قىلىپ، ۋاخان ئەمىرى شاھ ئەلى مەردانىنى تۇتقۇن قىلدى ۋە يەرلىك ئاھالىگە قاتتىق زۇلۇم سالدى. نەتىجىدە ۋاخان خەلقى ھەر تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شوغنان تەرەپكە، بىر قىسمى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈپ كىرگەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى سەرىكۆي، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

## 2 - بۆلۈم تاجىكلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلىرى

تاجىكلار ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى يېتىلدۈرگەنىدى.

تۇغقانلارنىڭ باللىرى ئۆزئارا نىكاھلىنىش تېخىمۇ ئومۇملاشقانىدى. شۇنىڭدەك ئوغۇللارنى ئۆيلەش، قىزلارنى ياتلىق قىلىش ئاتا - ئانىنىڭ قەرزى ھېسابلانغاچقا، نىكاھ ھەرگىز ئەركىن بولالمايتتى. نىكاھلىنىش كۆپىنچە ئۇرۇغ - تۇغقانلار ئارىسىدا بولغاچقا، يىگىت بىلەن قىز زادىلا تونۇشمىسىمۇ بولۇۋېرەتتى. كىچىك توي قىلىش ئومۇملاشقانىدى. ئادەتتە ئوغۇللار 15 - 16 ياشتا، قىزلار 13 - 14 ياشتا نىكاھلىناتتى.

ئۆتمۈشتىكى نىكاھ تۈزۈمى پۈتۈنلەي فېئوداللىق تۈزۈم ئىدى. ئۇ، فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئائىلە ۋە نىكاھ ئىشلىرى جەھەتتىكى ئىنكاسى بولۇپ، فېئوداللىق ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇن كېلەتتى. ئائىلە ئەينى ۋاقىتتا ھەم تۇرمۇش بىرلىكى، ھەم ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكى بولغاچقا، ئائىلىدىكى ئاساسلىق ئىشلار — چارۋا بېقىش، دېھقانچىلىق قىلىش، ئوۋ ئوۋلاش، سودا - سېتىق ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى پۈتۈنلەي ئەرلەر ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا ئائىلىدىكى ئاساسىي ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىمۇ ئەرلەردە بولاتتى. ئاياللار بولسا، ئاش - تاماق ئېتىش، كىيىم - كېچەك تىكىش ۋە يۇيۇش، كەشتە تىكىش قاتارلىق ئائىلە ئىشلىرىنى قىلاتتى.

ئۆتمۈشتە تاجىكلاردا نىكاھ سودىسى بىر قەدەر ئەۋج ئالغانىدى، ھاللىقراق ئائىلىلەردە بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە كۆپلەپ تويلۇق بېرەتتى، ئادەتتە بىر قانچە قۇر كىيىم - كېچەك ۋە 9 — 10 قۇر كىيىملىك رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى بەرگەندىن تاشقىرى، 10 — 20 تۇياق، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ چارۋا مال بېرەتتى. توي قىلغاندا يەنە كۆپلەپ قوي - كالا سويۇلۇپ، نۇرغۇن مېھمان چاقىرىلىپ، ئۈچ كۈنگىچە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھاللىقراق ئائىلىلەردە ئىچ

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلارنى مىراستىن مەھرۇم قىلىش ھوقۇقى
بولاتتى، ئاياللاردا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقى
بولمايتتى. گەرچە ياشانغان ئاياللارنىڭ ئائىلە ئىشى جەھەتتە
پىكىر بايان قىلىش، ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ نىكاھلىنىشىغا دەس-
لەپەت بېرىش ھوقۇقى بولسىمۇ، ئائىلە سىرتىدىكى پائالى-
يەتلىرىدە ئاياللار ئەرلەرنىڭ بېقىندىسى بولۇپ ھېسابلى-
ناتتى. ياش كېلىنلەر بولسا پۈتۈنلەي ئېرى ۋە قېيىن
ئاتا ـ قېيىن ئانىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلاتتى، ئاياللاردا
ئۆز ئېرىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى،
ئاتىنىڭ مال ـ مۈلكى ئوغۇللار ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىناتـ
تى، قىز پەرزەنتلىرىگە بېرىلمەيتتى، ئەگەر بىرمۇ ئوغۇل پەر-
زەنت بولمىسا، ئاندىن قىز پەرزەنتلەر مىراسخور بولاتتى.
ئائىلە باشلىقى (ئەر) ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ھېچقانداق
پەرزەنتى بولمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى شۇ كىشى-
نىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىناتتى. خوتۇنىنى
بولسا شۇلار باقاتتى، ئەگەر ئۇ خوتۇن باشقا ئەرگە تېگىپ
كەتسە، ئۇ ھېچقانداق مال ـ مۈلۈك ئېلىپ كېتەلمەيتتى. ئاتا-
ئانىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى پەقەت ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ زىم-
مىسىدە بولاتتى. شۇڭا ئوغۇل ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىلگىرى
ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بالىلىرى مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھو-
قۇقىدىن مەھرۇم قالاتتى.

تاجىكلار بۇرۇندىنلا بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى
يولغا قويۇپ كەلگەن. ئوتتۇرىدىن چارۋىدار، بايلار ئارىسىدىكى
ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا كۆپ خوتۇن ئالالايتتى. بىۋا-
سىتە قان ـ قېرىنداشلار ئارىسىدا نىكاھلىنىش مەنئىي قىلىنى-
غاندىن باشقا، قالغان ئەر ـ ئاياللار ياش پەرقى ۋە قانداش-
لىق مۇناسىۋىتىگە قارىماستىن نىكاھلانسا بولۇۋېرەتتى، بىر

مەسلەن، كىچىكلەر چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئەر-ئايال بىر-بىرىگە سادىق بولۇش، ئىناق ياشاش، ئاتا-ئانىلارغا ھۆرمەت قىلىش زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىنىدىغان بولدى.

## 2. كىيىم - كېچەك، ئۆي - ئىمارەت ۋە يېمەك - ئىچمەك

تاجىكلارنىڭ ئەرلىرى ئادەتتە قارا مەخمەلدە تاشلانغان، قارا كۆرپىدە تىكىلگەن تۇماق كىيىدۇ. تۇماق بىر قەدەر ئېگىز بولۇپ، قارا مەخمەل تاشنىڭ ئايىغىغا قىزىل، كۆك مەخمەل ياكى بەقەسەم، ئەتلەس قاتارلىق رەختلەردىن جىيەك تارتىلىدۇ (ياشلار بىلەن ياشانغانلار پەرقلەندۈرۈلىدۇ). جىيەك بىلەن مەخمەل تاش تۇتىشىدىغان جايغا ھەرخىل يىپەك يىپ بىلەن كەشتە ئىشلىنىدۇ، ياش ئۆسمۈرلەر شۇ ئۇسۇل بىلەن تىكىلگەن، لېكىن ئاق شايىدا تاشلانغان تۇماق كىيىدۇ. بۇنداق بولۇشىنى شۇ جاينىڭ ھاۋا كىلىماتى بەلگىلىگەن. ئىسسىق بولغان چاغلاردا ئۈستىنى قاتلاپ كىيگىلى، قاتتىق سوغۇق كۈنلەردە گەدەنگىچە چۈمكەپ كىيگىلى بولىدۇ. ياز كۈنلىرى تاجىكلار ئاق رەختتىن كەشتىلەپ تىكىلگەن «شەيدايى» دوپپا كىيىدۇ. ئاياللار بولسا ئىنتايىن نەپىس كەشتىلەنگەن «كولتا» دەپ ئاتىلىدىغان باش كىيىم كىيىدۇ، ئۇنىڭ پېشانىسىغا چۈشىدىغان قىسمى ئاق رەخت بولۇپ، بۇ ئاق رەخت ئۈستىگە ئاياللار ئۆزى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەن كەشتىدىن جىيەك تارتىلىدۇ، ياش ئاياللارنىڭ «كولتا» سىنىڭ چۆرىسىگە يەنە ئاق رەختكە كەشتە تىكىلگەن تاش تارتىلىدۇ، تۆپىسىگىمۇ كەشتە تىكىلىدۇ، ئارقا تەرىپى ئۇزۇنراق بولۇپ، گەدەنگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. ياشانغان ئاياللارنىڭ «كولتا» سىنىڭ چۆرىسى ۋە تۆپىسى پەقەت ئاق رەخت

كۈيئوغۇل» قىلىش ئادىتىمۇ ئەۋج ئالغانىدى، يەنى كۈيئوغۇل بولغۇچى قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسىگە كۆچۈپ كېلىپ شۇ ئائىلىدە ئولتۇراقلىشاتتى. بەزى يىگىتلەر قىز تەرەپكە ئېغىر تويلۇق بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسىگە مەلۇم مۇددەت (ئادەتتە ئۈچ يىلدىن يەتتە يىلغىچە) ئىشلەپ بېرەتتى، بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭغا تاماق ۋە كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەردىن باشقا ھېچنېمە بېرىلمەيتتى، ئەگەر كۈيئوغۇل بولغۇچى ئۆي-ماكانسىز يېتىم بالا بولسا، ئۇ قىز تەرەپكە ئۆمۈر بويى ئىشلەپ بېرەتتى، ئۇنىڭدا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى، ئەگەر قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆز قىزىغا كۆيۈنۈپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇنىڭغا ئاز-تولا ھەق بەرسە، بۇ، كۈيئوغۇلنىڭ ئامىتى كەلگەنلىك ھېسابلىناتتى.

فېئوداللىق نىكاھ سودىسى شارائىتىدا، ئەرلەر ئۆز خوتۇنلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مال-مۈلكى ھېسابلاپ، خالىغانچە ئۇراتتى ياكى ھاقارەتلەيتتى. ئاياللارنىڭ نىكاھدا ئاجرىشىش ھوقۇقى بولمايتتى، ئەرلەر بولسا خوتۇنلىرىنى خالىغان ۋاقىتتا «تالاق» قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. «تالاق» قىلىنغان ئاياللار بولسا، جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردا قايتىدىن ئەرگە تېگىش ئىمكانىيىتى ناھايىتى ئاز بولاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ۋە نىكاھ سودىسى پۈتۈنلەي بىكار قىلىنىپ، ئەر-ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىش ۋە ئائىلە ئىشلىرىدىكى ئورنى باراۋەر بولدى. ئاياللارمۇ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشالايدىغان بولدى. ياشلارنىڭ نىكاھلىنىشى سىرتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، ئەركىن بېرىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تاجىك خەلقى ئىچىدە ئائىلە ۋە نىكاھ ئىشلىرى جەھەتتە ساقلىنىپ كەلگەن ئېسىل ئەنئەنىلەر،

مارجان - مەرۋايىت ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان «دىۋىرەك» دەپ ئاتىلىدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېسىۋالىدۇ. كۆڭلەكنىڭ مەيدە قىسمىغا چوڭ - چوڭ كۈمۈش ھالقىلارنى تاقايدۇ. «كولتا»نىڭ تۆپىسىگە كۈمۈشتىن ياسالغان «سىل - سىلا» ئاسىدۇ. قوللىرىغا قىممەت باھالىق مېتاللاردىن ياسالغان ئۈزۈك ۋە بىلەيزۈك سالىدۇ. ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار كۆڭلەك تۆپىسىگە يەنە ئارقىدىن «بەلدەمچى» (پەزتۇق) تارتىپ قويىدۇ. بەلدەمچىلەرنى تۈرلۈك رەڭدىكى رەخت پارچىلىرىدىن قوراپ تىكىدۇ.

تاجىك ئاياللىرى يەنە تۈرلۈك قوراق لاتىلاردىن ياستۇق قېپى، قاچا - قۇچا قېپى، پەردە قاتارلىقلارنى تەييارلاپ ئۆيلىرىنى بېزەيدۇ.

تاجىكلارنىڭ ئۆيلىرى ئۇزۇنچاق، تۆت چاسا قىلىپ سېلىنغان، ئۆگزىسى تۈز يېپىلغان چوڭ ئۆيلەردىن ئىبارەت. بۇنداق چوڭ ئۆيلەر «لەڭگەرى» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسى بولمايدۇ، ئۆي ئىچى ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا پەگاھ بولىدۇ، ئۆينىڭ ئىشىكى كۈنگەي تەرەپكە قارىتىلىپ سول بۇرجەككە قويۇلىدۇ، ئىشىكتىن كىرگەن يەرنى ئىككى تەرەپتىن بىر يېرىم مېتر ئېگىزلىكتە سېلىنغان «كۆنج» تام توسۇپ تۇرىدۇ، كۆنجدىن ئۆتۈپ پەگاھقا چۈشكەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چوڭ ئوچاق سېلىنىدۇ. ئوچاقنىڭ ئۇدۇلىدىن تۈڭلۈك ئېچىلىدۇ، بۇ تۈڭلۈك بىر تەرەپتىن ئۆيگە يورۇق چۈشۈرۈش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسنى چىقىرىۋېتىش رولىنىمۇ ئوينايدۇ، قىش كۈنلىرى تۈڭلۈك يېپىپ قويۇلىدۇ. ئوچاقتىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئىككى تەرەپتىن ئىككى تام توسۇلغان بولۇپ، بۇ «بىۋبۇن» ئېمى دېيىلىدۇ. بىۋبۇن ئېمىنىڭ ئىچىدە قاچا - قۇچا قويۇلىدىغان جاي بولۇپ، بۇ جاي «ئەيرى» دېيىلىدۇ، ئەيرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بۇرجەكتە ئىشىكى

بىلەنلا تاشلىنىدۇ. پېشانىسى تەرەپكە كەشتىلىك جىيەك تارتى-
لىدۇ. «كولتا» تىكىش ئاياللارنىڭ بىر خىل نەپىس قول ھۈنىرى
بولۇپ، قىزلار كىچىكىدىنلا «كولتا» تىكىشنى ئۆگىنىدۇ.

تاجىك ئەرلىرى ئادەتتە قىسقا ياقىلىق ئاق يەكتەك كىيىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ياقىسىغا تۈرلۈك كەشتىلەر تىكىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن تون كىيىدۇ، بېلىنى پاختا يىپ ياكى يۇڭ يىپتىن توقۇلغان بەلباغ بىلەن ياكى كەشتىلەنگەن چاسا بەلباغ بىلەن باغلايدۇ. قىش كۈنلىرىدە بولسا قوي تېرىسىدە تىكىلگەن تاشلىق جۇۋا ياكى ئۆك جۇۋا كىيىدۇ. ئاياللار ئىچىگە ھەرخىل گۈللۈك رەختلەردىن تىكىلگەن كۆڭلەك، ئۈستىگە ئالدى ئىزمىلىنىدىغان ئۇزۇن چاپان ياكى ياقىسىز گۈللۈك تون كىيىدۇ. ياشانغان ئاياللار بىلەن ياش ئاياللارنىڭ كىيىملىرى تىكىلىش شەكلى ۋە رەڭگى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ: ياشانغان ئاياللار كۆپىنچە كۆك، يېشىل گۈللۈك رەختلەردىن كۆڭلەك كىيىدۇ، ياش ئاياللار ۋە قىزلار قىزىل، سېرىق گۈللۈك رەختلەردىن كۆڭلەك كىيىدۇ.

ئاياغ جەھەتتە، ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى كىگىز پايپاق ياكى رەڭلىك يۇڭ يىپتىن گۈللۈك قىلىپ توقۇلغان جۇراپ (پايپاق) كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىك تېرىسىدىن تىكىلىپ قىزىل بويالغان، چەمى كالا ياكى قوتاز تېرىسىدىن قىلىنغان ئۇزۇن قونچلۇق چورۇق كىيىدۇ، بۇ خىل چورۇق يېنىك بولۇپ، تاغلىق رايونلارنىڭ شارائىتىغا ناھايىتى باب كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتۈك ياكى مەسە كىيىدىغانلارمۇ بار.

ئاياللار ئۆزىنى زىننەتلەشكە ئامراق كېلىدۇ. ياش كېلىنلەر چېچىغا باشتىن - ئاخىر ئاق سەدەپ تاقىۋالىدۇ. مەشۇت يىپتىن «چۇلىك» دەپ ئاتىلىدىغان پۆپۈك ياساپ چېچىغا ئېسىۋالىدۇ، قۇلىقىغا زىرە، گۈشۋار قاتارلىقلارنى سالىدۇ، بويىنىغا تۈرلۈك

دېيەرلىك، مېۋە - چېۋە بەزى جايلاردا بار، بەزى جايلاردا يوق، تاجىكلار قارا چاي، ئاساسلىقى پەمىل چايىنى ناهايىتى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار ئەتىگەندە نان چىلاپ سۈت چاي ئىچىدۇ، چۈشتە سۇيۇق ئاش ياكى ئۇماچ ئېتىپ ئىچىدۇ، كەچلىك تاماقى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، گۆش، پولۇ، بولماق ياكى باشقا تاماقلارنى ئېتىدۇ. چارۋىچىلار بولسا، ئەتىگەندە نان بىلەن چاي ئىچكەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە قايماق چاي ئىچىدۇ، چۈشتە قېتىقتا نان چىلاپ يەيدۇ، كەچتە تۈرلۈك تاماقلارنى ئېتىدۇ. پاقلان گۆش نېرىنى، شىرگىرىنچ (سۈت بىلەن پىشۇرۇلغان گۈرۈچ ئاش بولۇپ، يەيدىغان چاغدا ئۈستىگە سېرىق ماي ياكى قايماق سېلىنىدۇ)، شىرتەرىت (سۈت ۋە سېرىق ماي بىلەن پىشۇرۇلغان ئاش)، پەنەيىر (قېتىقنى قاينىتىپ، سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى تۇقاچ) قاتلىما نان، لىندىچ، جىگەي، غازگ، خەكس قاتارلىقلار ئېسىل تاماق ھېسابلىنىدۇ، تاجىكلار تاماقتا گۆش ئىشلەتكەندە ئىسلام دىنىدا هالال دەپ ھېسابلايدىغان قوي، قوتاز، كالا، ئۆچكە، كىيىك، تۆگە، ئۇلار، كەكلىك، توخۇ، بېلىق قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرىنى ئىشلىتىدۇ. ئات گۆشى ۋە ئىسلام دىنىدا هارام ھېسابلىنىدىغان هايۋان ۋە ئۇچار قۇشلار گۆشىنى يېمەيدۇ. چارۋىچىلار سېرىق ماي ۋە قۇرۇت ياساشقا ناهايىتى ئۇستا كېلىدۇ. ياز كۈنلىرى چارۋىچىلارنىڭ ئاياللىرى سۈت مەهسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### 3. قائىدە - يوسۇنلار

تاجىكلار ئۆزلىرىنىڭ مېهماندوستلۇقى بىلەن مەشهۇر. بۇنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلىگەن. ئىلگىرى ئولتۇراقلىشىش تارقاق، قاتناش قولايسىز بولغاچقا تاجىك خەلقى بىرەر

ئەيرى تەرەپكە ئىچىلىدىغان يەنە بىر ئۆي بولۇپ، ئۇ «غەزەك» (قازناق) دەپ ئاتىلىدۇ، غەزەك شۇ ئائىلىنىڭ ئىسكىلاتى ھېسابىلىنىدۇ، بارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى شۇ يەردە ساقلىنىدۇ. ئۆي ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئۇستىگە ئىككى دانە خاپاغاچ سېلىنىدۇ، ئۇنىڭغا بىر قانچە تۈۋرۈك قويۇلۇپ، ئاندىن جەگە ياغاچلار سېلىنىدۇ. ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسى سەلپەل ئېگىز بولۇپ، ھۆل - يېغىن بولغاندا، سۇلار ئىككى تەرەپكە ئېقىپ كېتىدۇ. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ چوڭ ئۆيدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئوپ-ۇس ئەھۋالىغا قاراپ بىرقانچە ئېغىزلىق مېھمانخانا ۋە ھۇجرىلارنى سالىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىغا ھويلا تېمى سوقۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئېغىل - قوتان ۋە سامانلىقلار سېلىنىدۇ، ئۆي ۋە مەھەللىلەر ئەتراپىغا دەل - دەرەخلەر تىكىلىدۇ. يەكەن، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىلىرىدە ئولتۇراقلاشقان تاجىكلارنىڭ ئۆيلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. گۇما ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقانلار «لەڭگەر ئۆي» شەكلىنى ساقلاپ قالغان. يايلاقلاردىكى چارۋىچىلار ئاساسەن ئاق ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ بىر تەرىپىگە چىغدىن توقۇلغان پەردە تارتىلغان بولۇپ، بۇ «چۇگىدەن» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوچاق سېلىنىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى مېتال ۋە فار - فوردىن ياسالغان قاچا-قۇچىلار تولىمۇ ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە ياغاچتىن ياسالغان قاچا - قۇچىلار ئىشلىتىلەتتى.

تاجىكلارنىڭ ئاساسىي يېمەكلىكلىرى ئۇن، سۈت ۋە گۆش-تىن ئىبارەت. ئۇن ئاساسلىقى، بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق ۋە قوناق ئۇنلىرىدىن ئىبارەت، تاجىكلار كۆپىنچە نان يېقىپ يەيدۇ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر مول ئەمەس، كۆكتات يوق

بىلەن ئاياللار كۆرۈشكەندە، ئەگەر ئۇلار تەڭ دەرىجىلىك بولسا،
ئاياللار ئەرلەر قولىغا سۆيىدۇ ياكى ئەرلەر ئاياللارنىڭ بېشىغا
قولىنى تەگكۈزۈپ كۆرۈشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىلەر قول
ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ياشانغان ئاياللار ياشلارنىڭ مەڭزىگە سۆ-
يىدۇ. بالىلار ھەر كۈنى سەھەردە ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا سۆ-
يۈپ قويىدۇ. ئاياللار بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە لېۋىگە سۆ-
يۈشىدۇ، ياش ئاياللار ياشانغان ئاياللارنىڭ قولىغا سۆيۈپ قو-
يىدۇ. مېھمان كەلسە ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ. تاجىكلار-
نىڭ توي - تۆكۈن قائىدىلىرى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. ئو-
غۇل تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى ئىچى-
دىكى ياشانغان كىشىلەر قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قۇدا
چۈشىدۇ، قىز تەرەپمۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئەل - ئا-
غىنىلىرىنى يىغىپ قۇدا چۈشكۈچىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ. ئوغۇل تە-
رەپتىن قۇدا چۈشكىلى كەلگەنلەر پەگاھقا چۈشۈپ، قىز تەرەپ-
نىڭ قۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئوغۇل
تەرەپنىڭ ئاساسىي تۇغقىنى ياكى ئابرويلۇق ئاقساقاللارنىڭ
بىرى «رۇختەر تەلەبىدەن نەڭ نىست، نادادەن
جەڭ» (قىز سوراش ئەيىب ئەمەس، ئەگەر بەرمىسە
جەڭ بولماس) دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىنى بىل-
دۈرىدۇ. قىز تەرەپتىن بىر كىشى ۋەكىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ تە-
لىپىنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە پوزىتسىيە بىل-
دۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ تەلىپى قوبۇل قىلىنغان بولسا، ئوغۇل
تەرەپنىڭ كىشىلىرى قىز تەرەپنىڭ كىشىلىرىنىڭ قولىغا سۆيۈپ
رەھمىتىنى ئىزھار قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇل تەرەپنىڭ
ئاساسىي تۇغقانلىرىدىن بىرى قىز تۇرغان ئورۇنغا بېرىپ، ئۇ-
نىڭ بېشىغا قىزىل ياغلىق ئارتىپ قۇلىقىغا سىرغا سېلىپ قو-
يىدۇ ياكى قولىغا ئۈزۈك سېلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىك-

جايغا بېرىشتا توغرا كەلسە، بىرقانچە كۈن يول يۈرۈشكە، يول
ئۈستىدە قونۇشقا توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يايلاقلار پە-
سىل خاراكتېرلىك بولغاچقا، چارۋىچىلار دائىم كۆچۈپ يۈرەتتى.
مانا شۇ جەريانىدا، يول ئۈستىدە مۇقىم بولغان ئاممىۋى قونال-
غۇ جاي بولمىغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە قونۇشقا توغرا كې-
لەتتى، بۇ هال ھەممە كىشىگە ئورتاق بولغاچقا، بىر-بىرىنىڭ
سەپەر ئۈستىدىكى قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىش، تۇرمۇشتىن
خەۋەر ئېلىش ئورتاق ئەخلاقىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن
تاجىكلار مەيلى مەخسۇس كەلگەن مېھمان بولسۇن ياكى سەپەر
ئۈستىدىكى يولۇچى بولسۇن، مەيلى تاجىكلار بولسۇن ياكى يات
مىللەت بولسۇن، ھەممىسىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ،
ئۇلارنى ئەڭ ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان قىلىدۇ. ئۇلار
مەخسۇس مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن بىرقانچە يىكەنداز تەييارلاپ
قويىدۇ، ئەگەر ئابرويلۇق مېھمان كەلسە ئالاھىدە قوي سويۇپ
كۈتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئېسىل پەزىلەتلىرى تارىخىي يازمىلاردىن
ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇلار بۇ پەزىلەتنى تا ھازىرغا قەدەر داۋا-
لاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

تاجىكلارنىڭ كۆرۈشۈش قائىدىلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئاددىي-
ساددىلىقى ۋە قىزغىن-كەمتەرلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار-
نىڭ كۆرۈشۈشى مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ
قەدىمىيلىكى ۋە ساپلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. تاجىك ئەرلىرى
ئادەت بويىچە بىر-بىرىنىڭ قولىنى سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ؛ يېقىن
تۇغقانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ كۆرۈ-
شىدۇ. تەڭتۇش ئەرلەر بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆزئارا
قوللىرىغا سۆيۈشىدۇ ياكى قۇچاقلىشىدۇ. ياشلار ياشانغانلارنىڭ
قولىغا سۆيۈش ئارقىلىق چوڭلارغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەي-
دۇ، ياشانغانلار بولسا، ياشلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيىدۇ. ئەرلەر

ئۈستىگە سېرىق ماي سىلىنغان سۈت ئېلىپ چىقىپ، كۈيئو-
غۇلغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھاردۇق سورايدۇ ھەم ئۇنىڭ مۇرىسىگە
ئۇن سېپىپ ئۇنى تەبرىكلەيدۇ. كۈيئوغۇلنى ئۆيگە باشلاشتىن
بۇرۇن ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن ياشانغان كىشىلەر تويلۇقنى
ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، قىز تەرەپنىڭ ئاساسىي تۇغقانلىرى ئەسلىدى-
كى كېلىشىم بويىچە تويلۇقنى تولۇق ئەكەلگەن - ئەكەلمىگەنلى-
كىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن
خەلىپىنىڭ باشقۇرۇشىدا نىكاھ ئوقۇلىدۇ. نىكاھتىن كېيىن يى-
گىت بىلەن قىز قولىدىكى ئۈزۈكلەرنى ئالماشتۇرۇشىدۇ. نىكاھ
ۋاقتىدا قىز تەرەپنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئىككى تەرەپ مەسلى-
ھەتلىشىپ، بىر كىشىنى نىكاھ گۇۋاھچىلىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇ
كىشى «پەدەرخان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ «پەدەرخان» ئوغۇل -
قىز تەرىپىدىن ئۆمۈرۋايەت ئۆز ئاتا - ئانىسىدەك ھۆرمەتلىنىدۇ.
قىز بىلەن ئوغۇل نىكاھ سۈيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئەل -
ئاغىنىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كېلىپ ئۇلارنى تەبرىكلەي-
دۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ئىناق ئۆتۈشىنى، بالا - چاقىلىق بولۇ-
شىنى تىلەيدۇ. ئاندىن ئاتا - ئانىلىرى كېلىپ ئۇلارنىڭ ئولتۇ-
رۇشىغا ئىجازەت بېرىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلار تويى شەرىپىگە نەغمە-
ناۋا قىلىدۇ. كەچتە ئەگەر ئارىلىق يىراق بولسا ئەتىسى
يىگىت بىلەن قىز بىر ئاتقا مىنىپ، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە
قايتىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ
قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ، ئۇن سېپىپ تەبرىكلەيدۇ، سېرىق ماي سى-
لىنغان سۈت ئېلىپ چىقىپ ھاردۇق سورايدۇ، ئۇ يەردىمۇ ئويۇن - تا-
ماشا ئۆتكۈزۈلىدۇ. لېكىن ئۆيگە كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى پەدەر-
خان ۋە قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئاياللار قوي
سويۇپ ياكى باشقا ئېسىل يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ «ناۋرى»
(ناشتىلىق) ئېلىپ كېلىپ قىزدىن ھال سورايدۇ، پەدەرخان ئۆز

كى تەرەپ تويلۇق ۋە توي مۇراسىمىنىڭ ۋاقتى ئۈستىدە كېڭە-
شىدۇ، ھەممە ئىش پۈتكەندىن كېيىن، قوي سويۇپ بىر - بىرىنى
مېھمان قىلىشىپ تارقىشىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىك
ئىچىدە ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ بىرلىككە كەلگەن
پىكرىدىن باشقا مەخپىي ئىشلار بولمايدۇ.

توي مۇراسىمى ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئوغۇل تەرەپمۇ، قىز تەرەپمۇ كەنتتىكى بارلىق كىشىلەر ۋە يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تويغا چىللايدۇ. ئەگەر شۇ مەز- گىلدە كەنتتە ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بەرگەن بولسا ياكى ھازىدار بولغۇچىلار بولۇپ قالسا، ئۇلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ تەسەللى ئېيتىدۇ ياكى ھازىدار بولغۇچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تاماكا تو- تۇپ رازىلىق ئالىدۇ. توي باشلىنىپ بىرىنچى كۈنى (تەييارلىق كۈنى) ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىدە كاتتا ئويۇن - تاماشا بولىدۇ، تويغا كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئازدۇر - كۆپتۇر سوۋغات ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنى تەبرىكلەيدۇ. ئەتىسى ھەممە كىشى كېلىپ ئوغۇل ۋە قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدە تەڭلا ئويۇن - تاماشا قىلىپ، ئوغلاق تارتىشىپ توينى تەبرىكلەيدۇ. چۈشتىن كېيىن ئوغۇلنى ياساندۇ- رۇپ، ئاتقا مىندۈرۈپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قىز تە- رەپنىڭ ئۆيىگە قىز كۆچۈرۈشكە بارىدۇ. ئوغۇلغا بېشىغا ئاق شايىدا تاشلانغان تۇماق كىيگۈزىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق شايى ۋە قىزىل تاۋاردىن سەللە يۆگەيدۇ. ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون كىي- گۈزىدۇ، قولىغا بېغىغا قىزىل ھەم ئاق تاۋار ياغلىق چېگىلگەن ئۈزۈكنى سېلىپ قويىدۇ. قىزنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، قىز تەرەپ- تىن نۇرغۇن كىشىلەر چىقىپ «تۆمبەك» تۇتۇپ (بىر ئۆچكىنى تۇتۇپ) تۇرىدۇ، ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن ئاتلىقلار ئۆچكىنى تالىشىدۇ، قىز تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى قورۇپ ئۆچكىنى بەرمەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىز تەرەپتىن ئاياللار ئىككى چىنىدە

تۇرۇپ يىغلايدۇ. سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق كىشى ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ، ئۇلارغا تەسەللىي ئېيتىدۇ. مېيت نامىزىنى خەلپە چۈشۈرىدۇ، تۇپراق بېشىغا ئەرلەر بارىدۇ، ئاياللار بارمايدۇ، ئاخشىمى خەلپە كېلىپ خەتمە قۇرئان قىلىدۇ، مېيت ئۈزىتىلىپ بىر ھەپتىگىچە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چاچ ساقاللىرىنى چۈشۈرمەي قارىلىق تۇتىدۇ، مېيت ئۈزىتىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن قەبرە قاتۇرۇلىدۇ ۋە قەبرە قاتۇرۇش نەزىرىسى بېرىلىدۇ، مېيت ئۈزىتىلىپ يەتتە كۈن، 40 كۈن ۋە بىر يىل بولغاندا يەنە نەزىر بېرىلىدۇ ۋە قۇرئان ئوقۇتۇلىدۇ.

### 4. ھېيت - بايراملار

تاجىكلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى جەريانىدا، قۇربان ھېيت، چېدچەدىر (نورۇز بايرىمى)، بارات ھېيت، روزى ھېيت، تېغىم زاۋاست (تېرىلغۇ بايرىمى)، زوۋۇر ھېيت (سۇ باشلاش ھېيتى) قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلاردىن چېدچەدىر، بارات ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلار داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قۇربان ھېيت بۇ ھېيتتا تاجىكلار ئادەتتە قوي، كالا سويۇپ قۇربانلىق قىلىدۇ. تاجىك چارۋىچىلىرى قويلىرى تۆللىگەن چاغدىلا رەڭگى ئاق، قارا كۆزلۈك قوزىنى قۇربانلىققا ئاتاپ قويىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە شۇنى قۇربانلىق قىلىدۇ، ئۇرۇق تۇغقان ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى بىر - بىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ھېيتلىشىدۇ ۋە ئەرلەر جامائەتخانىغا بېرىپ ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ.

چېدچەدىر بۇ تاجىكلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى ھېيتى، بۇ ھېيتتا كىشىلەر قىش ئۆتۈپ، باھار كېلىپ، يەر يۈزىدە يېڭى ھايات باشلانغانلىقىنى، يېڭى بىر يىل ئىچىدە

قولى بىلەن قىزنىڭ يۈزىدىكى چۈمپەردىنى ئالىدۇ، كېلىنگە ئۈگ، ئەلگەك، سىيت قاتارلىقلارنى هازىرلاپ بېرىپ، خېمىر يۇغۇرتۇپ نان ياققۇزىدۇ، بۇ، كېلىننىڭ يېڭى ئۆيدە يېڭى هاياتىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ، كېيىن شۇ كۈن-دىن باشلاپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپتىن كەلگەن ئايال ئۇرۇق - تۇغقانلارنى قويۇي سويۇپ مېهمان قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىيىم - كېچەك، رەختلەرنى قويىدۇ. يەنە مەلۇم كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، يىگىت بىلەن قىز قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنى يوقلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل توي مۇراسىمى ئاخىرلىشىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى، ئېغىر توي-لۇق، خۇراپىي قائىدە - يوسۇنلار ۋە تۈرلۈك ئىسراپچىلىقلار بىكار قىلىندى، لېكىن تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل توي ئادەتلىرى يەنىلا ساقلانماقتا.

ئۇنىڭدىن باشقا تاجىكلاردا يەنە بالىلىرى ئىككى ياشقا كىرگەندە چېچىنى قايچىلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئوغۇللىرى يەتتە ياشقا كىرگەندە داغدۇغىلىق هالدا خەتنە - سۈننەت مۇرا-سىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

تاجىكلاردا ئۆلۈم ئۆتكۈزۈشمۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ، ئۇ-رۇقلارنىڭ مۇقىم قەبرىستانلىقى بولىدۇ، ۋاپات بولغۇچى هەر قانداق جايدا بولسۇن، ئۆز ئۇرۇقلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپ-نە قىلىنىدۇ، مېيىت چىققان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە تاماق ئېتىل-مەيدۇ، تاماقنى پۈتۈن ئەل قوشنىلىرى ئەكېلىپ بېرىدۇ. مېيىت يۇيۇلۇپ كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كەنتتىكى بارلىق كىش-ىلەر كېلىپ هازا ئاچىدۇ، ئاياللار كۆك كۆڭلەك كىيىپ، بېشى-غا كۆك ياغلىق ئارتىپ، ئولتۇرۇپ بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ يىغلايدۇ، ئەرلەر بېشىغا كۆك سەللە يۆگەپ، پەگادا ئول-

كۆلخان يېقىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوينايدۇ، ئەتىسى پېشىن ۋاقتىدا ھەرقايسى ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋاپات بولغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ تاماق ئېتىپ (بەزلىرى قوي سويۇپ)، قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ سەدىقە قىلىدۇ، كەچ كىرگەندە ۋاپات بولغانلار ئۈچۈن بىردىن شام ياساپ، ئۇنى قەبرىسىگە ئاپىرىپ كۆيدۇرۇپ خاتىرجەم يېتىشىنى تىلەيدۇ. مانا بۇ، زەردوشت دىنىنىڭ ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان تەسىرىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

تېغەم زوۋاست ۋە زوۋۇر ھېيتلىرى زوۋۇر ھېيتى ئەسلىدە يەككە مۇلۇكچىلىك ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە كەنتكە سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن، كۆپچىلىكنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆستەڭ رېمونت قىلدۇرۇشنىڭ بىر خىل شەكلى. سۇ باشلاشقا بارىدىغان كۈنى ھەربىر ئائىلە ئۈچتىن چۆك كۆمەچ نان ھازىرلاپ، ئۇنىڭدىن دېھقان نېنى دېگەن بىر كۆمەچنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، قالغان ئىككىسىنى سۇ باشلاش ئورنىغا ئېلىپ بارىدۇ، مىراپنىڭ باشچىلىقىدا ھەممە ئەرلەر بېرىپ سۇ باشلاپ كېلىدۇ، ئۆستەڭگە سۇ باشلانغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، كۆمەچلىرىنى بىرلىكتە يەيدۇ ھەمدە شۇ يىلى ھاۋانىڭ ياخشى، سۇنىڭ مول بولۇپ، ھوسۇلنىڭ كۆپ ئېلىنىشىنى تىلىشىدۇ.

## 3 - بۆلۈم مەدەنىيەت ۋە سەنئەت

تاجىكلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەسىرلەردىن بۇيان پامىر ئېگىزلىكىگە جايلىشىپ، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەل-

گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇش يارىتىلىدىغانلىقىنى تەنتەنە قىلىشىدۇ. «چېبدچەدىر» — تاجىكچە «ئۆي تازىلاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ مىلادىيە ھېسابى بويىچە 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەندە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھېيت كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن بارلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قورۇ - جايلىرىنى تازىلاپ، ئۆيلىرىنىڭ تېمىغا ئۇن سېپىدۇ. ھېيت كۈنى ئەتىگەندە شۇ كەنتتىكى بارلىق كىشىلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان «شاۋگۈنى» (ھېيت باشلىغۇچى) ئالدى بىلەن ھەممە ئۆيلەرگە كىرىپ يېڭى يىلنى تەبرىكلەيدۇ، ھەممىلا ئۆيدە زاڭ ياكى باشقا تائاملارنى تەييارلايدۇ، بىردىن چوڭ كۆمەچ نان يېقىلىدۇ، ئۇ ناننى پەقەت «شاۋگۈنى» پارچىلايدۇ، ھېيتلىغۇچىلار «شاۋگۈن باھار مۇبارەك» دەپ تەبرىكلىشىدۇ، كۈتۈۋالغۇچىلار «بەرۇي شامال مۇبارەك» دەپ قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە ئۇن سېپىپ قويىدۇ. قىزلار ۋە ياش كېلىنلەر شۇ كۈنى ئاتا - ئانىسى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلىق توقاچ ئېلىپ بارىدۇ، ھەممە ئادەم بىر - بىرىنى ھېيتلايدۇ.

**بارات ھېيت** بۇ ھېيت ھىجرىيە 8 - ئاينىڭ 14 -، 15 - كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھېيتنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى «ئۆي پىلىسىگى» دېيىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەربىر ئۆيدە قۇرۇغان قوراي ياكى قۇرۇق ئىنچىكە دەرەخ تېلىغا پاختا يۆگىلىپ، ياغقا چىلىنىدۇ ۋە شۇ ئائىلىدىكى ھايات كىشىلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىككى تالدىن بېرىلىدۇ، ئاندىن بىر تەخسىگە قۇم ئېلىنىپ، بۇ شاملار قۇمغا سانجىلىدۇ، ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن شۇ تەخسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ، شاملارغا ئوت تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، دۇئا ئوقۇلۇپ، شۇ ئائىلىدىكى ھايات كىشىلەرگە بەخت - سائادەت تىلىنىدۇ، ئاندىن ئۆگزىلەردە مەشئەل يېقىلىدۇ، بالىلار بولسا تاغلارغا

لەردە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە كىشىلەر ناخشا - قوشاقلارنى ئوقۇپ، ئۇنى خەلق ئارىسىدا كېڭەيتىدۇ. بۇنداق قىلىش ناخشا - قوشاقلارنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ساقلاپ قېلىشنىڭ ئوبدان ئۇسۇلى بولۇپ قالغان.

تاجىك شېئىر - قوشاقلىرىنىڭ ھەر بىر كۇپلېتى كۆپىنچە تۆت مىسرالىق بولۇپ، ھەربىر مىسراسى بىر - بىرىگە قاپىيەداش كېلىدۇ، گايىدا تۆتتىن كۆپ، ھەتتا ئون نەچچە مىسرالىق كۇپلېتلارمۇ بولىدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋاللاردىمۇ مىسرالارنىڭ بىر - بىرىگە قاپىيەداش كېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شېئىرلار ئاھاڭغا سېلىنىپ، توي - تۆكۈنلەردە ئېيتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاھاڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كۆپىنچە يەتتە بوغۇملۇق، توققۇز بوغۇملۇق، 11 — 15 بوغۇملۇق بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەيلى مۇقامدا ئوقۇلىدىغانلىرى يەتتە بوغۇملۇق، چاپسۆز مۇقامدا ئوقۇلىدىغانلىرى 6 — 14 بوغۇملۇق بولىدۇ، بەزىلىرى بۇنىڭ بىلەنمۇ چەكلەنمەيدۇ.

مەزمۇن جەھەتىگە كەلسەك، تاجىك خەلقىنىڭ ئىلگىرىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتلىرىدا ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇش، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش كۆپىنچە ئەركىن مۇھەببەتنى مەدھىيەلەش يولى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. شۇڭا تاجىك خەلق ناخشىلىرىدا مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلىدىغانلىرى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ناخشىلارنىڭ بەزىلىرىدە يار ۋەسلىگە بولغان تەلپۈنۈش تەسۋىرلەنسە، بەزىلىرىدە جۇدالىق ھىجراندىن زارلىنىدۇ، بەزىلىرىدە يارنىڭ ۋاپادارلىقى، ساداقىتىگە مەدھىيە ئوقۇلسا، بەزىلىرىدە يارنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنىدۇ. بۇ ناخشىلاردا گەرچە مۇھەببەت باش تېما قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ، ئەينى زاماندىكى دەۋر

گەن ئېلىمىز تاجىكلىرى ئۆزىنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەتلەرنى ياراتتى. تاجىكلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى تاجىك ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئۆزىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. نۇرغۇن مەشھۇر تاجىك شائىرلىرى، يازغۇچىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە روداكى (850 — 941 - يىللىرى)، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (931 — 1020 - يىللار)، ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا (980 — 1037 - يىللار) شاھ ناسىر خىسراۋ (1004 — 1088 - يىللار)، ئۆمەر ھەييام (تەخمىنەن 1040 — 1123 - يىللار)، مەۋلانا جالالىددىن رۇمى (1207 — 1273 - يىللار)، شەيخ سەئدى (1203 — 1292 - يىللار)، ھاپىز شىرازى (1325 — 1389 - يىللار)، ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492 - يىللار) قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى جۇڭگو تاجىكلىرى ئارىسىدا زور ھۆرمەتكە ئىگە، ئۇلارنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى كىشىلەر ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇماقتا.

ھازىرقى تاجىكلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى ئاساسەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئاساس قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، يەنە ئۇلار قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلارنىڭ يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىمۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلىدۇ.

## 1. شېئىر — قوشاقلار

تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا شېئىر ۋە ناخشا - قوشاقلار بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەر قانداق كىشى ئازدۇر - كۆپتۇر ناخشا - قوشاق ئوقۇيالايدۇ، تۇي - تۆكۈن-

تاجىك خەلق شېئىر - قوشاقلىرىنىڭ سىرتىدا، ئېلىمىز تاجىكلىرى ئىچىدىن سەرىكۆي تىلى شىۋىسىدە ئىجاد قىلىنغان شېئىر - داستانلار بىلەن تونۇلغان دەلى، لونجىك قاتارلىق شائىرلارمۇ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ناخشا قىلىپ ئوقۇلماقتا. «تەيغۇن» داستانىنىڭ ئاپتورى دەلى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ بەلدىر يېزىسىدىن بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىنىڭ ھاكىم بېگى ئەلىپبېككە ڤەسكەر بولغان، ئۇ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ قاتناشقان، كېيىن ئەلىپبېگ كىشىلەرنىڭ چېقىشتۇرۇشىغا ئىشىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. دەلى «تەيغۇن» داستانىنى ئىجاد قىلىپ، بىر تەرەپتىن:

«سۈت بېرىپتۇ ئۆستۈرۈپ،
شۇڭقار سۈپەت قەھرىمان.
رەھمەت «ئانا» سۈتۈڭگە،
خىسلىتىڭگە مەن ھەيران.

× × × × ×

ياۋنى ئۈزۈپ، ياندۇرۇپ،
خەلق ئۈمىدىنى ئاقلىدىڭ.
ئېزىز ئانا يۇرتۇڭنى،
جۇت - بۇراندىن ساقلىدىڭ»

دېگەن مىسرالىرى بىلەن تاجىك خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى قولچاقنى ۋە ئۇنى ئۆستۈرگەن ئانا ۋەتەنگە مەدھىيە ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن:

ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، «تازەگۇل» ناخشىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

تازەگۇل قىلدىڭ ئاۋارە زەپمۇ سەرسان ئەيلىدىڭ،
خۇش چىراي جىلۋە قىلىپ، كۆڭلۈم پەرىشان ئەيلىدىڭ.
نەشتىرى مىژگان بىلەن زەخمىم نامايان ئەيلىدىڭ،
كۆيدۈرۈپ ئوتتا كاۋاپتەك، خاكتە يەكسان ئەيلىدىڭ،
تامدۇرۇپ لەۋدىن شېكەرلەر كۆلكە خەندان ئەيلىدىڭ.

ساپلىقىڭغا تەڭمۇ كەلمەس دۇرۇ - گۆھەر زەر،
قاشلىرىڭ مىسلى كامالەك ياكى ھىلال ئاي قەدەر،
ئۆرتىنىپ ئىشقىڭدا كۆيدۈم، بولدى ھالىم كۆپ بەتتەر،
بەرگى گۇلشەن ئەي سەنەم، مەن ناتىۋانغا سال نەزەر،
كۆرسىتىپ ئايدەك جامالىڭ، ئەمدى پىنھان ئەيلىدىڭ.

تاجىك خەلق شېئىر - قوشاقلىرىدا رۇبائىلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل شەكىلدۇر. تاجىك خەلق رۇبائىلىرىغا ئاھاڭ ئىشلىنەپ ناخشا قىلىپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، ئاھاڭ ئىشلىگەندە كۆپىنچە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ بىر - بىرىگە ياندۇرۇپ ئوقۇش شەكلى ئاساس قىلىنىدۇ، يالغۇز كىشىلىك ئوقۇيدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. تاجىك خەلق رۇبائىلىرى يازما ئەدەبىياتتىكى رۇبائىياتنىڭ ئاساسى. تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچى بولغان روداكى يازما ئەدەبىياتتىكى رۇبائىياتنى خەلق رۇبائىلىرى ئاساسىدا رەتلەپ، تەرتىپكە سېلىپ، ئۇنى تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ بىر ژانىرىغا ئايلاندۇرغان، مەشھۇر تاجىك شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى ئۆمەر ھەييام ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈپ، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلغانىدى.

ئېگىز دۆڭگە سېلىنىپتۇ چوڭ گازارما،
دېيەرلەر كىم: «چۇشەر ئۇنىدىن ئاق شولا.»
مەن دەيمەنكى: «ئۇ بىر زىنداندەك گويا،
كۈن نۇرىنى توسۇپ تۇرغان زۇلمەت دۇنيا.»

× × × ×

قۇتۇلساق بىز ماجۇگىيلىك دېگەن يىرتقۇچتىن،
شىلىك شىسەي ئالۋاستى كەلدى ئۇنىڭ ئىزىدىن.
ئۇمۇ سالدى خەلققە كۆلپەت زۇلمەت — ستەم،
دەھشىتى ئاشتى چوڭ ئاپەت — مۆلدۈردىن.

ماماتتىن ئىزدىسەك ھايات يولىنى،
تاشلايلى بۈگۈن ئەسكى - تۈسكىنى.
قومۇرۇپ ئازابنى تېگىدىن بىراق،
خەلق كۆرسۇن ھاياتبەخش ئاپتاپ نۇرىنى.

تاجىك خەلقى ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك شېئىر - قوشاقلاردىن باشقا يەنە «نىگار - مەجنۇن»، «پەختەك»، «دوختەرى زەرىن»، «پەنج بىرادەر»، «پەرى گۈلچېھرە ۋە برانگۇل»، «دوختەرى قەيسەرى چىن»، «باباي پىرەك»، «ئاق بۆجەن»، «تاشقان» قاتارلىق داستانلارمۇ بار.

## 2. مۇزىكا

تاجىك خەلق مۇزىكىلىرى باشقا ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا ئوخشاشلا، ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىي كۈرەشلىرىنىڭ مەھسۇلى. ئۇلارنىڭ مۇزىكىسى ناخشا مۇزىكىسى،

«چۆرگىلەيدىغان پەلەك بۇ،
بىر ئىزدا تۇرمايدۇ.
دۇنيادا بەگ ــ ساھىبلىق،
زادى مەڭگۈ بولمايدۇ.

مەست بولمىغىن ئالدىنىپ،
شەيتان سۆزى ئېزىتقۇ.
ئازار بەرسەڭ دوستۇڭغا،
يار ــ ھەمدىمىڭ بولمايدۇ.»

دېگەن مىسرالىرى بىلەن ئەلىپبېكىكە «شەيتان سۆزى» گە ئىشىنىپ دوستلارغا ئازار بەرمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

«لونجىك» زۇلمەتلىك كونا دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلغان، تىغ ئۇچىنى بىۋاستە ھالدا شىڭ شىسەينىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاراتقان جەڭگىۋارلىقى بىلەن مەشھۇر. لونجىك تاجىك خەلق قوشاقچىسى، ئۇ شىڭ شىسەينىڭ ساقچى ئىدارىسىدە ئەسكەر بولۇپ، ئۇنىڭ زۇلمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، بۇ ھال ياش لونجىكنىڭ قەلبىدە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش جاسارىتىنى يېتىلدۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ خەلقنى جاھالەتلىك كونا دۇنياغا ئوت ئېچىشقا ئۈندەيدىغان «بىۋاپا» ۋە «ئاق قۇشۇم» قاتارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇ، بۇ ناخشىلىرىدا: «بىۋاپا سەن ھەي جاھان، سەن بىۋاپا، كەلدى سەندىن ئەزىز جانغا كۆپ جاپا» دەپ ۋاپاسىز جاھاندىن زارلىنىش بىلەنلا قالماي، بەلكي ئۇنى چوڭقۇر پاش قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

شەكلىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا ئاساسەن ئالتە مۇقامغا بۆلۈش مۇمكىن:

چاپ سۆز بۇ خىل شەكىل تاجىك ناخشا - مۇزىكىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. تاجىك ئۇسسۇللىرىمۇ كۆپىنچە مۇشۇ خىل مۇزىكا شەكلىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ تىمپا شەكلى مۇنداق بولىدۇ:

·|x ⊗ x ⊗ x x ⊗ | x ⊗ x ⊗ x x ⊗/ ياكى: |x ⊗ x ⊗ | x ⊗ x ⊗

بۇ تىمپا جانلىق - تىتىك بولغاچقا، ئۇسسۇل مۇزىكىسى ۋە ئىيتىشىشلاردا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدۇ.

مەيلىس بۇ مۇقام ئادەتتە كۆپچىلىك جەم بولۇپ مەشرەپ ئۆتكۈزگەندە، توي - تۆكۈن قىلغاندا ۋە ئايال - لار ئۇسسۇل ئوينىغاندا قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ تىمپىسى مۇنداق:

|△ x x △ x| ||x ⊗ x ⊗ ⊗

تىمباك سۆز بۇ خىل مۇقام (تۆۋەندىكى ۋول - ۋولەكىك، جۇن - جىگەرلەرمۇ ئوخشاش) ئۇغلاق تارتىشىش ۋە ئات بەيگىسى قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئورۇندىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىككى ئايال داپ چالىدۇ، ئىككى ئەر «بۇركۇت نەي» نى تەڭكەش قىلىدۇ. ئۇنىڭ تىمپا شەكلى داغدۇغىلىق جىددىي بولۇپ، تۈمەنلىگەن تۇلپارلارنىڭ بەس - بەستە بەيگىگە چۈشكەنلىكى، تۈمەنلىگەن ئەزىمەتلەرنىڭ ھۈنەر كۆرسىتىۋاتقانلىقى نامايان قىلىنىدۇ. ئۇنى ئاممۋى ئۇغلاق تارتىشىش ۋە بەيگە مارشى دېيىش مۇمكىن. بۇنىڭ تىمىسى ||x ⊗ x x ⊗ |x ⊗ x x ⊗ شەكلىدە بولىدۇ.

ۋول - ۋولاكىك بۇمۇ تىمباك سۆزگە ئوخشاش ئۇغلاق تارتىش ۋە بەيگىدە ئورۇندىلىدۇ. ئۇنىڭ تىمپا شەكلى مۇنداق:

||x·⊗ x⊗ x⊗ x x⊗ |x·⊗ x⊗ x⊗ x x⊗

ساز مۇزىكىسى، ئۇسسۇل مۇزىكىسى ۋە يالغۇز مۇزىكا. دەپ ئايرىلغاندىن تاشقىرى، چوڭ ھەجىملىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق مۇزىكا — «شەش مۇقامى» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شەش» تاجىكچە، ئالتە دېگەن سۆز بولۇپ، «شەش مۇقامى» (1) بۇزۇرۇگ؛ (2) راست؛ (3) ناۋ؛ (4) دۇگاھ؛ (5) سېگاھ؛ (6) ئىراق قاتارلىق ئالتە مۇقامدىن تەركىب تاپقان. بۇ مۇزىكا ئادەتتە تەمبۇر بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. «شەش مۇقامى» نەچچە ئەۋلاد مۇنەۋۋەر تاجىك سازەندىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ۋە تاجىك شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىدا پەيدىنپەي تاكامۇللاشقان كاتتا مۇزىكىدۇر.

تاجىك خەلق مۇزىكا تېمپلىرى كۆپىنچە 7/8 6/8 5/8 5/4 2/4 ۋە ئارىلاش تېمپلاردا بولىدۇ. ناخشىلار ئاھاڭ ئاۋاز دائىرىسى كۆپرەك بەش دەرىجە، سەككىز دەرىجە، توققۇز دەرىجە ھەم 12 دەرىجىگىچە قەدەر بولىدۇ. 16 دەرىجىلىكلەرمۇ بولىدۇ. مۇزىكا شەكلى كۆپرەك تاق مۇزىكا مىسراسىنى ئاساس قىلغان ھالدا يۇقىرى - تۆۋەن ئىككى مىسرالىق مۇزىكا جۈملىسىدىن تۈزۈلىدۇ ۋە باشقا شەكىللەرمۇ بار. ناخشا ئېيتىش كۆپىنچە بىرلىكتە ئېيتىش، نۆۋەتلىشىپ ئېيتىش قاتارلىق شەكىللەردە بولىدۇ. ناخشا تۈۋلىنىدىغان سورۇن ئاساسەن توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپلەردە بولغاچقا، بۇنداق سورۇنلاردا ناخشىچى ئۆزى داپ ياكى راۋاب چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ، باشقىلار ئۇنىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى تەكرارلايدۇ. بەزىدە ناخشا - ئۇسسۇل ئوييناپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىدۇ، باشقىلار ساز تەڭكەش قىلىدۇ. ئېيتىش شەكلى كۆپىنچە تاغلاردا ئەر - ئايال ياكى ئىككى ئەر ئوتتۇرىسىدا قوللىنىلىدۇ، بەزمە، مەشرەپلەردە بولسا، بۇ شەكىل ئاز قوللىنىلىدۇ.

تاجىك خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنى تېما، ھېسسىيات ۋە

تارىسى قوي ئۈچەيىدىن قىلىنىدۇ، پەردىسى بولمايدۇ، ياغاچ زەخمەك بىلەن چېلىنىدۇ. تارىنىڭ تۈزۈلۈشى A·A·E·E·C·F (ئىچىدىن سىرتقا) شەكىلدە بولىدۇ. ئاۋازى سەل پەسرەك ۋە يۇمشاق چىقىدۇ. كۆپ ساندىكى تاجىك ئائىلىسىدە مۇشۇ ساز بولىدۇ.

بىلانزىكوم. بۇمۇ رەبابقا ئوخشايدىغان ساز بولۇپ، رەبابتىن چوڭراق بېشى ھىلال ئاي شەكىلدە بولىدۇ، تارىسى توققۇز بولۇپ، ئاۋازى پەس ھەم بوم چىقىدۇ، پەردە باغلانمايدۇ. بىلانزىكوم باشقا سازلارغا قارىغاندا ئۆزگىچە رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭدا كۆپىنچە ئۆلگەنلەر ئۈچۈن مەرسىيە، ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ئۈچۈن قەسىدە ئورۇندىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە خاراكتېرى ئالاھىدە بولغاچقا، خەلق ئىچىدە ئانچە كۆپ تارقالمىغان. ھازىر سەنئەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىشكە، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق سەھنىلەردە چېلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تارا قۇرۇلۇشى مۇنداق:

.$bb_1$·#$b_1$·$b$·#$b$، #$b$#$a$

**نەي** تاجىكلار ئىشلىتىدىغان نەي ئىككى خىل. بۇنىڭ بىرى قارا قۇشنىڭ قانات سۆڭىكىدىن ياسالغان «بۈركۈت نەي» بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتر ئۆپچۆرىسىدە، نەي تۆشۈكىنىڭ دىئامېترى بىر يېرىم سانتىمېتر كېلىدۇ، ئىچى بوش، ئېغىزلىق يوق، تىك تۇتۇپ چېلىنىدۇ. تۆۋەنكى قىسمىدا ئۈچ ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ، ئاۋازى ئىنچىكە ۋە ئېگىز چىقىدۇ. ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى تارىخىي كىتابلاردا ھەم مۇزىكا تەزكىرىلىرىدە ئۈچ تۆشۈكلۈك سۆڭەك نەي توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر بار. دەسلەپتە بۇ «نەي دەستىلىك قامچا» دەپ ئاتالغان، چۈنكى دەسلەپتە ئۇ قوي سۆڭىكىدىن ئىشلىنىپ،

جون - جىگەر بۇنىڭ تېمپا شەكلى مۇنداق بولىدۇ:

△△X XXX | △△X XXX ||

مۇڭ - زار ۋە قەسىيد بۇ مۇقاملار ئاساسلىقى ئادەملەر ۋاپات بولغاندا ماتەم ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ، شۇنداقلا دىنىي پائالىيەتلەردىمۇ ئوقۇلىدۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا ئوخشاش بولمىغان سازلار تەڭكەش قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇسسۇلمۇ ئوينىلىدۇ. قەسىيد ئۈچۈن مەخسۇس «بىلەنزىكۇم» دېگەن چالغۇ ئەسۋابى چېلىنىدۇ. بۇلارنىڭ تېمپىسى:

|| 0 3 3 4 3 2 3 2 | 0 3 3 5 4 3 3

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەركىن تېمپىدا ئوقۇلىدىغان نۇرغۇن تاغ ناخشىلىرى ۋە نەي ئاھاڭلىرى بار. بۇلار تۆرلۈك ئولتۇرۇش، مەشرەپ قاتارلىقلاردا راۋاب ۋە باشقا سازلار بىلەن ئورۇندىلىدۇ. بۇ ئاھاڭلار تېمپا چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېسسىياتنى ئەركىن ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇھەببەت ناخشىلىرىدىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ.

### 3. چالغۇ ئەسۋابلار

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ قەدىمدىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەن مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ئاساسەن، رەبوپ، نەي، بىلانزىكوم، داپ، سېتار، قوپۇز قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئىسكىرىپكا ۋە غىجەكلەرمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

رەبوپ ئالتە تارلىق ساز بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ راۋىپىغا قارىغاندا، سېپى قىسقا، بېشى چوڭراق بولىدۇ، سېپى ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ، قارنىغا ئات ياكى ئېشەك تېرىسى كېرىلىدۇ،

كۆپىنچە رەبوپ، داپ، نەي ۋە سېتارلار تەڭكەش قىلىنىدۇ. ئۇسسۇل ئوينايدىغان مۇقاملار ئاساسەن چاپسۆز بىلەن مەيلىس بولۇپ، چاپسۆزگە ئىككى ئەر - ئىككى ئايال ياكى بىر ئەر - بىر ئايال جۈپ - جۈپ بولۇپ ئوينىسا، مەيلىسكە ئاساسەن ئاياللار ئوينايدۇ. ئۇسسۇل ئوينىغاندا ئاياللار بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئاق ياغلىق ئارتىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەيدۇ، بۇ هال خۇددى پەرۋاز قىلىپ يىراقلارغا ئۇچۇۋاتقان ئاق قۇنى ئەسلىتىدۇ.
تاجىكلارنىڭ ئۇسسۇلى ۋە نېيىنىڭ كېلىپ چىقىشى هەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: قەدىمكى زاماندا مۇز تاغ ئېتىكىدە بىر يېزا بولۇپ، ئۈچ تەرىپى ئېگىز يايلاقلارغا تۇتىشىدىكەن، بىر تەرىپىنى چوڭ دەريا كېسىپ ئۆتىدىكەن. بۇ يېزىدا سابىر ئىسىملىك زالىم ۋە ئاچكۆز بىر باي ئۆتكەنىكەن. يېزىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇنىڭ مالايلىرىكەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىكەن. بۇ يېزىدا ۋاپا ئىسىملىك بىر يىگىت ۋە گۈلمېهرى ئىسىملىك بىر قىز بولۇپ، بۇلارمۇ 12 يېشىدىلا باينىڭ مالايلىقىغا تۇتۇلغانىكەن، ۋاپا باينىڭ قوي - ئۆچكىلىرىنى، گۈلمېهرى ئوغلاق - قوزىلىرىنى باقىدىكەن، ئۇلار كۈندۈزلىرى دالىدا چارۋا باقسا، ئاخشىمى قوتاندا يېتىشقا مەجبۇر ئىكەن، ئۇلار بىر - بىرىگە تولىمۇ مېهرىبان ئىكەن، يىللار ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئارىسىدىكى ئامراقلىقىمۇ كۈچىيىپ بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ يۈرەك رىشتىلىرى بىر - بىرىگە باغلىنىپتۇ، شۇنداق قىلىپ بارا - بارا ئاشىق - مەشۇقلارغا ئايلىنىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، ئاخىر بۇ ئىش باينىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. مالايلارنىڭ بىر - بىرىگە كۆڭۈل بېرىشىنى ئۆزى ئۈچۈن هاقارەت هېسابلىغان باي ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشنى ئويلاپ، گۈلمېهرىنى ئۆي ئىشلىرىغا سالماقچى بوپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار بىر - بىرى-

ئات ھەيدەيدىغان قامچا دەستە قىلىنغان، كېيىن قوش سۆڭەكدىن ئىشلىنىپ، مۇزىكا ئەسۋابى بولغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا مارالبېشىنىڭ توققۇز ساراي دېگەن يېرىدىن تېپىلغان قارا قوش سۆڭەكتىن ياسالغان نەي پارچىسى بار. ئۇ ھازىرقى تاجىكلار ئىشلىتىدىغان نەيگە پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تاجىك خەلقى ئۇزاق قەدىمكى دەۋردىن تارتىپ مۇشۇنداق سۆڭەك نەينى ئىشلەتكەن.

سۇرناي بۇ خىل نەي سەندەل ياغىچى ياكى باشقا قىممەتلىك ياغاچتىن ياسىلىدۇ، چالىدىغان ئېغىزلىقى بولىدۇ، ئىچى كاۋاك، يەتتە تۆشۈكلۈك بولۇپ، 30 سانتىمېتىردىن ئۇزۇنراق، باش تەرىپى يوغان، ئاخىرى ئىنچىكىرەك بولىدۇ، تىك تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدۇ.

داپ داپنىڭ شەكلى ۋە ياسىلىدىغان ماتېرىياللىرى ئۇيغۇرلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش، لېكىن داپنى تۇتۇش ۋە چېلىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ داپ چېلىش ئۇسۇلى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئادەتتە بىر خىل تېمپىغا ئىككى ئايال تەڭ داپ چالىدۇ، بىر ئايال ھەر خىل ئوخشىمايدىغان تېمپىنىڭ ئاساسىي تېمپا ئۇدارىنى ئىگىلەيدۇ، يەنە بىر ئايال تۈرلۈك گۈزەل شەكىللەر ئارقىلىق تېمپىنى چېلىپ چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دولقۇنلىنىش ۋە چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزگىرىشى كۆپ خىل بولغان بىرلىك ئۇدار تېمپىسىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

### 4. خەلق ئۇسسۇللىرى

تاجىك خەلقى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىس بولغانلىقتىن، ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈنلەر ناخشا ـ ئۇسسۇلسىز ئۆتمەيدۇ، ياش ـ قېرى ھەممىسى ئۇسسۇل ئويناشنى بىلىدۇ. ئۇسسۇلغا

شۇنداق قىلىپ كۆلمىھەرنىڭ ھەرىكىتى نەپىس ئۇسسۇل بولۇپ شەكىللىنىپتۇ. نەتىجىدە داپ بىلەن نەي تەڭكەش قىلىپ ئوينىلىدىغان تاجىك ئۇسسۇلى بارلىققا كەلگەنىكەن.

تاجىك خەلق ئۇسسۇلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدا قانات قول، يىپىرىم قانات قول، چىپكە قول، ئارقا قانات قول، قولتۇق قول، ئالماش قول، تەسەددۇق قول، گىرە قول، بادالڭ قول، ئىپتەك قول قاتارلىق قول ھەرىكەتلىرى، جۈپ قەدەم، بىر جۈپ - ئىككى تاق قەدەم، تاق قەدەم، چېكىتمە قەدەم، بىر پۇت بىلەن ئارقىغا يېنىش قەدىمى، يانتۇ يالاڭ قەدەم قاتارلىق پۇت ھەرىكەتلىرى، جۈپ قول ۋە قولتۇق قول ھەرىكىتى بىلەن ئالدى - ئارقىغا چۆرگىلەش، بادالڭ قول بىلەن چۆرگىلەش، يىپىرىم قانات قول بىلەن چۆرگىلەشتەك چۆرگىلەش ھەرىكەتلىرى بولىدۇ. سالام بەرگەندە بەدەن ئالدىغا ئېگىشتۈرۈلىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن تاجىك خەلق ئۇسسۇللىرى ھەرقايسى تەرەپلەردىن خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ھازىر سەھنىلەردە ئوينىلىۋاتقان «پادىچى قىز» ۋە باشقا مۇنەۋۋەر ئۇسسۇللار تاجىكلارنىڭ ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇللىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلغۇسى.

### 5. ھېكايە - چۆچەك، ماقال - تەمسىل ۋە رىۋايەتلەر

ھېكايە - چۆچەك، ماقال - تەمسىل ۋە رىۋايەتلەر تاجىك خەلقى ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان. ھېكايە - چۆچەكلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئەزگۈچىلەرنىڭ ئاچكۆزلۈكى، ھاماقەتلىكى

نى ئەسلىشىدىكەن. بىر كۈنى ۋاپا ماللارنى ئوت - چۆپ، سۇلىرى مول يايلاقتا ھەيدەپ بېرىپ ئۆزى تاغ چوققىسىدا ئولتۇرۇپ گۈلمېھرىنى ئەسلەپ ناخشا ئېيتىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپتۇ. شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا بىر غۇيۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ۋاپا قارىغۇدەك بولسا، ماللار ئۈركۈپ بىر جىراغا توپلىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر بۆركۈت ئايلىنىپ يۈرگۈدەك، ھوۋۇلدىغان ئاۋاز بولسا، بۆركۈتنىڭ قانىتىدىن چىقىۋاتقۇدەك. ۋاپا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوقياسىنى بۆركۈتكە قارىتىپ ئېتىپتۇ، بۆركۈت شۇ ھامان يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. ۋاپا بۆركۈتنىڭ بەدەنلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنىكەن، ئىككى قانىتىدىن ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچچە كېلىدىغان، ئىچى كاۋاك ئىككى دانە سۆڭەك چىقىپتۇ، ئۇ شۇ سۆڭەكلەرنى يۇيۇپ تازىلاپ، بىرىنىڭ ئۇچىدىن پۈۋلەپ باققانىكەن، بايىقىدەك غۇۋۇلدىغان ئاۋاز چىقىپتۇ، كېيىن ئۇ سۆڭەكتىن يەنە بىر تۆشۈك ئېچىپ پۈۋلەپ باققانىكەن، ئىلگىرىكىدىنمۇ ياخشى ئاۋاز چىقىپتۇ، يەنە بىر تۆشۈك ئاچسا، ئاۋازى تېخىمۇ مۇڭلۇنۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئۈچ تۆشۈكلۈك نەي پەيدا بولۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاغ تەرەپتىن چىقىۋاتقان بۇ نەي ئاۋازى گۈلمېھرىگىمۇ ئاڭلىنىپتۇ، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك يارىنى كۆرۈش ئىستىكى تېخىمۇ ئۇلغىيىپتۇ، ھەر كۈنى سۇ ئېلىش ئۈچۈن دەريا بويىغا بارغاندا نەي ئاۋازىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاققىچە قۇلاق سالىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى گۈلمېھرى دەريا بويىدا ئولتۇرسا بىر توپ قۇش قاناتلىرىنى نەي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ تاغ تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك. گۈلمېھرى «مېنىڭمۇ قانىتىم بولسا، يارىم قېشىغا ئۇچۇپ كەتمەسمىدىم» دەپ ئويلاپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇ دەريا بويىغا بارغاندا، ئىككى قولىنى كېرىپ، نەي ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ، قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ھەرىكىتىنى دوراپ مەشق قىلىشقا باشلاپتۇ،

ئەسلىدىكىسىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ساقلىنىپ كەلگەن بىر ئورتاقلىق يەنىلا تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولغان ھالدا ھازىرقى رېئاللىقنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. مەسىلەن، «مۇز تاغ ئاتا» رىۋايىتىدە باتۇر ئۇۋچى يىگىت بىلەن گۈلشەن ئىسىملىك ساھىبجامال قىزنىڭ ساپ مۇھەببىتى ئوبرازلىق بايان قىلىندۇ. يەنى باتۇر ئۇۋچى يىگىت دىۋە - ئالۋاستىلاردىن قورقماي، جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، مۇز تاغ چوققىسىغا چىقىپ، «ئىلاھى گۈل» نى ئېلىپ ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت ياراتماقچى بولىدۇ، گۈل باققۇچى پەرىزات قىز (گۈلشەن) يىگىتنىڭ باتۇرلۇقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا چەكسىز مۇھەببەت باغلاپ، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا «ئىلاھى گۈل» نى باتۇر يىگىتكە تەقدىم قىلىدۇ، تەڭرى گۈل باققۇچى قىزنى مۇز تاغ چوققىسىغا مەڭگۈلۈك بەنت قىلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشتىن ئېرىمەس قار - مۇزلار ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «پەرھاد ئۇستىكى»، «ئاق جامەلىك پالۋانلار»، «قىز قورغىنى»، «رۇستەم پالۋان»، «بوركۆت نەي»، «بەلدىر»، «بازار دەشت»، «ئافراتىپسىياپ» قاتارلىق رىۋايەتلەردە تاجىك خەلقىنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر جايلار، قەھرىمانلار ۋە باشقىلار ئۆزىگە خاس مىللىي پۇراق بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

## 6. تىياتىر

تاجىك خەلقى ئىچىدە ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن تىياتىرلارمۇ بار. بۇ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ رەسمىي ئاپتورلىرى يوق بولۇپ، خەلق ئىجادكارلىرى تەرىپىدىن پەيدىنپەي تولۇقلانغان، ئۇلارنىڭ تىلى چۈشىنىشلىك، ۋەقەلىكى ئىخچام،

ۋە زالىملىقى قامچىلانسا، بەزىلىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەردلىكى، باتۇرلۇقى زوق - شوق بىلەن مەدھىيىلىنىدۇ، يەنە بەزىلىرىدە بولسا، پاك مۇھەببەت مەدھىيىلىنىپ ئىشقى ئەھلىنىڭ تولۇق ۋاپاسىزلىقلىرىغا نەپرەت ياغدۇرۇلىدۇ. تاجىك خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقالغان، داستان شەكلىدىكى چۆچەك «نىگار - مەجنۇن» دا نىگار بىلەن مەجنۇندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ پاك مۇھەببىتى كۈيلىنىپلا قالماستىن، پادىشاھنىڭ ھاماقەتلىكى، شاھزادە ۋە ۋەزىرلىرىنىڭ زالىملىقى چوڭقۇر پاش قىلىنىدۇ. «توزدىماس قىزىل گۈل» دېگەن چۆچەكتە ئەمگەكچى خەلقنىڭ (شۇ جۈملىدىن ئاياللارنىڭمۇ) ئەقىللىق كېلىدىغانلىقى، پادىشاھلارنىڭ بولسا ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان ئاچكۆزلۈكى ئۈستىلىق بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

تاجىك خەلقىنىڭ ماقال - تەمسىللىرى ئوبرازلىق، ئاددىي، قىسقا ۋە چوڭقۇر، مەنىلىك كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ماقال - تەمسىللىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، «ئېشەك ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتمۇۋالسا، ئۆزىنى تۇلپار ساناپتۇ» دېگەن تەمسىلدە، ئازغىنا نەتىجە بىلەن ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدىغان كىشىلەر ئېشەككە ئوخشىتىلىپ مەسخىرە قىلىنغان بولسا، «قىزىق سۈت ئاغزىڭنى كۆيدۈرسە، سوغۇق سۇنى پۈۋلەپ ئىچ» دېگەن تەمسىلدە ئىلگىرىكى خاتالىقلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كېيىنكى ئىشلارنى ياخشى ئىشلەشكە ئۈندىگەن.

تاجىك خەلقى ئىچىدە رىۋايەت بىلمەيدىغىنى يوق دېيىسە مۇبالىغە بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇلار «يىپەك يولى» ئۈستىگە جايلىشىپ، شەرق ۋە غەرب ئەللىرى بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىغا تۈرلۈك رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان. بۇ رىۋايەتلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ،

بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تىياتىرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ۋەقەلىك تولۇق يورۇتۇپ بېرىلمىگەن، لېكىن بۇنداق ئەنئەنىۋى تىياتىرلار تولۇقلاپ مۇكەممەللەشتۈرۈلسە، تاجىك خەلقىنىڭ بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى بېيىتىشقا پايدىلىق.

## 7. ھۈنەر - سەنئەت

تاجىكلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى كۆركەم ۋە چىرايلىق بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر يۇڭ چەكمەن، پالاس توقۇشقا ئۇستا كېلىدۇ، تاجىك ئاياللىرى كەشتە تىكىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن مەشھۇر. كەشتىلەرگە دىنىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئادەم، ھايۋان، قۇشلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلمەيدۇ، كۆپىنچىسىگە تۈرلۈك گۈل نۇسخىلىرى ۋە گېئومېترىيىلىك سىزىملار چۈشۈرۈلىدۇ. بۇنداق كەشتىلەر ئۆي جاھازلىرى ۋە ئاياللار بېشىغا كىيىدىغان كۈلتا، چاي خالتىسى، تاماكا خالتىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىنىدۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىگە كەشتە ئىشلەنگەننىڭ سىرتىدا پۆپەك چىقىرىلىپ مارجانلار ئۆتكۈزۈلىدۇ.

تاجىكلار يەنە ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىنى ياساشقىمۇ ئۇستا، توقۇملارغا چىرايلىق كەشتە تىكىدۇ، ئۈستىگە يۇڭ يىپتىن توقۇلغان «شالچە» (يېپۇق) ياپىدۇ، قامچىنىڭ دەستىسىگە كۈمۈش سىملار بىلەن ئۇلاپ چىرايلىق گۈللەرنى چىقىرىدۇ.

هەرىكەتلىرى قىزىقارلىق بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ياقتۇرۇپ كۆرىدۇ. بۇ سەھنە ئەسەرلىرىنى ھەرقانداق جايدا ئورۇندىغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھەشەمەتلىك دېكراتسىيە ۋە كىيىم - كېچەك كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، كىشىلەرگە چوڭقۇر تەربىيە بېرىدۇ ۋە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. «ئەبىشقا ئاغىچا» دېگەن ئوپېرا ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر قېرى باينىڭ بىر ياش قىزنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغانلىقى، بۇ قىزنىڭ قېرى باينىڭ تۇرلۇك توسقۇنلۇقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆز خىلىدىكى جورا تېپىشقا ھەرىكەت قىلغانلىقى، ئاخىر ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر يىگىتنى تاللاپ، يىگىت بىلەن يىراق جايلارغا كېتىپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئوپېرانىڭ قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى مەلۇم ئەمەس. لېكىن بۇنىڭدىن بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا دىنىي تەقىبنىڭ قاتتىق بولۇشىغا قارىماي، نىكاھ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بونداق ئوپېرالارنىڭ خەلق ئىچىگە تارقىلىشى ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىش. «بەدەخشانلىق سودىگەر» درامىسىمۇ مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە، كىشىلەر قىزىقىپ كۆرىدىغان درامىلارنىڭ بىرى. ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، تاجىكلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىگىلىكى ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى فېئوداللىق ناتۇرال ئىگىلىك بولۇپ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئارقىدا قالدۇرغانىدى، شۇڭا تاجىكلار ئىچىدە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. سىرت جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر تاشقورغانغا مال ئېلىپ كەلسە، خالىغانچە باھا قويۇپ، تاجىك چارۋىچىلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى. بۇ درامىدىكى ۋەقەلىك ئاشۇ چاغدىكى سودىگەرلەرنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ

جىددىي ئېلىشىش بولىۋاتقاندا چېلىنىدۇ؛ چەۋەندازلار ئوغلاقنى يەردىن ئېلىپ، توپ - توپ بولۇپ تارتىشىۋاتقاندا بولسا، «ۋەلۋەلىك» مۇزىكىسى چېلىنىدۇ؛ تارتىشىش تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە «جۇنجىگەر» چېلىنىپ، كىچىلىك چەۋەندازلارغا مەدھىيە ياڭرىتىلىدۇ. تاجىكلاردا ئوغلاق تارتىشىشقا ئاياللاردىن باشقا ھەرقانداق ئادەم قاتنىشىشقا بولىدۇ. ئوغلاق تارتىشىش جەريانىدا جېدەل چىقىرىشقا، گۇرۇھ بولۇۋېلىشقا، باشقىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈشكە، ئوغلاقنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

تاجىكلاردا يەنە ئوغلاق تارتقاندا مۇكاپات بېرىلىدۇ، بۇ «پەتتە» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇكاپات ئۇيۇشتۇرۇلغان ئوغلاق تارتىشىش كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاتناشقۇچى چەۋەندازلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ھەمدە ئوغلاق تاشلاپ بەرگۈچىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى - ناچارلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئاددەتتە ئوغلاق تارتىشىشنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشىدا، قېرىنداش، قەلەم، لۆڭگە قاتارلىق ئاددىي نەرسىلەر مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئوغلاق تارتىشىش تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە سائەت، چاپان، كىيىملىك رەخت قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

## 2. ئات بەيگىسى

ئات بەيگىسىمۇ ئوغلاق تارتىشقا ئوخشاش، توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئات بەيگىسى بەزىدە قىسقا مۇساپىلىك بولىدۇ، بۇنىڭدا ئانچە كۆپ ھەرىكەت سىجىللىقى ۋە داغدۇغا بولمايدۇ؛ كۆلىمى چوڭ، ئارىلىق مۇساپىسى ئۇزۇن بولغان بەيگىلەردە مۇكاپات تارقىتىلىدۇ، ئاتلار ئايرىم تاللىنىپ مەخسۇس بېقىلىدۇ. ئون كىلومېتىر مۇساپىلىك ئات

## 4 - بۆلۇم ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى

تاجىك خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن زىچ جىپسىلىشىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

### 1. ئوغلاق تارتىش

بۇ ئىلىمىزدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان، ئات ئۈستىدىكى تەنھەرىكەت بولسىمۇ، لېكىن تاجىك خەلقىدە ئۆزگىچە تۈس ئالغان، ئۇلاردا تەنھەرىكەت بىلەن سەنئەت بىرلىشىپ كەتكەن. تاجىك خەلقى قىز - يىگىت تويى، چاچ تويى، خەتنە توي، سۇ باشلاش بايرىمى قاتارلىقلاردا ئوغلاق تارتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئەر - ئايال، قېرى - ياش نۇرغۇن تاماشىبىنلار جەم بولىدۇ، ئۇلار ئايرىم بىر سورۇن تۈزۈپ، داپ - نەي چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، چەۋەندازلارغا مەنىۋى مەدەت بېرىدۇ، «ۋەلۋەلەك»، «تومبەكسۆز»، «جۇنجىگەر» مۇزىكىلارنى ئورۇندايدۇ. بۇ مۇزىكىلار چەۋەندازلار ھەرىكىتىگە زىچ ماسلاشقان. مەسىلەن، يىگىت تەرەپ قىز يۈتكەشكە كەلگەندە، قىز تەرەپ يىگىت تەرەپ ئۈچۈن تىرىك ئوغلاق تۇتۇپ بېرىدۇ، يىگىت تەرەپ ئات سىلىپ كېلىپ ئوغلاقنى يەردىن تىرىك پېتى ئۈزۈپ ئالىدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىتتا قىز تەرەپنىڭ ئادەملىرى يىگىت تەرەپنىڭ ئادەملىرىنى ئوغلاققا يېقىن يولاتمايدۇ، شۇنداق شارائىتتا يىگىت تەرەپ ماھارەت ئىشلىتىپ، ئوغلاقنى ئالىدۇ. «تومبەكسۆز» مۇزىكىسى مانا مۇشۇنداق

مېتر كېلىدىغان موما ياغاچ ئۈستىگە سۇ تولدۇرۇلغان پىيالە ياكى چىنە چەينەك قويۇلىدۇ. قارىغۇچى يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋېتىپ ئاتىدۇ. ئەگەر ئاشۇ پىيالە ياكى چىنىنى ئېتىپ چۈشۈرەلىسە، ئۇ كىشىگە مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ پائالىيەت توي - تۆكۈنلەردە ئېلىپ بېرىلاتتى، ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ئەسكەرلىرى پائالىيىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. بۇ پائالىيەت ھازىر ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ.

### 5. تەڭگە ئېلىش

بۇ ئۇسۇل مۇنداق: مەلۇم بىر يەرگە چوڭقۇرلۇقى 15 — 20 سانتىمېتر كېلىدىغان، قىل پاتقۇدەك ئورەك كولىنىپ، شۇ ئورەك ئىچىگە تەڭگە تاشلاپ قويىدۇ. كىشىلەر بىر بىرلەپ يۇقىرى سۈرئەتتە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋېتىپ ئورەك ئىچىدىن تەڭگە ئالىدۇ. ئەگەر كىم شۇ تەڭگىنى ئالالىسا، تەڭگە شۇنىڭ بولغاننىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭغا يەنە ئايرىم مۇكاپات بېرىلىدۇ.

تاجىك خەلقىدە يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە «سۇتاي» (تاش بىلەن قارغا ئېتىش)، سېيم - سېماك (مۆكۈ - مۆكۈلەڭ)، كېرىش (چېلىشىش)، كامالەك ئېتىش، پۇتكۇياك (پادىشاھ ئويۇنى)، ۋىژدوچ (سالغا ئېتىش)، تەپۇك (تەپكۈچ)، يۈگۈرۈش، يىراققا سەكرەش، ئېگىزگە سەكرەش، ئىلىك سۇندۇرۇش، لەڭگىرى پاي (بىر پۇتلۇق يۈگۈرۈش)، ئىلەڭگۈچ قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرىمۇ بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى تاجىك مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن.

بەيگىسى ئۈتكۈزۈشكە توغرا كەلسە، ئاتلار يېرىم يىل ئىلگىرى تالللىنىدۇ، بۇ جەرياندا ئاتلارنى سەمرىتىش، ئۇخلىتىش، تەرلىتىش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلار ئىشلىنىدۇ. ئات بەيگىسىنىڭ مۇكاپاتى ئۇچۇن تۆگە، ئات، قېتاز، كالا، قوي، سائەت قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، تارىختا ھەتتا ياماسۇمۇ بېرىلگەن. بۇنداق چوڭ كۆلەملىك ئات بەيگىسى تاشقورغان ناھىيىسىدە ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ.

### 3. چەۋگەن (ئات توپى)

چەۋگەن قەيسەرلىك ۋە ماھارەتنى ئاشۇرىدىغان بىر خىل تەنھەرىكەت تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە-نىزاملىرى بار. ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان ئادەم چەكلىك، مەيدان ئۆلچەملىك بولىدۇ. تارىختىي رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، ئات توپى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا بولغان. خاۋارىجلار ھەزرىتى ئەلىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۈسەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ چەۋگەن قىلىپ ئوينىغانلىقتىن، ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەر چاۋگەن ئويناشنى مەنئى قىلغان. شۇڭا تاجىكلاردا چەۋگەن ئويناش تازا ئومۇملىشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي توختاپ قالمىغان. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ھازىرغىچە چەۋگەن مەيدانىنىڭ خارابىسى ساقلانماقتا. تاجىك خەلقى ھازىرمۇ ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم چەۋگەن ئويناش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

### 4. تۇۋج (ئات ئۈستىدە قارىغا ئېتىش)

تۇۋج شەخسلەردىن يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەت. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: ئېگىزلىكى 7 — 8

پامىربەدەخشانغا كېلىپ، ئۇ يەردە 15 يىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ناسىر خىسراۋنىڭ «سەپەرنامە» دېگەن كىتابىدا قەيت قىلىنىشىچە، پامىربەدەخشاندا تۇرۇش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن ئىسمائىل مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. تاغلىق تاجىكلار شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، XVII ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ مۇخلىسلىرى-دىن سەيىد سوراپ ۋەلى (يەنە بىر ئىسمى سەيىد سالى)، سەيىد ھەسەن زەررابى، سەيىد جالال بۇخارى، جاھان مەلىكە شاھ قاتارلىقلار ئېلىمىزنىڭ سەرىكۇي تاجىكلىرى ئارىسىغا كېلىپ، دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، سەيىد سوراپ ۋەلى ھەتتا سەرىكۇينىڭ ھاكىم بېگى بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ كۈچەيگەن. ھازىر ئېلىمىز تاجىكلىرى ئىچىدىكى سەئىد-خوجىلار ئۆزلىرىنى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى ھېسابلايدۇ.

تاجىكلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنى «جامائەتخانا» دەپ ئاتىلىدۇ. جامائەتخانىنىڭ ياسىلىشى ئىسلام ئىمارەتلىرى شەكلىدە بولۇپ، مەسچىتلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ مۇرىدلىرى ناماز، مېيىت نامازلىرىنى ئوقۇغاندىن تاشقىرى، يەنە كىچىك باللارنى يىغىپ ساۋاق بېرىدۇ. بەزىدە تۈنەك كېچىسى ئۆتكۈزۈپ، ئاللاتائالا ۋە پەيغەمبەر-لەرگە ھەمدۇ-سانا ئوقۇيدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكى دىنىي خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىچە:

**1. ئىمام** ئىمام — ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكى ئەڭ ئالىي دىنىي باشلىق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇرىدلىرى ئۇنى «ھايات ئىگەم»

## 5 ـ بۆلۈم دىنىي ئېتىقاد

ئېلىمىزدىكى تاجىكلار ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى تاجىكلارنىڭ كۆپچىلىكى، بولۇپمۇ تۈزلەڭلىك تاجىكلىرى ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا قاچان تارقالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، لېكىن بىر قەدەر ئىشەنچلىك بولغان ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پېرتكول تاغلىق تاجىكلار (جۈملىدىن ئېلىمىز تاجىكلىرى) XI ئەسىردە مەشھۇر تاجىك شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى ئەبەمۇيىنىدىن ھەكىم ناسىر خىسراۋ بىنىنى ھارسى قەبۇدىيانى (مىلادى 1004 — 1088 - يىللار) نىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان، شۇڭا ئېلىمىز تاجىكلىرى ھازىرغىچە ناسىر خىسراۋنى «پىرى شاھ ناسىر خىسراۋ» دەپ ئاتايدۇ، دىنىي پائالىيەتلەرمۇ ناسىر خىسراۋنىڭ تەلىماتى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ناسىر خىسراۋ شۇ ۋاقىتتا ئىسمائىلچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان پاتىمە خاندانلىقىنىڭ ئىمامى مۇستەنسىربىللانىڭ يېنىغا بارغان، مۇستەنسىربىللا ئۇنى خوراسان زېمىنىدا ئىسمائىلىيە مەزھىپىنى تارقىتىش ئۈچۈن «ھۈججەت» نامى بىلەن ئەۋەتكەن. شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەب خەلىپىلىكىدە سۈننىي مەزھىپى ھۆكۈمران ئورۇندا بولغانلىقى ئۈچۈن، ناسىر خىسراۋ سۈننىيلارنىڭ قاتتىق تەقىبىگە ئۇچرىغان، ھەتتا بەلختە تۇتۇلۇپ قېلىنىشقا تاس قالغان، ئاخىر ئىلاجىسىز ئۆكىسى ئەبۇ سەئىد بىلەن

نى خان سەدىردىن.

3. قازى بۇ، ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان باشقا مىللەتلەردىكى قازىلارغا ئوخشاش، شەرىئەت بويىچە قانۇن يۈرگۈزگۈچىلەردۇر.

4. ئەلەم ئەلەم يەرلىك دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان موللىلاردىن تەيىنلىنىدۇ. ئۇ، تۈرلۈك ئىشلارنى دىنىي نۇقتىئىنەزەر (نەزەرىيە) جەھەتتىن ئىسپاتلاپ پەتىۋا چىقارغۇچىدۇر.

5. خەلىپە خەلىپىلەر «موكى» تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن. ئۆلۈم- يېتىم ئىشلىرىدا ناماز ئوقۇتۇش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرغۇچىدۇر.

تاجىكلار ئىچىدىكى دىنىي سېلىقلار تۆۋەندىكىچە:

1. سەركارى سەركارى ھەر قايسى ئائىلىلەرنىڭ شۇ يىلقى كىرىمىدىن تاپشۇرىدىغان قىسمى بولۇپ، قائىدە بويىچە ئوندىن بىر قىسمىنى تاپشۇرۇشى كېرەك. لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئائىلە ئۆزى خالىغان ساندىكى نەرسىنى ئاللا يولىدا سەدىقە قىلىدۇ، ئۇنى موكىلار ئالدىغا قويىدۇ، موكىلار پاتىھە ئوقۇپ ئۇنى ئالغاندىن كېيىن، ھەممىنى توپلاپ ئىمامغا تاپشۇرىدۇ. بۇ نەرسىلەر دىنىي پائالىيەت خىراجىتى قىلىنىدۇ ياكى بولمىسا مەكتەپ ئېچىش، جامائەتخانا سېلىش، يېتىم- يېسىرلارغا خەير- ئېھسان قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

2. دەرۋېزە بۇ، موكىلار ئۆزى ئالىدىغان مال- مۈلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقىم سانى بولمايدۇ. موكىلار ئۆز مۇرىدلىرىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، مۇرىدلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا دەرۋېزە ئۈچۈن ئاتىغان نەرسىلىرىنى قويىدۇ. ئۇنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمايدۇ. مۇرىدلار موكىلارنىڭ ئالدىغا قويغان نەرسىلەرنىڭ «سەركارى» ياكى «دەرۋېزە» ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ دىنىي سېلىقلار بىردەك بىكار قىلىندى.

دەپ ئاتايدۇ. يېقىنقى زاماندىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ مەشھۇر داھىيسى سۇلتان مۇھەممەد شاھ ئاغا خان بولۇپ، مۇرىدلىرى ئۇنى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ 48 - ئىمامى دەپ بىلىدۇ. سۇلتان مەھەممەد ئاغاخان 1877 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1957 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا نەۋرىسى كەرىم ھۇسەيىننى ۋارىسلىققا تەيىنلىگەن، كەرىم ھازىر شۇ ۋەزىپىنى ئۆتىمەكتە.

2. موكىلار موكىلار — ئىمام تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىغان، جايلاردىكى مۇرىدلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچىدۇر. ئۇلار مۇرىد توپلاش، ئۆز دائىرىسىگە خەلپە تەيىنلەش، سەركارى يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. مۇرىدلار قايسى موكىغا قول بەرگەن بولسا، شۇنى «پىر» ھېسابلايدۇ. يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن ئاسىپ، مەۋلا بەخشى، خان سەدىردىن، ئەبۇ سەئىدە، ياقۇپشا قاتارلىق تاجىكلارنىڭ ھەممىسى سۇلتان مۇھەممەد شاھ ئاغاخان ئىماملىق قىلغان دەۋردە موكىلىق ئۇنۋانىنى ئالغان كىشىلەردۇر. «موكى» لار ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل كىشىدىن تەيىنلىنىدۇ: بىر خىلى «سەئىد»لەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى ھېسابلايدۇ. ئەمما «سەئىد»-لەرنىڭ ھەممىسى «موكى» بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى دىنىي مەلۇماتى خېلى يۇقىرى بولغان، دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگىلەر ھەم ئىمام تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ پەرمان چۈشۈرۈلگەنلەر «موكى» بولالايدۇ. يەنە بىر خىلى ئۆزى «سەئىد» بولمىسىمۇ، لېكىن ئىمام ئالدىدا ئۇزاق ۋاقىت خىزمەت قىلىپ، ئىمام تەرىپىدىن «موكى» لىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالايدۇ، دەپ تونۇلغانلار. ئازادلىقتىن كېيىن، دىن سىرتىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، «موكى» تەيىنلەش توختاپ قالدى. ئىلگىرىكى «موكى» لاردىن ھازىر ھايات قالغ-

## ئۈچىنچى باب

# تارىخىي ئۆزگىرىشلەر

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. پامىر ئېگىزلىكىدىكى نۇرغۇن ئېدىرلار ۋە دەريا بويلىرىدا تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار ماكانلاشقان. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئەنە شۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئوزۇقلۇقى قىلىش ئۈچۈن، پامىر رايونىغا كەلگەن. شۇڭا بۇ جاينى ئىنسانلار ئەجدادلىرىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. يىراق شەرقتىن باشلاپ، ئاسىيا ۋە ياۋروپانى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان قەدىمكى «يىپەك يولى» پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ جاي «ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان كۆۋرۈك» كە ئايلىنىپ قالدى. كىشىلەر پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شۇنداق مۇھىم ئورنىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن پامىردىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئىلگىرى ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تاشقورغاندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر تاشقورغاننىڭ تارىخىنى ئېچىپ بېرىشكە باشلىدى.

تاجىكلاردا يەنە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، مازارلارنى تاۋاپ قىلىدىغان ئادەتمۇ بار. مازار تاۋاپ قىلىش، ئاساسلىقى، ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى داتۇڭ دېگەن جايدىكى باماقىل ۋەلى ۋە باماقىل مۇجەررەد مازىرىدىكى شەنچلەر ھەر يىلى بۇ مازارلاردىكى «تۇغ شەددە»نى كۆتۈرۈپ يۇرت ئايلىنىدۇ. قەيەرگە بارسا، شۇ يەردىكى كىشىلەر شۇ «تۇغ شەددە» نى تاۋاپ قىلىپ، ئازدۇر - كۆپتۇر سەدىقە قىلىدۇ، بۇ ئۆز جايىدا مازار تاۋاپ قىلىش ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر خىلى، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ئېغىرراق ئاغرىق - سىلاق ياكى ئاپەت يۈز بەرگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىگە يېقىنراق بولغان مازارلارغا بېرىپ، مال سويۇپ نەزىر قىلىپ، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ ئاسايىشلىق ئاتا قىلىشىنى، كەلگەن بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق مازار تاۋاپ قىلىشنىڭ مۇقىم ۋاقتى بولمايدۇ.

تاجىكلار تاۋاپ قىلىدىغان مازارلارنىڭ ئاساسلىقلىرى، مازار قويچىلىق فېرمىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى، خونجىراپ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى سەئىد ھەسەن مازىرى؛ تاشقورغان يېزىسىنىڭ قوزغۇن كەنتىدىكى ئەمىر بىننى ئەمزە مازىرى؛ تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى كونا تاش شەھەر خارابىسىنىڭ يېنىدىكى بەدىئۇززامان مازىرى (ئۇنى كىشىلەر «شاھ ئەۋلىيا مازىرى» دەيدۇ)؛ بەلدىر يېزىسىنىڭ شىندى كەنتىدىكى ئۆمەر مەئىدى كەرب مازىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەمىر بىننى ئەمزە بىلەن بەدىئۇز زامان مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى ئەمىر ھەمزە سائىبقۇراننىڭ ئوغۇللىرى ئىكەن، ئۇلار سەئىد ھەسەن ۋە ئۆمەر مەئىدى كەربلەرنى بىللە ئېلىپ دىن تارقىتىش ئۈچۈن تاشقورغان ئەتراپلىرىغا كېلىپ غازات قىلغاندا شېھىت بولغانلار ئىكەن.

قەۋەتتىدىكى يەر ئاستىدىن تېپىلغان. 1968 - يىلى جۇڭگو - پاكىستان تاش يولى ياسالغاندا، ئىشچىلار كەمە قازغاندا، ئاسارە - ئەتىقە ئىزلىرى ئېچىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېي ۋە ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى تەشكىللىگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى تاشقورغاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا بۇ كەملەرنىڭ ئىككىسىدە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ پائالىيەت ئىزىنى تاپتى، ئۈچ جايدا ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ قالغان ئوت ئىزى چىقتى، بۇ ئوت ئىزلىرىنىڭ ئېگىز - پەسلىك پەرقى 50 سانتىمېتر ئەتراپىدا بولۇپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەرلەردىن كۆل، كۆيگەن توپا، چالا كۆيگەن ئوتۇن ۋە ھايۋان، قۇشلارنىڭ سۆڭەكلىرى شۇنىڭدەك تاش قۇرال قاتارلىقلار چىقتى. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ تاش قوراللارنىڭ كۋارتس تاشتىن ياسالغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇ يەردە ساقلانغىنىغا ئەڭ ئاز دېگەندە، 10 مىڭ يىلدىن ئاشقان①.

جىرغال مەدەنىيەت ئىزىنىڭ تېپىلىشى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. چۈنكى شىنجاڭدا سىپتا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت ئىزلار ھەممىلا يەردە تېپىلغان بولسىمۇ، كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئىزلار تېپىلمىغانىدى. جىرغال ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزىنىڭ تېپىلىشى بۇ بوشلۇقنى

---

①(«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 1 - سانىدىكى «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جىرغالدىكى كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئىزلارنى تەكشۈرۈش» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن).

## 1 - بۆلۇم تاشقورغاننىڭ قەدىمكى تارىخىغا بىر نەزەر

ئىلگىرى كىشلەر تاشقورغان رايونىنىڭ تارىخى ئۈستىدە توختالغاندا، ساقلىنىپ قالغان ئاغزىنا يازما ماتېرىيال بىلەنلا چەكلىنەتتى، يازما تارىختىن بۇرۇنقى تارىخ ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش ئىمكانسىز ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق، تاشقورغاننىڭ يازما تارىختىن بۇرۇنقى سىرلىرىمۇ ئېچىلىشقا باشلىدى. ئالاقىدار تارماقلار 1976 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جىرغال ۋە شام بابا دېگەن جايلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ۋە قۇللۇق جەمئىيەتكە دائىر ئاسارئەتىقىلەرنى تاپتى. جىرغال خارابىسى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت خارابە بولۇپ، ئۇنىڭدىن شىنجاڭنىڭ شۇ دەۋرگە دائىر ئاسارئەتىقىلىرى تېپىلدى. شام بابا قەبرىستانلىقى بولسا، تاشقورغاننىڭ قۇلدارلىق دەۋرگە ئائىت خارابىدۇر.

جىرغال - تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 30 كىلومېتر يىراقلىقتىكى كىچىككىنە ئوتلاقنىڭ نامى. ئۇنى ئادەتتىكى خەرىتىلەردىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىنى تاشقورغان دەرياسى كېسىپ ئۆتكەچكە، بۇ ئوتلاقنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. بۇ ئوتلاقتىن نۇرغۇن قەدىمكى ئۆي - ئىمارەت، ئېرىق - ئۆستەڭ، تېرىلغۇ يەر ئىزلىرىنى ۋە قوپال ياسالغان ساپال پارچىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئىزى جىرغالنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى كۆچمە جىنسلاردىن ھاسىل بولغان كۆپ قەۋەتلىك ئېگىزلىكنىڭ 3 -

بەزىلىرى ئۆلچەمسىز يۇمىلاق ئىكەن. كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنىڭ ئالتىسىدىن مىس سىرغا، بىرنەچچە ساپال، تۆمۈر پارچىسى، ئۈچار قاناتلارنىڭ سۆڭىكى چىققاندىن باشقا ھېچ-قانداق ئاخىرەتلىك بۇيۇملار چىقمىغان. بىۋاسىتە توپىغا دەپنە قىلىنغان قەبرىلەردىن ساپال بۇيۇم، مىس بۇيۇم، تۆمۈر بۇيۇم، ئالتۇن بۇيۇم، ياغاچ بۇيۇم ۋە تاش، سۆڭەك، ھېقىق، مارجان، بېزەك قاتارلىق ئاخىرەتلىك بۇيۇملار چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كۆپى بېزەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا تۇرمۇش بۇيۇم-لىرى ئىكەن، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ھەممىدىن ئاز. ساپال بۇيۇملار يىرىك قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن قولدا ياسىلىپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا پىشۇرۇلغان، لېكىن سىرى تەكشى ئەمەس. مىس بۇيۇملارنىڭ ئاساسلىقى ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرى ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە قوي مۈڭگۈزى شەكلىدىكى بېزەك پارچىسىغا پامىر ئارقىرىنىڭ باش سۆرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، سىزىقلىرى ئاددىي، ئوبرازى چىن، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. ئىككى قەبرىدىن بىللە كۆمۈلگەن ئادەمنىڭ جەسىتى چىققان. ئۈچ قەب-رىنىڭ ئاغزىنى ياپقان ياغاچ ئەۋرىشكىسىنى كاربون - 14 بىلەن ئۆلچىگەندە، بۇ قەبرىلەرنىڭ مىلادىدىن IV—V ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلاندى.

شام بابا قەبرىستانلىقىدىكى جەسەتلەرنىڭ قەۋم تەۋەلىكى مەسىلىسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، بىر قەدەر ياخشىراق ساقلىنىپ قالغان بىر باش سۆڭەكنى تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ «ئاق تەنلىك-لەر ئىرقىدىكىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى» ئايدىڭلاش-قان. ئۇنىڭدىن باشقا «تاشقورغاننىڭ غەربىدىكى پامىر دەرياسى بىلەن ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسىدا بۇرۇن بەزى قەبرىلەر قېزىلغان، بۇ قەبرىلەرنىڭ شەكلى، تۈزۈلۈشى ۋە ئاخىرەتلىك قىلىنغان سا-پال بۇيۇملار شام بابا قەبرىستانلىقىدىكىلەر بىلەن ئاساسەن

دەسلەپكى قەدەمدە تۈرلەندۈردى. بۇ، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋر-
دىكى ئانتروپولوگىيە تارىخىنى ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ يازما تارى-
خىدىن بۇرۇنقى تارىخىنى بۇ رايوننىڭ 4 - ئىرادىكى گېئولوگ-
يىلىك تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنىڭدەك تاشقورغان
رايونىنىڭ قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيىتى، ئېلىمىز تاجىكلارنىڭ
تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تاشقورغان رايونىدىكى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ پائالىيىتى
ھەققىدە تېخى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىل-
مىدى، پەقەت جىرغال مەدەنىيەت خارابىسىدىن شۇ نەرسە ئايان
بولدىكى، كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپلا تاشقورغان را-
يونىدا ئىنسانلار پائالىيىتى باشلانغان، ئۇلار قوپال تاش قورال-
لاردىن پايدىلىنىپ، ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلاپ تىرىپ-
توپ تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە دائىم كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر
بولغان. تاغ ئىچىدىكى ئۆڭكۈرلەر، ئۇلارنىڭ پايدىلىنىش ماكانى
بولغان. ئۇلار شۇ ئاساستا، قورال - سايمانلارنى تەدرىجىي
ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈپ، تەدرىجىي
ھالدا ئۇنجى سىنىپىي جەمئىيەت — قۇلدارلىق جەمئىيەتكە كۆچ-
كەن. شام بابا قەدىمكى قەبرىستانلىقى تاشقورغان رايونىدىكى
ئىنسانلارنىڭ قۇلدارلىق جەمئىيىتىگە ئۆتكەن ۋاقتىدىكى مۇھىم
مەدەنىيەت خارابىسىدۇر. 1976 - يىلى 9 - ئاي ۋە 1977 - يىلى
6 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى يولداشلار شام
بابا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئىككى قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 40 قەبرە قازدى. مەلۇم بولۇشىچە،
بۇ 40 قەبرىدىن كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغانلار 19، توپىغا كۆ-
مۈلگىنى 21 ئىكەن، بۇ قەبرىلەر تاش دۆۋىلەپ ياكى تاش
سۇپا قوپۇرۇپ بەلگە سېلىنغان. لەھەدلەرنىڭ بەزىلىرى سوقىچاق،

زاماندا تاشقورغاندا زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، لېكىن بۇ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ قاچان تاماملانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىيال يوق.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان پامىردىكى بەگلىكلەر بەلكىم شۇنداق قۇلدارلىق تۈزۈمنى ئاساس قىلغان كىچىك بەگلىكلەر بولسا كېرەك. كىتابتا بۇ بەگلىكلەردە تەسىس قىلىنغان مەنسەپ ئىسىملىرىمۇ ئوتتورىغا قويۇلغان، دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىرخىل ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى، تاشقورغان رايونىدا قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ تىكلەنگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ مەركىزى تۈزلەڭ رايونلىرىنىڭ پەيدىنپەي فېئوداللىق تۈزۈملەرگە ئۆتۈشىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭ (جۈملىدىن) پامىر ئېگىزلىكىدىمۇ فېئوداللىق تۈزۈم بارلىققا كەلدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پامىر ئېگىزلىكىدە بىرقانچە بەگلىكلەر ئۆتكەن، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بۇ بەگلىكلەر ھەققىدە خاتىرىلەر يېزىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن پۇلى بەگلىكى ھازىرقى تاشقورغان ناھىيىسى ئەتراپىدا دەپ قاراپ، تاشتورغان ناھىيىسىنىڭ ئىسمىنى پۇلى ناھىيىسى دەپ قويغاندى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بۇ بەگلىكلەر ھەققىدە خاتىرىلەر بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ تەۋەلىكى ۋە چېگرىسى ئېنىق بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئورنىنى ئېنىقلاش قىيىن بولماقتا. لېكىن بۇ بەگلىكلەردىن بەزىلىرى ھەقىقەتەن تاشقورغان بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ بەگلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى بىلىش ھەقىقەتەن قىيىن، ئۇنى ھازىرقى چېگرا سىزىقى بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدۇ.

ئوخشايدۇ»① سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر ئۇنى «ساك قەۋمىنىڭ خارابە ئىزلىرى» دەپ قارىغان. شۇڭا بۇ قەبرىلەر ساك قوۋمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ساكلار بولسا، ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان، شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى خەلق. ئېلىمىزنىڭ تاشقورغان رايونىدىن باشقا ئىلى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىن ساكلار مەدەنىيىتىگە دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلار تېپىلغان. ھازىر ئېلىمىزدا ياشاۋاتقان تاجىكلارنىڭ تىلىمۇ ساكالارغا ئوخشاشلا شەرقىي ئىران تىلىغا مەنسۇپ، بەزى تىلشۇناسلار سەرىكۆي تىلى ۋە ۋاخان تىلىنى ساك تىلى ھېسابلىماقتا. دېمەك، ساكلار بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش — تاجىكلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە تارىخىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىرقى ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، تاشقورغاندىكى تاجىكلارمۇ باشقا جايلاردىكىدەك ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. شام بابا قەبرىستانلىقىدىن دېھقانچىلىققا دائىر نەرسىلەر چىقمىدى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەبىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شام بابا قەبرىستانلىقىدىكى جەسەتلەر ئىچىدىن ھەم دەپنە قىلىنغان، ھەم پۇت - قوللىرى كېسىپ كۆمۈلگەنلەر چىقتى، مانا بۇلار تاشقورغاندا ياشىغان تاجىكلارنىڭ قۇللۇق جەمئىيەتكە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى.

دېمەك، شام بابا قەبرىستانلىقىدىكى ئەھۋاللار قەدىمكى

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر»، «ئارخېئولوگىيە گېزىتى» 1981 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى.

لەردە پەيدا بولغان.

قىرپاند دۆلىتى دەل «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم ئۆتكىلىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. شۇڭا ئۇ پامىردىكى بەزى جايلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئۇنىڭ تازا گۈللەنگەن ۋاقتى جەنۇب ۋە شىمال سۇلالىلىرى دەۋرى بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى چېگرىسى غەربتە ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى بەدەخشان دۆلىتى (مىلادى V ئەسىردە يەپتاللار تەرىپىدىن قۇرۇلغان دۆلەت، پايتەختى ئافغانىستاننىڭ پەيزئۇات شەھىرى)، جەنۇبتا جىبىن (غەربتىكى قەدىمكى دۆلەت، ئورنى ھازىرقى كەشمىر ئەتراپىدا) بىلەن، شىمالدا قەشقەر، شەرقتە قاغىلىق بىلەن چېگرىداش ئىدى. تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، قىرپاند دۆلىتى پايتەخت شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى ئون چاقىرىمدىن كۆپ ئىكەن، شەھەر تاش تاغنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، تود دەرياسىغا قاراپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ يەنە 12 شەھەر قەلئەسى بولغان. «تاغ چوققىلىرى بىر - بىرىگە تۇتاشقان بولۇپ، تۈزلەڭ - ئېدىرلىرى تار... دەل - دەرەخ، مېۋە - چېۋىلىرى ناھايىتى ئاز» ئىكەن («بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلارغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»). يۇقىرىدا دېيىلگەن تود دەرياسى زەرەپشان دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى، تاشقورغان دەرياسى بولسا، زەرەپشان دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا بىر قەدىمكى تاش شەھەر خارابىسى بار، بۇ شەھەر شەھەر سېپىلى، ئاھالىلەر ئۆيلىرى ۋە ئەمەلدار - بەگلەر سارىيى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 3600 مېتىردىن ئاشىدۇ. سېپىل تاش ۋە لاي بىلەن قوپۇرۇلغان، بىرقانچە جايىدا كېسەك بىلەن سېلىنغان پوتەيلەرمۇ بار. شۇ

ئومۇمەن ئېيتقاندا، پامىر ئېگىزلىكىدە پەيدىلىپەي ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىساد راۋاجلىنىپ، «قىرپاند» دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس يارىتىلدى. «قىرپاند» دۆلىتى شۇ دەۋردە پامىر ئېگىزلىكىدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەردىكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر ئاساسىدا قۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئاھالىسى ھازىر تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 2 - بۆلۈم قىرپاند دۆلىتى

مىلادى III ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە IV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاساسىدا، تەرەققىياتى تېزرەك بولغان بەزى بەگلىكلەر تەرەققىياتى ئاستاراق بولغان بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشقا باشلىدى، شۇنداق قىلىپ بىرقانچە چوڭراق ھاكىمىيەتلەر بارلىققا كەلدى. مانا شۇلارنىڭ بىرى قىرپاند دۆلىتىدۇر. قىرپاند دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە «لوياڭ جالەن تەزكىرىسى»دە، سۇڭ يۈەن ساياھەت قىلىپ قىرپاند دۆلىتىگە كەلگەندە، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھى قىرپاند دۆلىتىنىڭ 13 - ئەۋلادى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. سۇڭ يۈەن مىلادى 519 - يىلى قىرپاند دۆلىتىگە كەلگەن. مىلادى 644 - يىلى شۈەنجۇاڭ قىرپاند دۆلىتىگە كەلگەندە ئۇدىيانا بەگلىكىنىڭ قىرپاند دۆلىتىگە بېقىنغىنىغا بىرقانچە يىل بولغان، بۇنىڭدىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، قىرپاند دۆلىتى تەخمىنەن مىلادى II، III ئەسىر-

زامانىغىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن، پەقەت شىلىڭ شىسسەي دەۋرىگە
كەلگەندىلا بىكار قىلىنغان. بۇ تاش شەھەر خارابىسى
ھازىرمۇ قەدىمكى قىرپاند دۆلىتى تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى
بولۇپ تۇرماقتا.

قىرپاند دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى شۇ ۋاقىتتىكى تاشقورغان
ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە زور ئۆزگىرىش
بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. قىرپاند دۆلىتى ئۆزىنىڭ «يىپەك
يولى» ئۈستىدە بولۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد ۋە
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. ئۇ
ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتكەن
كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان. بۇ دۆلەت بىرقانچە
ئورۇندا شەھەر بەرپا قىلغان، شەھەر ئەتراپىدا ئورغۇن يېزا-
كەنتلەر بولغان، پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەر شەھەر ئىچىدە تۇرغان،
ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە مال-مۈلكىنى قوغداش
ئۈچۈن، قانۇن-تۈزۈملەرمۇ تۇرغۇزۇلغان، خەلق ھۆكۈمرانلىرىغا
باج-سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر قىلىنغان. بۇ دۆلەتنىڭ كۈچلۈك
دۆلەت بولغانلىقى شۇ يەردە ئىسپاتلىنىدۇكى، ئۇ خېلى
بۇرۇنلا ھىندى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى دەنچاسلو دۆلىتىگە
ھۇجۇم قىلغان①.

قىرپاند دۆلىتى قۇرۇلغان دەۋرلەردە بۇ يەرگە بۇددا
دىنىمۇ كىرگەنىدى، بۇددا دىنى قىرپاند دۆلىتىنىڭ دۆلەت
دىنى بولغان. بۇ دۆلەتنىڭ شۇ چاغدا 500 دىن ئارتۇق راھـ
بى، ئون نەچچە ئورۇندا ئىبادەتخانىسى بار ئىدى. پادىشاھ

① (دەنچاسلو — قەدىمكى دۆلەت بولۇپ، ئورنى ھازىرقى پاكىس-
تاننىڭ راۋالپىندى شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. دەنچاس-
لو دۆلىتىنىڭ چېگرىسى پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر ئۆلكىسى بىلەن ئافغانىستاننىڭ
شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

ۋاقىتتىكى پادىشاھ سارىيى خارابىسىنى ھازىر كىشىلەر «كونا يامۇل» دەپ ئاتايدۇ. بۇ كونا يامۇلدىن تېپىلغان ياغاچ كۆمۈر-نى كاربون - 14 بىلەن تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ سېلىنغانلىقىغا 1300 يىلدىن كۆپ بولغانلىقى ئېنىقلاندى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولو-گىيە تەتقىقات ئورنىدىكى يولداشلار بۇ تاش شەھەر خارابى-سىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ چەنيۈەن يىللىرى-غا دائىر مىس يارماق ۋە سانسكرىتچە يېزىق پارچىلىرى-نى تاپتى.

تاشقورغاندىكى بۇ تاش شەھەر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، نۇرغۇن ئالىملار بۇ شەھەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. مىلادى II ئەسىردە ئۆتكەن گرېك ئالىمى پتولمى ماكدونىيىلىك سودىگەر مائېس تىتايو-نوسنىڭ «سېرىس دۆلىتى» (seres) گە قىلغان سەپىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھامادان، چاھرود ۋە مەرۋى قاتارلىق جاي-لارنى بېسىپ ئۆتۈپ، باكترىيىنىڭ پايتەختى باكترا (بەلخ)-كە بارغاندىن كېيىن، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ مەشھۇر تاش شەھەرگە بارغانلىقىنى خاتىرىلىگەن، تاش شەھەر شۇ ۋاقىتتا كاتتا سودا مەركىزى بولغان. فرانسىيىلىك ل. بويىلنويىس «يىپەك يولى» دېگەن ئەسىرىدە تىتايانوس بارغان تاش شە-ھەر — تاشقورغاندىكى تاش شەھەر دەپ يازىدۇ①.

بۇ تاش شەھەر قىرپاند بەگلىكى دەۋرىدىن تارتىپ بىر قانچە ئەسىرگىچە تاشقورغاننىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. شەھەر سېپىلى ۋە ئاھالىلەر ئۆيلىرى بۇرۇنلا خارابىلىققا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلدار يامۇلى يېقىنقى

① (ل. بويىلنويىس: «يىپەك يولى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى 4 - ئاي خەنزۇچە نەشرى» 58 — 59 - بەتلەر).

بىرىنچى تاشقورغانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

قىرپاند دۆلىتىدە يەنىلا چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى، ئۇ يەردە كالا، قوتاز، ئات، تۆگە، قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلار بېقىلاتتى. پامىر ئېگىزلىكىدىكى مول تەبىئىي ئوتلاق قىرپاندلىقلارنىڭ چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىرپاند دۆلىتىدە قول سانائەتمۇ خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغان. «لياڭنامە. جۇرجانلار تەزكىرىسى» نىڭ «قىرپاند» بابىدا: قىرپاند دۆلىتىدىن «ناھايىتى ياخشى كىگىز، ئالتۇن، قاشتېشى چىقىدۇ» دەپ يېزىلغان. قىرپاند دۆلىتى مەزگىلىدە كانچىلىقمۇ خېلى راۋاجلانغان. زەرەپشان دەرياسىدىن كېپەك ئالتۇن چىقاتتى. زەرەپشان دەرياسىدىن ئالتۇن سۈزۈش تاكى ئازادلىققا قەدەر داۋاملاشقان. «راسكام» دېگەن ناممۇ ئالتۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «راست كان» دېگەنلىكتۇر. قىرپاندلىقلار پاختا رەختتىن «تار يەڭلىك ئۇزۇن چاپان» ۋە «تار پۇشقاقلىق ئىشتان» كىيگەن. «لياڭنامە. جۇرجان تەزكىرىسى، قىرپاند بابى»). تاشقورغان سوغۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەردە كېۋەز تېرىمايتتى، ئۇلار ئاشۇنداق كىيىم كىيىدىغان پاختا رەختلەرنى كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردىن تاۋار ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن كىرگۈزەتتى.

قىرپاند دۆلىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە «يىپەك يولى»نىڭ تاشقورغاندىن ئۆتىدىغان قىسمى ناھايىتى راۋاجلاشقانىدى، قىرپاند دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بۇ يولنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قوشنا دۆلەتلەردىن يەر ئېلىپ، بىرمۇنچە جايلاردا ئۆتەڭ، قونالغۇلارنى قۇرۇپ، سودا كارۋانلىرىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى. «بېيىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرى-

يەنە قوشنا دۆلەتتىن ئۆزىنى «ئالەمنى يورۇتقۇچى» دەپ ئاتىۋالغان ھەم مەشھۇر تۆت راھىبنىڭ بىرى بولغان تۆگشۈنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ ھەشەمەتلىك بىر ئىبادەتخانا سالدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن شۇ ئەتراپتا تەسىرى چوڭ بولغان بۇددا دىنى مەركىزى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن قىرپاند دۆلىتى پادىشاھىنىڭ بۇددا دىنىغا ئىخلاسمەن تەقۋادار بۇددىست ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قىرپاند دۆلىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە تاشقورغان ئەتراپىدىكى كىشىلەر دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نۇرغۇن يېزا - كەنتلەرنى بەرپا قىلغان، بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا بۇرالغان. بۇ ھەقتە «لوياڭ جالەن خاتىرىلىرى»دە مۇنداق يېزىلغان: «قىرپاندلىقلار ئۆستەڭ سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدۇ، جۇڭگودا تېرىقچىلىقنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئېتىزلار يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ دېگەننى ئاڭلاپ، ئىلاھىنىڭ ئۇلارنى مۇنداق تەمىنلىگىنىگە نېمە دېگىلى بولىدۇ دەپ ھەيران قالدى» (5 - جىلد). بۇ يەردە ئاساسلىقى، بۇغداي تېرىلاتتى. ھازىر تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ھەرقانداق جايىدا، بولۇپمۇ زىرائەت ئۆستۈرۈشكە بولىدىغان بىرقەدەر تۈزلەڭلىك جايلىرىنىڭ ھەممىسىدە قەدىمكى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ خارابىسىنى كۆرەلەيمىز. تاشقورغان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى «پەرھاد ئۆستىڭى» ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر. «پەرھاد ئۆستىڭى» توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا ناھايىتى تەسىرلىك رىۋايەتلەر بار، ئەمەلىيەتتە ئۇ تاشقورغان خەلقىنىڭ تارىختا تەبىئەتكە قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. قەدىمكى زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ناھايىتى قالاق بولغان ئەھۋال ئاستىدا، كىشىلەر شۇنچە زور ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ

تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقى خوتەنلىكلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ دېيىلسە، بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا قەشقەرلىقلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ دېيىلگەن. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ تىلى يەنىلا شەرقىي ئىران تىلى بولۇپ، قەدىمكى سوغدى يېزىقىنى قوللانغانلىقى ئېھتىمالغا بەك يېقىن.

قىرپاند دۆلىتى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پامىردىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ، ئىچكىرىدىكى خاندانلىقلار بىلەن باغلىغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى، مەيلى بۆلۈنۈپ كەتكەن جەنۇب ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى بولسۇن ياكى لىياڭ سۇلالىسى دەۋرى بولسۇن، قىرپاند دۆلىتى دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ، شىمالىي ۋېي ۋە لىياڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان ھەم ئۇلارغا ئۆزىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سوۋغا - تارتۇق قىلغان. 435 - يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن ئەلچىسى يېرىم يولدا جۇرجانلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىدۇ. كېيىنكى يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى يەنە ئالتە كىشىلىك ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئويسۇن خانى ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ ھەمدە ئۇلارنى پەرغانە ۋە چاش (ھازىرقى تاشكەنت)غا يولغا سېلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىلەرنىڭ ئىشى ئۇتۇقلۇق بولىدۇ. مىلادى 439 - يىلى، پىشامشان، قۇنچۇر، كىنگىت، كۇچا، سۇلاغ، قىرپاند، ئويسۇن، ياپبان، پەرغانە، چاش ۋە سوغدى خانلىرى شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ پايتەختى يەنجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغا تەقدىم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىڭگۇەن 2 - يىلى (مىلادى 453 - يىلى)، ۋېي سۇلالىسىنىڭ خېپىڭ 3 - يىلى (مىلادى 462 - يىلى)، ۋېي سۇلالىسىنىڭ جىنمىڭ 3 - يىلى (مىلادى 502 - يىلى) يەنە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغا تەقدىم قىلغانىدى.

دىكى غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابتىكى ئۇن مىڭدىن ئارتۇق سودىگەرنىڭ نەچچە مىڭ تۆگە بىلەن چېچەكلىك داۋىنىغا كەلگەندە قار-شىۋىرغاندا قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ھەمدە قىرپاند دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئۇلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش، مال-مۈلۈكلىرىنى يىغىپ قونالغۇ-ئۆتەڭلەرنى سالدۇرغانلىقى، قوشنا دۆلەتلەردىن يەر سېتىۋېلىپ قورغان بەرپا قىلىپ، بېرىش-كېلىشنى راۋاجلاندۇرغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر شۇ چاغلاردا تاشقورغان ئارقىلىق ئۆتىدىغان سودا يولىنىڭ ئاۋاتلاشقانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قىرپاند پادىشاھىنىڭ سودا يوللىرىغا قونالغۇ-ئۆتەڭلەرنى سېلىپ، سودا-سېتىق يولىنى راۋاجلاندۇرغانلىقى يالغۇز سودا كارۋانلىرى ۋە باشقا يولۇچىلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى قىرپاند دۆلىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كىگىز، يۇڭ، چارۋا، ئالتۇن ۋە قاشتېشى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى مۇشۇ سودا يولى ئارقىلىق قوشنا دۆلەتلەرگە چىقىرىپ، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان پاختا رەخت، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرغان.

قىرپاند دۆلىتى گۈللەنگەن مەزگىللەردە ئۇرۇش-جېدەل، بۇلاڭچىلىق قاتارلىقلار ئاز بولۇپ، جەمئىيەت تەرتىپى بىرقەدەر تىنچ ئىدى، ئاقسۆڭەكلەر ۋە راھىبلارنىڭ خەلق ئۈستىدىكى باج-سېلىقلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغان، شەھەر-يېزىلىرى ئاۋاتلىشىپ، ئاھالىسى كۆپەيگەن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىپ، ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى قىرپاندلىقلارنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ تۈرتكە بولغان. ئۇلار خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللانغان. بەزى

قىرپاند دۆلىتى تەخمىنەن بىر نەچچە يۈز يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىۋەن يىللىرىدا (تەخمىنەن مىلادى 13 -- ( 727 - يىللىرى) قىرپاند دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بىر قىسىم كىنىشلەرنى باشلاپ، تۈبۈتلار تەۋەلىكىگە ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى بۇ يەردە پامىر بوقالىسىنى قوردى (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى ۋە بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىلىرى ھەم مەمۇرىي ئورگان، ھەم ھەربىي قوماندانلىق ئورگىنى ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى باشقا جايلاردىكى قوشۇنلارغا ئوخشاشلا قوشۇن، بوقال، قەلئە، قورغان قاتارلىق دەرىجىلەرگە بۆلۈنەتتى)، پامىر بوقالى ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قارايتتى.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، قىرپاند دۆلىتى پادىشاھىنىڭ تۈبۈتلارغا ئەل بولۇپ كېتىشىدە، تۈبۈتلارنىڭ ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئېلىپ بارغان پاراكەندىچىلىكى رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا خېلى كۈچەيگەن، تۈبۈتلار شىنجاڭدا ئىسيان كۆتۈرۈپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغان غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ، تىنماي توپىلاڭ كۆتۈرگەن ھەم غەربتىكى تۆت قورغاننى بىر مەھەل ئىشغال قىلىۋالغانىدى. قىرپاند پادىشاھى مانا مۇشۇنداق تەھدىت ئاستىدا تۈبۈتلارغا ئەل بولغان. بۇ ۋەقە تاشقورغان تارىخىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، قىرپاند دۆلىتى دەۋرى تاشقورغان رايونى، جۈملىدىن پامىر رايونىنىڭ تارىخىدا بىر گۈللەنگەن، چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ. ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، «قىرپاند دۆلىتى» نىڭ تارىخى تېخىمۇ ئايان بولغۇسى.

V ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غەربتىكى ئىفتالىتلار① شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، كۇچا، ئاقسۇ، سۇللاغ، قىرپاند، قاغىلىق، ئۇدۇن قاتارلىق يەرلەرنى جۇرجانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن قىرپاند دۆلىتى بىر مەھەل ئىفتالىتلارغا تەۋە بولۇپ قالغان.

تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەن 14 - يىلى، مىلادى 640 - يىلى غەربىي يۇرتقا ئەنشى بۈيۈك قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى چېگرىسى خەن سۇلالىسىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، بۇ ۋاقىتلاردا قىرپاند دۆلىتى يەنىلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى بۈيۈك قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارايتتى، قىرپاندنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلىپ تۇراتتى. قىرپاندنىڭ سۇللاغ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئۇ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇھىم قاتناش لىنىيىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتتىكى غەرب دۆلەتلىرى (مېسلەن، ئىران) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ خېلىلا قويۇق ئىدى. «قىز قورغان» ھەققىدىكى رىۋايەت قىرپاندنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى ئەگرى - توقايلىق بىلەن ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان، ئىران قانى سىستېمىدىكى قەبىلىلەردىن ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

---

① (ئىفتالىتلار ئاق ھونلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئەسلى سەددىچىننىڭ شىمالىدا ياشىغان. تەخمىنەن V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇجانلار شىمالىي ۋېي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئىفتالىتلار جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئۇلۇغ ياۋچىلار ئېلىغا بېسىپ كىرىپ، ئىفتالىتلار دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ياكى «يەپتال» دەپ ئاتالغان.)

ئۆزۆشنىڭ بىۋاستە سەۋەبى تۈبۈتلارنىڭ «چوڭ پۆلو»
(بالتىستان) ۋە «كىچىك پۆلو» (گىلگىت) نى ئىشغال قىلىۋالغانـ
لىقى ئىكەن. تۈبۈتلاردىن باشقا تاڭ خاندانلىقى زېمىنىگە
كىلىۋاتقان يەنە بىر تەھدىت ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام ئىستېلاچى
قوشۇنلىرى ئىدى.

ميلادى 705 — 715 - يىللىرى مەشھۇر ئەرەب قوماندانى ئەمىر قۇتەيبە ئىبنى مۇسەللىمنىڭ ئۆز قوشۇنلىرى ئامۇر دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى سوغدىيانىغا ۋە ئۇنىڭدىن يىراق جايلارغا بېسىپ كىردى. بۇ ۋاقىتتا تاڭ خاندانلىقى تۈبۈتلىرىنىڭ ئەرەبلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆزىگە تەھدىت سېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. ميلادى 747 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەتىگەندە، تاڭ قوشۇنلىرى گاۋشيەنجى باشچىلىقىدا لەشكەر تارتىپ، تۈبۈتلارنىڭ ليەنيۈەنـ باۋ قورغىنىغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدۇ. گاۋشيەنجى تاڭ شۆەنزۇڭنىڭ ئەمرى بويىچە «كىچىك پۆلو» نىڭ ئەسكەرلىرىنى يېقىتىپ، «كىچىك پۆلو» نىڭ خانى ۋە خانىشىنى ئۆزىگە ئەل قىلىپ، تۈبۈتلارنىڭ توپىلىكىنى تىنجىتىدۇ. بۇ ۋەقە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. گاۋشيەنجىنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىبىلىك ھەربىي يۈرۈشى شۇ ئەتراپتا چوڭقۇر تەسىر قالدۇر- غان. «تاڭنامە» دە يېزىلىشىچە، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربتىكى ئەرەب ئىمپېرىيىسى ۋە باشقا 72 بەگلىك بۇنىڭدىن چۆچىگەن ۋە تاڭ خاندانلىقىغا بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەنىدى. بۇ ھەربىي يۈرۈشتە پامىر بوقالى مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن پامىر رايونىدىن ئۆتكەندە ئۇلار- نىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرى تاشقورغان ئارقىلىق يەكەن ۋە قەشقەرلەردىن توشۇلاتتى. قوشۇننىڭ ئۆزى ئىشلىتىۋاتقان

## 3. بۆلۇم قىرپاند دۆلىتىدىن كېيىن تاكى چىك سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر بولغان تارىخىي ئۆزگىرىش

بۇ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىنى تونۇشتۇرۇشتىن بۇرۇن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۈز بەرگەن، تاشقورغان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنى تونۇشتۇرۇش ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. «يېڭى تاڭنامە، گاۋشيەنجۇ تەزكىرىسى» دە ئەنشىنى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ياندash قورۇقچى بېگى، ئەنشىدىكى تۆت قورغانىنىڭ ساتراپ گاۋشيەنجۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋ 6 - يىلى (مىلادى 747 - يىلى) تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئون مىڭدىن ئارتۇق پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ ھىندىقۇش تاغلىرى ۋە سىند دەرياسى ئەتراپىدىكى «كىچىك پۇلو» دەپ ئاتالغان دۆلەتكە جازا يۈرۈشى قىلغانلىقى ۋە تۇبۇتلارنى ليەنيۈنباۋ (بولۇتقا تاقاشقان قەلئە) دە مەغلۇپ قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئەنگلىيىلىك ساياھەتچى ستېين 2 - قېتىم (1906 — 1908 - يىللىرى) ۋە 3 - قېتىم (1913 — 1916 - يىللىرى) ھىندىقۇش ۋە پامىر تاغلىرىدىن ئۆتكەندە، مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن جايلاردا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى «ئەنگلىيە جۇغراپىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1922 - يىلى 2 - سانىدا: «مىلادى 747 - يىلى جۇڭگونىڭ يىراقتىكى پامىر ۋە ھىندىقۇشقا يۈرۈش قىلىشى» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلغان. شۇ ۋاقىتتىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، شۇ قېتىمقى

قىلىشنى يولغا قويدى. بۇ دەۋرلەردە تاشقورغان ئۆز ئالدىغا بىر سىياسىي بىرلىك بولۇپ شەكىللەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، تارىخىي كىتابلاردا بۇ دەۋردىكى تاشقورغان ھەققىدە قالدۇرۇلغان خاتىرە تولىمۇ ئاز. شۇڭا بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىش تەس.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل دالاسىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى ئەھمىيەتكە ئىگە زور تارىخىي ۋەقە بولدى. چىڭگىزخان (ئەسلى ئىسمى تېمۇچىن) 1204 - يىلى نايمانلارنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ باشلىقى تايانخاننى ئۆلتۈردى، تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈكخان قاراخىتايلار زېمىنىگە قاچتى. كۈچلۈكخان بارغانلا يېرىدە ئاھالىلەرنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلىدى. چىڭگىزخان شىنجاڭغا قېچىپ كەتكەن دۈشمىنى كۈچلۈكخاندىن خاتىرجەم بولالماي، ئۇنى قوغلاپ يوقىتىش ئۈچۈن، جەبەنويەن باشچىلىقىدا ئەسكەر ئەۋەتتى. 1218 - يىلى، جەبەنويەن كۈچلۈكخانغا ھۇجۇم قىلدى. كۈچلۈكتىن نارازى بولغان شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار كۈچلۈكخاننىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، موڭغۇللارغا تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈكخان سەرىكۇيغا قاچتى، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى جەبەگە تەسلىم بولدى. جەبە كۈچلۈكخانغا قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تۇرشاۋۇلى ئىسمائىلنى ئەۋەتتى، ئىسمائىل كۈچلۈكنى قوغلاپ سەرىكۇيغا كەلگەندە، ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن سەرىكۇي موڭغۇللارنىڭ ئىلكىگە تەۋە بولدى.

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۆزگەنچلىك چوڭ سودىگەر مەخمۇت يالۋاچ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەخسۇتنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى، مەخسۇتنى موڭغۇل دارغاچىلىرى بىلەن بىرگە بۇخارا، سەمەرقەنت، ئۆزگەنچ،

ۋە ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك توشۇۋاتقان ئات ـ ئۇلاغلىرىغا يايلاق كېرەك ئىدى. پامىر بوقالىسى ۋە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق خەلق ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەردى.

تاڭ سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئېلىمىز بىر مەزگىل فېئودال تەپرىقىچىلىك ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ چاغدا قاراخانىلار غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان قۇتچۇر قاتارلىق جايلاردىكى بىرنەچچە ھاكىمىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇردى. قاراخانىلارنىڭ زېمىنى ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى رايونلارنى، پۈتۈن ماۋرا ئۇننەھرىنى - ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئۇنىڭ مەركىزى ئىككى بولۇپ، بىرى چۇ دەرياسى بويىدىكى بالاساغۇن، يەنە بىرى قەشقەر ئىدى.

1124 - يىلى، لياۋ سۇلالىسى جىن قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ھالاكەتكە يۈز تۇتقاندا، قىتان ئاقسۆڭەكلىكى يەللىغ تاش بىر قىسىم ئادەمنى باشلاپ غەربىي شىمال تەرەپكە قاچتى، ئۇ غەربىي يۇرتقا يېتىپ كېلىپ، قارا خىتاي خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق تارىخ كىتابلىرىدا قارا خىتايلار دەپ ئاتىلاتتى. يەللىغ تاش غەربىي يۇرتتىكى قىتانلار بىلەن بىرلىشىپ، قاراخانىلار زېمىنى بولغان قەشقەر، سەمەرقەند، كىرمانشاھ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار زېمىنى قارا خىتايلارغا تەۋە بولۇپ قالدى. جۇملىدىن تاشقورغانمۇ قاراخىتايلارنىڭ زېمىنى بولۇپ قالدى. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە، ھەربىي سويۇرغاللىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن ئەمەلدار، بەگ، ۋەزىرلەرنىڭ كۈچى زورىيىپ، خانلىق كۈچى ئاجىزلاشقانىدى. قاراخىتايلار بولسا قاراخانىلارنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتتى، يەرلەرنى ۋەزىرلەرگە بۆلۈپ بەرمەستىن، جايلارغا باسقاق ئەۋەتىپ بىۋاسىتە ئىدارە

شۇندىن تارتىپ XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە يەكەن خاندانلىقى سەرىكۆيگە مۇھەممەت قاسىم، ئىمىر قۇربان جاراس، شاھبازبېك قاتارلىقلارنى ھاكىم بەگ قىلىپ تەيىنلىدى①.

تاجىك خەلقىنىڭ رىۋايەتلىرىدە XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا فېئودال ئاقسۆڭەكلەردىن ئاكا - ئۇكا جاھانگىر، ئالەمگىر دېگەنلەر سەرىكۆي رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۇلار خەلقنى تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساقلارغا ھەيدىگەن، باج - سېلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىغان، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆي - ئىمارەت سالدۇرۇپ، بوز يەر ئاچتۇرغان. ھازىر تاشقورغاندىكى نۇرغۇن قورغان - قەلئەلەرنى كىشىلەر «جاھانگىر قەلئە»، «ئالەمگىر قەلئە» دەيدۇ، لېكىن تارىخى كىتابلاردا سەرىكۆي ۋە شوغنان تاجىكلاردىن جاھانگىر، ئالەمگىر دېگەن ئاكا - ئۇكىلار چىققانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئەنگلىيىلىك پاشى - سېكىس يازغان «ئافغانىستان تارىخى» غا قارىغاندا، ئافغانىستاندا كېيىنكى موغۇل ئىمپىرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ھەقىقەتەن جاھانگىر ۋە ئالەمگىر دېگەن ئىككى ھۆكۈمران ئۆتكەن، لېكىن ئۇلار ئاكا - ئۇكا ئەمەس ئىكەن. جاھانگىر (ئەسلى ئىسمى سەلىم بولۇپ، «جاھانگىر» ئۇنىڭ لەقىمى). 1605 - يىلدىن 1625 - يىلغىچە موغۇل خانلىقىغا ھۆكۈمران بولغان، 1626 - يىلى كەشمىردە ئۆلگەن، ئالەمگىر (ئەسلى ئىسمى ئولەمزەيىپ بولۇپ، «ئالەمگىر» ئۇنىڭ لەقىمى) بولسا، جاھانگىرنىڭ نەۋرىسى ئىكەن، 1659 - يىلى خانلىق تەختىگە چىققان، ئۇ دەسلەپتە پارىس، بەلخ، بۇخارا، قەشقەر، خىۋا قاتارلىق جايلارنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغان، 1707 - يىلى ئۆلگەن. بۇ ئىككى

---

① («تارىخى رەشىدىيە» - زەيلى 93 - 96 - 109 - 141 - 144 - بەتلەر. شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى.»)

خوتەن، قەشقەر، يەكەن، كۇچا قاتارلىق شەھەرلەرلى ساقلاشقا ئەۋەتتى. چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى يەرلەرنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى. ئىككىنچى ئوغلى چىغتايغا ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ تاكى ئامۇ دەرياسىغا قەدەر (ماۋرا ئۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولغان كەڭ زېمىننى بۆلۈپ بەردى، شۇنداق قىلىپ سەركۇي رايونى چىغىتاي خانلىقىغا تەۋە بولدى. ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئاشۇنداق ئۇرۇش ۋە بۇلاڭچىلىقلار تۈپەيلىدىن، ئىلگىرى خېلى گۈللەنگەن سەركۇي رايونى خارابىلىشىشقا يۈزلەندى، شۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا، قېچىپ كەتكەنلەر يىراق - يىراقلاردىكى تاغ - جىلغىلارغا كىرىۋېلىپ چارۋا بېقىپ ياكى يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى.

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە چىغىتاي خانلىقى پارچە-لىنىپ كەتتى، يېرى چوڭلىرى ئۆزلىرىنى دۆلەت دەپ ئاتىدى، يېرى كىچىكلىرى ئۆزلىرىنى يۇرت دەپ ئاتىدى. مىلادى 1511 - يىلى سەئىدخان ئۆزىنىڭ نەۋرە ئاكىسى بابۇرنىڭ ياردىمى بىلەن شايبانىخاننىڭ ئۆلگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئەنجانغا كەلدى، 1514 - يىلى 4700 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ تۇرغات ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، شۇ ۋاقىتتا قەشقەردە تۇرغان خوتەن ھۆكۈمرانى ئابابەكرىنى يېڭىپ، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. شۇ ۋاقىتتا يەكەن خانلىقىغا تەۋە بولغان سەرىكۇيمۇ سەئىد-خاننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. سەركۇينىڭ ھاكىم بېگى سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرىشىتخان تەرىپىدىن بەلگىلەندى. 1570 - يىلى ئابدۇرىشىتخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەربىرى بىردىن جاينى ئىشغال قىلدى، سەركۇينىڭ ھاكىملىقىنى ئابدۇرەيىمخان ئۈستىگە ئالدى.

ئىدى. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، خەلقنى دەھشەتلىك ھالدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇلداق ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمى خەلقنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى، ئۇلار يەنە سىياسىي جەھەتتىن بۆلگۈنچىلىك قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىرلىككە كېلىشكە قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، 1745 - يىلى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى غالدان سېرىن ئاغرىپ ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇرۇش پارتلاپ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشتى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار قەبىلىسى ئىچىدىكى بۇ تەپرىقىچىلىكتىن پايدىلىنىپ، 1755 - يىلى، ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇ يەردىكى توپىلاڭنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئەسكەرنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتۇرۇپ كەتتى، 1756 - يىلى، چارروسىيىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئامۇرسانا يەنە توپىلاڭ كۆتۈردى، 1757 - يىلى چىڭ قوشۇنلىرى ئامۇرسانانىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇردى، ئامۇرسانا ئۆزىنى چارروسىيىنىڭ قوينىغا ئېتىپ ۋەتەن خائىنى بولۇپ كەتتى. ئۇ توپىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاق تاغلىق خوجىلاردىن بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاھان قوزغىلاڭ كۆتۈردى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا يەنە ئەسكەر ئەۋەتتى. 1759 - يىلى 7 - ئايدا چىڭ قوشۇنلىرى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئىسيانچى قوشۇنلىرىنى قوغلاپ يېشىل كۆلگە كەلگەندە، ئىسيانچىلارنىڭ نۇرغۇنلىرى تەسلىم بولدى. چوڭ - كىچىك خوجىلار بەرداشلىق بېرەلمەي بەدەخشانغا قاچتى. شۇنىڭ بىلەن يېشىل كۆلدە چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن «يېشىل كۆل ئابىدەسى» ئورنىتىلدى.

كىشىنىڭ سەرىكۆيگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئېنىق خاتىرە يوق، پەزەر قىلىنىشىچە، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قاتتىق زوراۋانلىق قىلغانلىقى خەلق ئىچىدە ئۇزاققىچە رىۋايەت قىلىنغان.

XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ سەئىدى سەيىد سىراپ ۋەلىي سەرىكۆينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سەيىد ھەسەن زەررابى، سەيىد جالال بۇخارى، جاھان مەلىكىشاھ قاتارلىق كىشىلەرمۇ تاشقورغانغا كېلىپ، ئۇزلىرىگە مۇرىت تېپىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە ئەۋلادقىچە سەرىكۆينىڭ ھاكىم بەگلىكى سەئىد سىراپ ۋەلىينىڭ ئەۋلادىنىڭ قولىدا تۇردى.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە سەرىكۆيدا بىر مەزگىل خاتىرجەملىك ئورنىتىلغان بولغاچقا، پامىرنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى ۋاخان، شۇغنان، زىباك قاتارلىق جايلاردىن خېلى كۆپ ساندىكى تاجىكلار ئېلىمىزنىڭ سەرىكۆي، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، ئاقتۇ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلدى. نەتىجىدە سەرىكۆيدا يېڭى يېزا - كەنتلەر بارلىققا كەلدى.

## 4 - بۆلۈم چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى

XVII ئەسىردە شىنجاڭدا جۇڭغارلارنىڭ توپىلاڭلىرى يۈز بەرگەندى. جۇڭغارلار موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسىنىڭ بىرى

ھاكىم بەگ، بىر 6 - جەرەكلىك ئىشىك ئاغا بەگ، بىر 6 - جەرەكلىك شاڭبېگى ۋە بەش 7 - جەرەكلىك ئەربابېەگ قويۇلغانىدى. سەرىكۆينىڭ چوڭ - كىچىك بەگلىرىنى قەشقەر مەسلىھەت ئامبىلى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەرلىك تاجىك ئاھالىلىرىدىن تەيىنلەيتتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ھاكىم بەگ بىلغۇچىلار مەركەزگە بېرىپ، چىڭ خاندانلىقىغا تارتۇق تەقدىم قىلىپ، تاۋاپ قىلاتتى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەرىكۆينىڭ ئىككى ھاكىم بېگى بېيجىڭغا بارغان، شۇنىڭدىن بېرى خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالغان. دەسلەپكى ھاكىم بەگلەر ئاساسەن سەيىد سوراپ ۋەلىينىڭ ئەۋلادلىرىدىن تەيىنلەنگەن، ئۇنىڭ 5 - ئەۋلادى سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىنىڭ ھاكىم بېگى بولغان.

سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى قۇرۇلۇشىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، پامىر ۋە سەرىكۆي رايونلىرىدا نۇرغۇن قىرغىزلار ياشايتتى. قەشقەر مەسلىھەت ئامبىلىغا قارايدىغان قىرغىزلار غەربىي بېيرۇتلار دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلار ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. قىرغىزلارنىڭ كۆپ قىسمى، مەسىلەن، ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بۇلۇڭكۆل، چارلۇڭ يېزىلىرىدىكى ۋە راڭكۆل، ئەلچۇر، مۇرغاپ، چېچىدۇ ۋە قاتارلىق جايلاردىكى قىرغىزلارنىڭ ھەممىسى سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىگە قارايتتى، ئۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، قىرغىزلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن مىڭ بېگى، يۈز بېشى قاتارلىق بەگلەر تەيىنلەنگەنىدى.

سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ دىياردا خېلى بىر مەزگىلگىچە تىنچلىق، خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈردى، بۇ دىيارنىڭ مەركەز ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچەيدى، خەلقلەر

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جاينىڭ نامى «سۇمانتاش» دەپ ئاتالدى. سەرىكۆي بېگى مۇراتبېك سەرىكۆي رايونىدىكى ئاھالە ۋە يەر-زېمىنلارنى تىزىملاپ چىڭ سۇلالىسىگە ئەنگە ئالدۇردى. شۇ ۋاقىتتا سەرىكۆيدا 500 ئائىلىلىك تاجىك بولۇپ، ئۇلار ھەر يىلى يەكەنگە 10 سەر ئالتۇن باج-سېلىق تۆلەيتتى. چوڭ-كىچىك خوجىلار بەدەخشانغا كىرگەندىن كېيىن، بەدەخشان ئەمىرى سۇلتان شاھ ئۇلارنى تۇتقۇن قىلدى ۋە خوجا جاھاننىڭ بېشىنى كېسىپ چىڭ ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشتى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ دائىرىسىدە بىۋاسىتە مەركەزگە قارايدىغان، بىرلىككە كەلگەن، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلار بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بىر يۈرۈش ئورگانلار قۇرۇلدى. شىنجاڭ رايونىنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقى ۋە ئالىي باشقۇرۇش ئورگىنى سۈپىتىدە ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ قارمىقىدا زەڭگى، مەسلىھەتچى ئامبال، خان ئامبال ۋە باشقا ئامباللار قويۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەر (قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قاراشەھەر) نىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەردە مەسلىھەتچى ئامبال قويۇلدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر خان ئامبال، بىر سومۇت زەڭگى قويۇلدى، بۇلار يەكەندە تۇراتتى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى تىكلىگەندىن كېيىن، سەرىكۆي رايونىدا مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى (سۇمانتاشمۇ سەرىكۆيگە قارايدىغان بولدى). سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى يەكەن خان ئامبىلىغا قارايتتى. بىر 5-جەرەكلىك (دەرىجىلىك)

چىڭ ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە ھۆكۈمەت خەزىنىسى-
دىن تاپان ھەققى بەرگەننىڭ سىرتىدا، بىر مۇنچە كىشىلەرنى
ئۇلارغا ئۆمۈر بويى ھەقسىز ئىشلەپ بېرىش ئۈچۈن «نۆكەر»،
«ئورتاقچى» قىلىپ بېرەتتى، ئۇلار بەگلەرنىڭ ئىلكىدە بولاتتى
ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى قىلاتتى. نۆكەر بولغۇچىلارنىڭ
شەخسىي تېرىلغۇ يەرلىرىنى بولسا، شۇ يېزىدىكى باشقا كىشىلەر
تېرىپ، مەھسۇلاتىنى بەگلەرگە تاپشۇراتتى، ئەگەر نۆكەر
بالا - چاقىسىز بولسا، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنكى مال -
مۈلكى بەگكە قالاتتى، شۇڭا بەگلەر ئۆز نۆكەرلىرىنىڭ بالا -
چاقىسىز ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنداق ئېغىر فېئوداللىق
تۈزۈم ئاستىدا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بەكمۇ نامرات
ئۆتەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر يىلنىڭ كۆپ ۋاقتىدا ئۇن تامىقى
كۆرمەيتتى. ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى بەك قالاق ئىدى.
تۆمۈردىن ياسالغان سايمانلار كەمچىل ھەم قىممەت
ئىدى. نامرات كىشىلەر ئۇنى سېتىۋالالمايتتى ھەم
تاپالمايتتى. ئېگىز تاغلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىۋاتقانلار تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە يېتىپ - قوپاتتى، ئۆزى تو-
قۇغان يۇڭ چەكمەن ياكى قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىملەر-
نى كىيەتتى.

سەرىكۆي دىيارىدا ھۆكۈم سۈرگەن تىنچلىق ۋە خاتىر-
جەملىكنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمىدى. چىڭ سۇلالىسى ئاخىر-
قى دەۋرىگە كەلگەندە چىرىكلىشىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا
باشلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، كۈچلۈك
جاھانگىر دۆلەتلىرىنىڭ شىنجاڭغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىقى كۈ-
چەيدى. سەرىكۆي رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە چەتنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلى-

ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ قويۇقلاشتى ماليە ئىشلىرى مەركەزگە بىرلەشتۇرۇلدى، سەرىكۆي رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەر يىلى ھۆكۈمەتكە 27 سەر 7 مىسقال ئالتۇن، 1700 جىڭ شولتا باج - سېلىق تۆلەيتتى①. چىڭ خاندانلىقى ھەر يىلى ھاكىم بەگ قاتارلىق بەگلەرگە «يەكەندىن 40 مىڭ يارماق تۇز ۋە كۆكتات پۇلى بېرەتتى②».

سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئېقىن ئەتراپىدىكى جايلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىمۇ كۈچەيدى، ئۆزىنىڭ چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئېقىن ئەتراپىدىكى جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ئاشلىق، رەخت ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى بىلەن ئالماشتۇرىدىغان بولدى. بۇ مەزگىلدە «يىپەك يولى» گەرچە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى دۇنياۋى ئالاقە بولۇش رولىنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم جايلار بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىدە يەنىلا مۇھىم رول ئوينايتتى. يەكەن، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردىكى سودىگەرلەر ۋە سودا كارۋانلىرى بەدەخشان، بۇخارا، قوقەن، ئافغانىستان، كېلگىت قاتارلىق جايلارغا دائىم بېرىپ - كېلىپ تۇراتتى. شۇنداق بولغاچقا سەرىكۆينىڭ يول بويىدىكى يېزىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلغانىدى، لېكىن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەن ئىدى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى يەنىلا فېئوداللىق باسقۇچتا توختاپ قالغانىدى، بەگلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان ئاقسۆڭەكلەر ئەمگەكچى خەلقلەرنى دەھشەتلىك ئېزەتتى، بولۇپمۇ بەگلەرگە «نۆكەر» بولغانلارنىڭ كۈنى بەكمۇ تەس ئىدى.

① («يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى يىشەن، ياردەمچى خان ئامبال كۆەنغۇلارنىڭ قوقەنگە يازغان مەكتۇپى» دىن).

② (يۇقىرىقى ماتېرىيال)

كۆچەيتىشنى باشلىدى. ئۇ يەردە ئالدى بىلەن ۋۇجى ئاشلىق توشۇش جۇجۇقى (كېيىن جۇجۇق ۋۇجى يۆتكەش - توشۇش جۇجۇقىغا ئۆزگەرتىلدى) تەسىس قىلىپ، يەرلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوشۇنلىرى ۋە ھەربىيلەرنىڭ تەمىنات ئاشلىقىنى تې- شۇشقا مەسئۇل قىلدى، قەشقەرنىڭ باش بوغى ۋە دوتەي يامۇ- لى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىچىدىكى تۇغلۇق ئەمەلداردىن بىرنى ئەۋەتىپ، جۇجۇقنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى، بۇ تۇغ- لۇق ئەمەلدار ئەمەلىيەتتە سەرىكۆي مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارى بولدى، ھاكىم بەگ ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان بولدى. 1902 - يىلى يەكەندە مەھكىمە تەسىس قىلىندى، سە- رىكۆيدىكى ئەسلىدىكى پۇلى ۋۇجى ئاشلىق توشۇش جۇجۇقىنىڭ ئورنىغا پۇلى شۆبە تۇرغاق دادخاھ ۋازارىتى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ دادخاھلىقىغا ئىچكىرىدىن كەلگەن ئەمەلدارلار تەيىن- لەندى، بۇنداق شارائىتتا ھاكىم بەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلى- نىشى كېرەك ئىدى. لېكىن سەرىكۆي چېگرا رايونىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادخاھ تىل ئۇقمىغانلىقتىن خەلق ئىچىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش قىيىن بولغاچقا، سەرىكۆيدا يەنىلا باش ھاكىم بەگ ۋە مۇئاۋىن ھاكىم بەگ ساقلاپ قېلىندى. ئۇلار تېخىچە يەرلىك مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ياردەملىشەتتى. پۇلى ۋازارىتى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، جاڭ شاۋبەي دېگەن ئادەم تۇنجى قېتىم دادخاھ بولدى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، 1912 - يىلى پۇلى ۋازا- رىتى پۇلى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باش- قۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ناھىيىگە ھاكىم بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھاكىم بەگ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى. ھاكىم بەگ يەرلىك ئورۇنلاردا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئەنزە، دەۋا،

رىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى قوغداش، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈنلۈكىنى قوغداش يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

## 5- بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پۈلى شۆبە تۇرغاق دادخا ۋازاردىتى تەسىس قىلىشى ھەمدە تاشقورغاننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسى 1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلدى، ئۆلكىگە باش مۇپەتتىش بەلگىلەپ، پۈتۈن ئۆلكىنى ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇردى. ئۆلكە قارمىقىدا ۋىلايەت، مەھكىمە، نازارەت، ئايماق، ناھىيە قاتارلىق مەمۇرىي ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ، ئىلگىرىكى ھەربىي مەھكىمىلەرنى ۋە بەگلىك تۈزۈملەرنى بىكار قىلدى.

سەرىكۆي چېگرا مۇداپىئەسى مۇھىم ئورۇن بولغان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ئىلگىرى ئۇ يەردە قوشۇن تۇرغۇزمىغانىدى، چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا ھاكىم بەگلەر مەسئۇل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدا دائىملىق قوشۇن يوق ئىدى، بىرەر ۋەقە يۈز بەرسىمۇ يەرلىك ئاھالىلەردىن ۋاقىتلىق قوشۇن توپلاپ تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى؛ سەرىكۆي رايونىدىكى ئاھالىلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئاشۇنداق ۋاقىتلىق قوشۇن تەشكىللەشمۇ تەسكە چۈشەتتى. بۇنداق ئەھۋاللار ئاستىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سەرىكۆيگە بولغان ئىدارە قىلىشىنى

ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىم بەگ كېرىم ئائىلىسىگە قىلغان ئالاھىدە ئىنـ
ئامى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى كېرىم ئائىلىسىگە 20 ئائىلىلىك
كىشىنى «يانچى» قىلىپ بېكىتىپ بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە
1904 - يىلى كىچىك تۇڭ كەنتىدىكى 40 ئائىلىلىك ئاھالىنىڭ
ھەممىسىنى ئۇنىڭغا مەدىكار بولۇپ ئىشلەشكە بۇيرۇپ بەرگەنـ
دى①. بۇنداق يانچىلار ھاكىم بەگ ئائىلىسىگە ھەر يىلى 150
كۈن ئەتراپىدا ھەقسىز ئىشلەپ بەرگەندىن تاشقىرى، ھەرقايسى
ھېيت - بايرام كۈنلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغا - سالام
ئاپىرىشقا مەجبۇر ئىدى، ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى تىزىمىدا
مەخسۇس نوپۇسى بولمىغاچقا، باشقا پۇقرالار قاتارىدا پۇقرالىق
ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى، يۇقىرى ئورۇنلارغا ئەرز -
شىكايەت قىلالمايتتى، بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە «قۇل» دەرىجىـ
سىگە چۈشۈرۈلگەنىدى.

ھاكىم بەگلەرگە ئاشۇنداق «يانچى» بەلگىلەپ بېرىلىپلا
قالماستىن، مۇئاۋىن ھاكىم بەگلەرگىمۇ مەلۇم ساندىكى كىشىـ
لەرنىڭ ئىشلەپ بېرىشى بەلگىلەنگەنىدى. گۇاڭشۈينىڭ 29 -
يىلىدىكى «پۇلى شۆبە تۇرغاق، دادخاھنىڭ مەكتۇپى»ـ
دا: «ئادەتتە ئۇلاردىن بىر نەچچە ئائىلە ئۇلارنىڭ (مۇئاۋىن
ھاكىم بەگلەرنىڭ) ئىشىنى قىلىپ بېرىشكە بەلگىلەندى، بۇ ئاـ
ئىلىلەر باشقا ئالۋان - ياساقلارنى ئۈستىگە ئالمايدۇ»
دەپ يېزىلغان.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سەرىكۇيدىكى تاجىك خەلقىگە
نىسبەتەن مىللىي كەمسىتىش پوزىتسىيىسىنى قوللىناتتى. گۇاڭـ

---

① (گۇاڭشۈينىڭ 29 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ۋە 30 - يىلى
9 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى پۇلى شۆبە مۇداپىئە تۇرغاق دادخاھنىڭ مەكتۇـ
پىغا قارالسۇن).

ۋاقىتلىق ۋەزىپە قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇراتتى،
سىرتتىن كەلگەن ئەمەلدارلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بارلىق ئىشلاردا
ھەمىنەپەس بولاتتى، شۇڭا پۇلىنىڭ دادخاھى ۋە ھاكىملىرىمۇ
ھاكىم بەگ مۇھەممەت كېرىمدىن پايدىلاندى (مۇھەممەت كې-
رىم سەرىكۇينىڭ سابىق ھاكىم بېگى، 1892 - يىلى ۋاپات
بولغان ئابدۇلھەسەن بېكنىڭ ئوغلى ئىدى). بۇ ھاكىم بەگ
دادخاھ ھاكىملارغا تايىنىپ، يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ
ئۆز يانچۇقىنى تولدۇردى.
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سەرىكۇي مۇسۇلمانلار مەھكىمى-
سىنى پۇلى ۋازارىتى قىلىپ ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، ئىشلەپچى-
قىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش، چېگرا
مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە بىر قاتار تەدبىرلەرنى
قوللاندى. بۇ ۋازارەتنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە ياشايدىغانلار
ئاساسلىقى، تاجىك ۋە قىرغىز ئاھالىلىرى ئىدى. قىرغىزلارنىڭ
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا كۆچمەن چارۋىچىلىق بولۇپ،
ئۇلار ئاساسەن بۇلۇڭكۆل، تويلى بۇلۇڭ قاتارلىق جايلارغا مەر-
كەزلەشكەنىدى. تاجىكلار بولسا، ئاساسەن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان
بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. سە-
رىكۇينىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۈزۈمى يەنىلا
ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىك بولۇپ، چارۋى-
چىلار ۋە باي چارۋىچىلار كۈنلۈكچى ۋە يىللىقچى ياللاش شەك-
لى بىلەن چارۋىسى بولمىغان ياكى ناھايىتى ئاز بولغان چار-
ۋىچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى، ئىجارە تۈزۈمى شەكلىدىكى
فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تېخى شەكىللەنمىگەنىدى. پەقەت
ھاكىم بەگلەردىلا «قۇللۇق» تۈسىنى ئالغان «يانچى» ياللاش
ھوقۇقى بار ئىدى. بۇ خىل «يانچى» يالىلاش ئىلگىرىكى قۇل-
لۇق تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى بولماي، بەلكى چىڭ سۇلالىسى

تاغدۇمباش چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى كۆپەيگەنىدى. پۇلى شۆبە
ۋازارىتى ھەر يىلى سىرتقا بىر قانچە مىڭ تۇياق قوي، بىر
قانچە يۈز تۇياق كالا، قوتاز، بىر قانچە ئۇنمىڭ جىڭ يۇڭ
چىقىراتتى①. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا
قويغاندىن كېيىن بولسا، سەرىكۆي رايونىدا دېھقانچىلىق ۋە
چارۋىچىلىقتىن ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم قىلىنىپ (بۇ پەقەت
دۆلەت بەلگىلىگەن نورما بويىچە ئالىدىغان باج - سېلىقلارنى
كۆرسىتىدۇ، يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە ھەربىي دائىرىلەر ئۆز ئال-
دىغا ئالىدىغان ئالۋان - ياساقلارنى يەنە ئېلىۋېرەتتى)، سەرى-
كۆي رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى
راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىلدى. گۇاڭشۈينىڭ 29 - يىلى، پۇلى
شۆبە ۋازارىتىنىڭ دادخاھى جاڭشاۋيۇنىڭ سەرىكۆي خەلقىغە
چىقارغان ئېلانىدا، سەرىكۆيدە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بې-
جى ئېلىنمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆي ئەت-
راپى، ئېرىق - ئۆستەڭ بويىلىرىغا كەم 1000 تۈپتىن دەرەخ
تىكسە ھەم ئۇنى دادخاھقا مەلۇم قىلسا پۇل ئىنئام بېرىدىغان-
لىقىنى ئۇقتۇرغان②. شۇنىڭ بىلەن سەرىكۆي رايونىدا ئولتۇ-
رۇشلۇق تاجىكلار بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى
راۋاجلاندۇردى. 1895 - يىلى چېگرا قاراۋۇل ئەمەلدارلىرى
چېگرا رايونلاردا چارۋا باقىدىغان ۋە تېرىقچىلىق قىلىدىغان
تاجىك خەلقىنىڭ خاتىرجەم ھالدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇ-
غۇللىنىشقا ئىلھام بېرىش ۋە چېگرا رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى
قوغداشقا رىغبەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن، «بىنەم ئېچىپ، چارۋا

---

① («شىنجاڭ تەپسىراتلىرى»، 4 - جىلد، 15 -، 16 - بەتلەر).
② («جاڭ دارىنىڭ پۇلى خەلقىغە چىقارغان ئېلانى» ئەسلى قوليازمىسى).

شۇينىڭ 3 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ليۇجىنتاڭنىڭ سەرـ
كۈي ھاكىم بېگى ئەلپىبەگكە يازغان مەكتۇپىدا: «بۇ مۇسۇلمانـ
لار باشلىقى ئۆزىگە قاراشلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنى چېك
تىزگىنلىشى، ئۇلارنى ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
قىلىشى، باشقا جايلارغا چىقىپ چاتاق چىقىرىشقا رۇخسەت
قىلماسلىقى كېرەك» دەپ يېزىلغان، دېمەك، خەلقنىڭ پەقەت ئۆز
تىرىكچىلىكى بىلەنلا بولۇشىنى، باشقا ھەر قانداق ئىجتىمائىي
سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقىنى ئېيتقان.

پۇلى شۆبە تۇرغاق ۋازارىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گەرچە
مىللىي كەمسىتىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەل خاتىرجەم
بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەلدى. ئىلگىرى چېگرىلاردا قاراـ
ۋۇل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تاجاۋۇزچىلار ۋە قاراقچىلار سەرىكۇيـ
غا بىمالال كېلىپ، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى، شۇڭا
ئۇرغۇن ئاھالىلەر پاناھلىق ئىزدەپ سىرت يۇرتلارغا چىقىپ كەتـ
كەنىدى. چېك سۇلالىسى شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى تەسىس قىـ
لىپ، چېگرا مۇداپىئەنى كۈچەيتكەندىن كېيىن، ئاھالىلەر قايتىپ
كېلىپلا قالماي، يېڭى ئاھالىلەرمۇ كۆچۈپ كەلدى. 1907 - يىلـ
دىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، پۇلى شۆبە ۋازارىتى قارمىقىـ
دىكى جايلارنىڭ ئاھالىسى 2474 ئائىلە، 8609 كىشىگە يەتـ
كەن (بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 1850 ئائىلە، 6169 ئادەم①
تاجىك ئاھالىلىرىنىڭ ئىلگىرىدىكى چارۋىلىرى كۆپ قېتىم بۇـ
لاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ، جىددىي ھالدا كېمەيگەن بولسىمۇ،
كېيىن ئۇلار باشقا جايلار بىلەن سودا - سېتىق قىلىش جەرـ
يانىدا تۇغۇت يېشىدىكى چارۋىلارنى سېتىۋېلىپ كىرگۈزگەنلىكى
ئۈچۈن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشمۇ راۋاجلانغان. بولۇپمۇ

① («شىنجاڭ تەپسىراتلىرى»، 1 - جلد)

قاتناش ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشى سەرىكوي رايونىدىكى تاجىك خەلقلىرى بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سودا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە سەرىكوي رايونىغا ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى كانلىرىنى ئېچىپ سانائەتنى يولغا قويماقچى بولغان، سەرىكوي شۆبە ۋازارىتىنىڭ دادخاھى جاڭ شاۋبۇ زەرەپشان دەرياسىدىن كېپەك ئالتۇن سۈزۈۋېلىشنى ئويلىغان ۋە قاشتېشى كېنى ئاچماقچى بولغان، قوشراپتا كۆمۈر كېنى ئېچىشنى پىلانلىغان، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشمىغان.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىدىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سەرىكوينىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرماقچى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ھەرگىز خەلقپەرۋەرلىكىدىن بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ چېگرىدىكى مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار نامدا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بېجى ئالمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى بېقىش ئۈچۈن خەلقتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يىغىۋالاتتى، بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئەمەلىي سېلىقى تېخىمۇ ئېغىرلاشقانىدى.

## 6 - بۆلۈم شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سەرىكوينىڭ ئەھۋالى

1911 - يىلى سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، جۇڭگودا 2000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم

بىقىپ، چېگرا قوغدىغان» ئاھالىلەرگە ئۇرۇقلۇق ئاشلىق ۋە قوي، كالا تارقىتىپ بەردى، راسكام ۋە بازار دارادىكى چېگ-رىنى ئوبدان قوغداش ئۈچۈن مەرياك ئاھالىسىدىن 30 ئائىلە-لىك راسكامغا كۆچۈرۈلدى.

قاتناش ترانسپورت جەھەتتە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر قايسى يول ئۆتەڭلەردە مەخسۇس ئادەم قويۇپ، زاپاس ئات - ئۇلاق تەييارلاپ، قاتناشنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. سەرىكۆي دادخاھى جاڭ شاۋۇنىڭ (1917 - يىلى 6 - ئاي-نىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىڭغا يازغان «سەرىكۆيدا ئۆتەڭ ياساشقا تېگىشلىك جايلار ۋە ھازىرقى ئەھ-ۋال» دېگەن دوكلاتىدا: سەرىكۆي مۇداپىئە ۋازارىتى يەكەن مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولغاچقا، يەكەندىن سەرىكۆيگىچە تۇ-شىلىدىغان خەت - ئالاقىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى بۇ ئارىلىقتا 11 ئۆتەڭ قۇرۇلۇپ، ھەر بىر ئۆتەڭدە ئىككىدىن ئادەم، ئۈچتىن ئات قويۇلغانلىقى، كې-يىن بۇ لىنىيە بىكار قىلىنىپ، قەشقەر - تاشقورغان پوچتا يولى ئېچىلغانلىقى، بۇ لىنىيەدە بىر قانچە ئورۇندا ئۆتەڭ تەسىس قىلىپ، يەرلىك كىشىلەرنى مەسئۇل قىلىنغانلىقى، ياقۇپبەگ ھا-كىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىدىن ئىك-كى يىلى ئەسكەر ئاجرىتىلىپ، ئىككى يىل ئىچىدە ئويتاغدىن بۇلۇڭكۆلگىچە بەش ئورۇندا ئاسما كۆۋرۈك ياسالغانلىقى، بۇ ئىشقا تۇغلۇق ئەمەلدار جاڭ خۇڭشۇ مەسئۇل بولغانلىقى ھەمدە بۇلۇڭكۆلدە ئاشلىق ئامبىرى ياسىلىپ، سومانتاشتا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇنلارنىڭ تەمىنات ئاشلىقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈ-زۈلۈپ بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىنغانلىقى، ھەر يىلى تاجىك ۋە قىرغىزلاردىن بىر قىسىم ئادەم ئاجرىتىلىپ، كۆۋرۈكلەرنىڭ رې-مونت قىلىنىپ تۇرۇلغانلىقى يېزىلغان.

ئەمەلدارلار قويغان سان - ساناقسىز ئالۋان - سەيسىلەرنى
تۆلەپ، چىدىغۇسىز زۇلۇم ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. خەلقنىڭ
نارازىلىقى كۈچەيدى. شۇڭا 1922 - يىلىغا كەلگەندە سەرىكۆي
خەلقى پارىخور، خىيانەتچى سۇڭ شيەنجاڭنى قوغلاش ھەرىكى-
تىنى قوزغىۋەتتى. نۇرغۇن تاجىك خەلقى بىرلىشىپ، قەشقەر
دوتەي يامۇلىغا بېرىپ سۇڭ شيەنجاڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ،
ئۇنى قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. ياڭ زېڭشىڭ تاجىك خەلقى-
نىڭ بۇ پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارغا بولغان غەزەپ -
نەپرىتى ئىنتايىن كۈچلۈكلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەرىكۆي
چېگرىغا جايلاشقان بولغاچقا، ئىش يوغىناپ كەتسە پايدىسىز
بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ خىيانەتچى ئەمەلدارنى ۋەزىپىسىدىن
ئېلىپ تاشلاپ، شىنجاڭدىن قوغلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى①.

ياڭ زېڭشىڭ پۈلى ناھىيىسىنى قۇرۇپ، ھاكىم تەيىنلى-
گەن بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىكى ھاكىم بەگلىك تۈزۈمىنى بىكار
قىلمىغانىدى. كېرىم بەگ يەنىلا ئۆزىنىڭ ھاكىم بەگلىكىنى
راۋاجلاندۇردى، ئەسلىدىكى «يانچى» لار كېرىم بەگنىڭ قولى
ئورنىدا قېلىۋەردى. بۇ ئەھۋال «يانچى» لارنىڭ قاتتىق غەزەپ -
نەپرىتىنى قوزغىدى. ئۇلار باشقا پۇقرالارغا ئوخشاش، ئەركىن-
لىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، 1925 -
يىلى كىچىك تۈگدىكى «يانچى» لار بىرلىكتە ئەرز قىلىپ، ئۆز-
لىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. پۈلى
ناھىيىسىدىكى ھەر ساھە خەلقلىرىمۇ بۇ «يانچى» لارنىڭ ھەق-
قانىي تەلىپىنى قوللىدى. ئاممىنىڭ مۇشۇنداق بېسىمى ئاستىدا،
1926 - يىل شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە پۈلى ناھىيىلىك

① ياڭ زېڭشىڭ («ئىستىغپارخانىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ داۋامى»،
2 - توم، 48 - بەت.

سۈرگەن فېئودال، مۇستەبىت خانلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بەردى
شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگو تارىخىدا يېڭى دەۋر بۆلگۈ
سەھىپە ئاچتى.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئۈرۈم-
چى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن قوزغ-
لاڭلار كۆتۈرۈلدى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ
رەھبەرلىك ھوقۇقى يۈەن شىكەينىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. يۈەن
شىكەي چىڭ سۇلالىسىدىن قالغان ئەمەلدار، مىلىتارىست ياڭ
زېڭشىنى شىنجاڭنىڭ دۇدۇلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن
شىنجاڭدا مىلىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى باشلاندى.
ياڭ زېڭشىڭ دۇدۇلۇق مەنسىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىلغار
زاتلارنى كۆپلەپ قىرغىن قىلدى. ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇ-
تەھكەملەش ئۈچۈن، ئاتالمىش «ياتلار» نى چەتكە قاقتى.
جىيايۈگۇەننى ئېتىۋېتىپ، شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل، مۇس-
تەبىت «پادىشاھ» لىقىنى يۈرگۈزدى، دېمەك، شىنخەي ئىنقىلابى-
نىڭ غەلىبىسى نەتىجىسىدە، ھاكىمىيەتتە ئۆزگىرىش بولغان
بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىدا، جۈملىدىن
سەرىنكۆينىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بول-
مىدى. پەقەت 1912 - يىلىغا كەلگەندە ئەسلىدىكى پولى شۆبە
ۋازارىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پولى ناھىيىسى قۇرۇلدى، پو-
لى دادخاھى پولى ھاكىمىغا ئۆزگەرتىلدى، سەرىنكۆيدىكى ھاكىم
بەگلىك يەنىلا ساقلاپ قېلىندى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا قىلچە
ئۆزگىرىش بولمىدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىجى ئېلىش
ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، سەرىنكۆيدىكى بارلىق تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ
ھەممىسى تەكشۈرۈلۈپ، تىزىمغا ئېلىنىپ، تولۇق باج ئېلىندى-
غان بولدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت بەلگى-
لىگەن تۈرلۈك باجلارنى تۆلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك

دىكى قوشۇنلىرىنى تازىلاپ، شىنجاڭنى (خوتەندىن باشقا) بىر-
لىككە كەلتۈردى. مانا مۇشۇ يىللاردا تاشقورغان ۋەزىيىتى تو-
لىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ھەر خىل كۈچلەر تاشقورغانغا
تەرەپ - تەرەپتىن باستۇرۇپ كىرىپ، خەلق ئاممىسىنى خالى-
غانچە قاقتى - سوقتى قىلدى: خوجانىيازھاجى، ماجۇڭيىڭ،
ماخۇسەن قوشۇنلىرى قەشقەرگە كىرگەندە، ئەسلىدە ئوتتۇرا ئا-
سىيادا يەككە - يېگانە ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن قۇدرەتللاتۆرە
قاتارلىق كىشىلەر تاشقورغانغا كېلىپ، خالىغانچە زورلۇق -
زومبۇلۇق قىلدى؛ سابىت داموللا باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «شەر-
قىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئەلى ۋەكالىنى تاشقورغان-
غا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى؛ بۇرۇنقى ھاكىم بەگلەر ئەۋلادىدىن
بولغان ئابدۇل ھېكىم بەگ داتۇڭدا بىر تەپرىقىچى ھاكىمىيەت
قۇرۇپ، تار، چارلۇڭ قاتارلىق جايلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى؛
داتۇڭنىڭ قۇرۇق لەڭگەر دېگەن جايىدا شامەنسۇر دېگەن ئا-
دەم تۆپىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىرمۇنچە ئادەملەرنى ناھەق ئۆلۈشكە
سەۋەبچى بولدى؛ تۆمۈر قوزغىلاڭچىلىرى قەشقەرگە كىر-
گەندە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا قوشۇلغان ۋە «شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ھەربىي قوماندانى يۈسۈپجان (بۇ
ئادەم ئۆزبېك بولۇپ، ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەرىكەتلىنىپ
يۈرگەن) شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى مەغ-
لۇپ قىلغاندا، ئۆزىنىڭ 500 ئەسكىرىنى باشلاپ تاشقورغانغا
كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلدى، نۇرغۇن بىگۇناھ خەلقلەرنى ئۆلتۈر-
دى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ باندىتلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قۇتۇ-
لۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە قېچىپ كەتكەنىدى،
ئۇلار سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم ئېلىپ، قاچقان تاجىكلارنى
ئۇيۇشتۇرۇپ، شەرىپ، ئۆلپەتشا، داكا، گۈلشىرخانلارنىڭ باشچى-
لىقىدا: قوشۇن تارتىپ، پەيىك داۋىنىدىن ئۆتۈپ، شۇ يەردىكى

ھۆكۈمەت بۇيرۇق چىقىرىپ، «ھاكىم بەگلىك تۈزۈمى» نى مەڭ-
گۈ بىكار قىلىشنى، «يانچى» تۈزۈمىنى مەڭگۈ بىكار قىلىشنى
جاكارلىدى ۋە كىچىك تۈگىدىكى «يانچى»لارغا نوپۇس دەپتىرى تارقى-
تىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ رەسمىي پۇقرالىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىل-
دى. بۇنى پۈلىدىكى ھەر ساھە خەلقىنىڭ مۇستەبىتلىككە ۋە زۇلۇم-
غا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ.
شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىن 17 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياڭ
زېڭشىنىڭ 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن يەنە بىر مىلىتارىست جىن شۇرېن تەختكە چىقتى، شۇ-
نىڭدىن كېيىن خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.
1931 - يىلى قۇمۇلدا خوجانىيازھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقان-
لار قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە سالدى.
بۇ ۋاقىتتا ماجۇڭيىڭ ۋە ماخۇسەنلەر قوشۇن تارتىپ شىنجاڭغا
كىرىپ، خوجانىيازھاجى قوشۇنلىرى بىلەن بىرلەشتى، يەنە بىر
تەرەپتىن، تۆمۈر قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش
قىلىپ، 1933 - يىلى 11 - ئايدا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇپ، سابىت داموللىنى زۇڭلىلىققا تە-
يىنلىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بۇ «مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت»-
نى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئىش قىلدۇرماقچى بولدى. 1934 -
يىلى ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ، «شەر-
قىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى پاچاقلاپ تاشلىدى.
1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بولغان ئۆزگىرىش نەتى-
جىسىدە پۇرسەتپەرەست شىڭ شىسەي پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالماقچى بولدى. لېكىن بۇ ۋاقىتتا ما-
جۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيۈەنىڭ بىرلىشىۋېلىشى ئۇنىڭغا چوڭ
كاشىلا بولغانىدى، شۇڭا شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يار-
دىمى ئارقىسىدا 1934 - يىلى 6 - ئايدا ماجۇڭيىڭنىڭ قەشقەر-

ھالغا كېلىپ قالغانىدى. بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ ئا-
ئىلە - تەۋەلىرىمۇ «قارا دەپتەر» دىكى گۇمانلىق ئۇنسۇرلار قا-
تارىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن. مانا بۇ، شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى سەر-
كۈينىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر قىسىم مۇنەۋۋەر
پارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار
شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن
نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بەردى. جۈملىدىن ئىككى
نەپەر پارتىيە ئەزاسى سەركۈيدا خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ بىرى —
يولداش خۇجيەن چېگرا مۇداپىئە دادۈينىڭ دۈيجاڭى بولدى.
بۇ كوممۇنىستلار سەركۈيدا ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا، شۇ ۋاقىت-
تىكى ۋەزىيەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، پارتىيە تەشكىلىنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلى-
رىنىڭ قانۇنىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ سەركۈي خەلقىگە پاي-
دىلىق نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئىلگىرى ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، چىرىكلىكى تۈپەيلىدىن، سەر-
كۈينىڭ چېگرا مۇداپىئەسى ناھايىتى بوشاپ كەتكەنىدى، ھىن-
دىستان، ئافغانىستان سودىگەرلىرى چېگرىدىن كىرىش - چىقىش-
تا ھېچقانداق رەسمىيەت ئۆتمەيلا خالىغان جايلارغا بېرىپ،
سودىگەرچىلىك قىلاتتى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇل-
خانىسىنىڭ بارلىق پوچتا خەت - ئالاقىلىرى تاشقورغان ئار-
قىلىق بىۋاستە قەشقەرگە يەتكۈزۈلەتتى، تاشقورغاندا ئەنگلىيە
پوچتا ۋەكالەتخانىسى ۋە سودا ئاقساقىلى بار ئىدى، ئۇلار ئە-
مەلىيەتتە «مۇستەقىل پادىشاھ» بولۇپ، چېگرىدىكى تەكشۈرۈش-
لەرگە بويسۇنمايتتى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى مۇشۇنداق قولاي
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەتكەس ماللىرىنى كۆپلەپ

جىلغا ئېغىزىدا يۇسۇپجان قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. نەتىجىدە يۇسۇپجان قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ، بۇلاپ كەلگەن نەرسىلەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا تاجىك خەلقى تاشقورغاندا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلارغا خاتىمە بېرىپ، يەنە بىر قېتىم خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن تەختكە چىققان شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، «ئىلغار» قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلغار كۈچلەرنى ئىشقا سالدى. جۈملىدىن تاشقورغاندا يۇسۇپجان باندىتلىرىنى تارمار قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەردىن شەرىپنى پۇلى ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، ئۇلپەتشا، گۈلشىرخانلارغىمۇ بەزى مەنسەپلەرنى بەردى. بىراق شىڭ شىسەي ئۆتۈپ كەتكەن سۈيىقەستچى بولغاچقا، جەمئىيەتتىكى ئاتاقلىق زاتلارنى تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئۇجۇقتۇرۇشنى زادىلا ئەستىن چىقارمىدى. شۇڭا مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلىكىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان شەرىپ قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى. ئۇنىڭ سىرتىدا شىڭ شىسەي ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تازىلاش نامى بىلەن يەنە بىرمۇنچە كىشىلەرنى قولغا ئالدى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان 14 يىل ئىچىدە، ئۆز ۋاقتىدا نوپۇسى 10 مىڭغىمۇ يەتمەيدىغان پۇلى ناھىيىسىدىلا 100 دىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىنىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن. شىڭ شىسەينىڭ بۇ خىل تېررورلۇقى تۈپەيلىدىن كىشىلەر كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان، كۈندۈزلىرى بىرەر قەدەمنى ئەركىن باسالمايدىغان

يۇقىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەنگلىيە پوچتا ۋەكالەتخانىسى بىلەن سودا ئاقساقىلىنى ئەمەلىدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇۋەتتى. بۇ تەدبىر ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە زەربە بېرىش، دۆلەتنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىلگىرى سەرىكۆيدا تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى خەلقنى خالىغانچە ئېزىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانىدى. چېگرا مۇداپىئە دادۇيى قۇرۇلغاندا سەرىكۆيدىكى يەرلىك تاجىك ۋە قىرغىزلاردىنمۇ خېلى كۆپ ساندا ئەسكەر ئېلىنغانىدى، لېكىن ئۇلار باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ، زار - زار قاقشاپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. شۇڭا شۇ ۋاقىتتا ئۆتكەن ياش تاجىك شائىرى لۇنجىك ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىك ھاياتىنى ۋە خەلققە كەلتۈرگەن زۇلۇملىرىنى مۇنۇ مىسرالاردا بايان قىلغان:

جىڭسادۇيدە بىز ئەسكەر،
كوچىلاردا قەلەندەر.
ئەلنى زار - زار قاقشاتقان،
بولۇپ گويا تىغ - نەشتەر.

لۇنجىك گەرچە شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنى بولغان ساقچى ئىدارىسىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق ئىدى. يولداش خوجيەن تاشقورغانغا چىققاندىن كېيىن چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىنى، قوشۇنلارنىڭ ئىنتىزامسىزلىقىنى كۆرۈپ ئالدى بىلەن، قوشۇنلارنى ئىچكى جەھەتتىن تەرتىپكە سالدى، ئۇلارنى يۇرۇنقىدەك خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىشقا، بوزەك قىلىشقا يول قويمايدۇ، پارىخورلۇق قىلغانلارنى جازالايدۇ.

كىرگۈزۈپلا قالماستىن، يەنە ئىشپىيون - جاسۇسلارنى كىرگۈزۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇراتتى، نەدە بىرەر ۋەقە كۆرۈلسە، شۇنىڭغا ئارىلىشىپ، ئارىدىن نەپ ئۈندۈرۈشكە تىرىشاتتى، يەنە خالىغانچە پاسپورت تارقىتىپ، ئۆز دۆلىتىگە گراژدان قوبۇل قىلاتتى. شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، 1935 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى دىكمانىغا شىنجاڭغا كىرىدىغان ھىندىستان سودىگەرلىرىنىڭ چوقۇم ئۆز دۆلىتىنىڭ پاسپورتىنى كۆرسىتىپ چېگرىدىن كىرىشىنى ھەمدە پاسپورتنى تەكشۈرتۈشنى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى قەشقەردە قۇرغان تېلېگراف ئىشخانىسى ۋە تاشقورغان بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدا ئۆزلىرى بىۋاستە توشۇيدىغان پوچتا ئالاقىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭ بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى پوچتا ماتېرىياللىرىنى چېگرىدا پوچتا ئالماشتۇرۇپ توشۇشنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشمىغانىدى، چۈنكى سەرىكۇيدا تۇرغان كونا ئەمەلدارلار تۈرلۈك سەۋەبلەر (كۆپىنچىسى ئەپيۇنكەش بولۇپ، ئەنگلىيە ۋەكالەتخانىسىغا باغلانغان) تۈپەيلىدىن، ئەنگلىيە پوچتا ۋەكالەتخانىسى ۋە سودا ئالاقىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقاتتى. يولداش خۇجيەن ۋە يولداش شۇلياڭلار بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە ئەنگلىيە پوچتا ۋەكالەتخانىسى بىلەن سودا ئاقساقىلى يەنىلا ئىلگىرىكى ھەيۋىسىدىن چۈشمەي ئەنگلىيە بايرىقىنى چىقىرىپ، خەلقنى ئالداپ، قاقتى-سوقتى قىلىپ، قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانىدى، خۇجيەن ۋە شۇلياڭ يولداشلار ئالدى بىلەن ئامىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلدى، نۇرغۇن جىنايىي پاكىتلارنى قولغا چۈشۈردى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى يېتىم قالدۇردى. شۇ ئاساستا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا،

شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، سەرىكۆيدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى يۈكسەلدۈرۈپ، تارىخ-تىكى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزگەنىدى.

خۇجيەن، شۇلياك يولداشلار ئىشلىگەن دەۋردە، سەرىكۆيى-نىڭ مائارىپ ئىشلىرىمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى ۋە تېز راۋاجلاندى. ئەسلىدە سەرىكۆيدا ئىلگىرى ھېچقانداق پەننىي مەكتەپ يوق ئىدى، باشقا جايلارغا بېرىپ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان موللاملار بىر قىسىم ياشلارنى ئۆزلىرى ئاچقان شەخسىي مەكتەپلەردە ئوقۇتاتتى، بۇلارنىڭ سانىمۇ نا-ھايىتى ئاز ئىدى، بەزى يېزا - كەنتلەردە خەت تونۇيدىغان ئادەملەردىن بىرسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. 1935 - يىلى سەرى-كۆيدا تۇنجى قېتىم ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى بىر باشلانغۇچ مەك-تەپ قۇرۇلدى، دەسلەپتە ئاران 100 نەچچىلا ئوقۇغۇچىلا ئوقۇيت-تى، خۇجيەن، شۇلياكلار تاشقورغانغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپكە بېرىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرى-سىدا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مۇس-تەقىللىقى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەش-ۋىق - تەربىيە ئېلىپ باردى ھەم 1939 — 1940 - يىل-لىرى بىر قىسىم تاجىك ئۆسمۈرلىرىنى ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە ئېچىلغان تاجىك مەكتىپىگە ۋە بىر قىسىم ياشلارنى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. كېيىن بۇ ياشلار تاش-قورغان ئىنقىلابىدا ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى.

خۇجيەن، شۇلياك يولداشلار ئىشلىگەن مەزگىلدە سەرىكۆيى-نىڭ قاتناش - ترانسپورت ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرىمۇ راۋاج-لاندى. ئۇلارنىڭ چارە - تەدبىر قوللىنىشى نەتىجىسىدە تاش-قورغان ناھىيە بازىرىدىن سۇ باش داۋىنىغىچە بولغان چوڭ يول ۋە كۆۋرۈكلەر ياسىلىپ، قەشقەر بىلەن تاشقورغان ئوتتۇرى-

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى مۇھىم چېگرا ئېغىزلىرىغا گىلزارما قۇرۇپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتمەكچى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرىنى مۇئاۋىن دادۇيجاڭ زەمىر ① گە ئېيتقاندا، ئۇ: «بۇ كىشى كېلە ـ كەلمەيلا گازارما سالىمىز دەپ خەلققە زۇلۇم سالىدىغان بولدى» دەپ گۇمانلىنىدۇ. ئىلگىرىكى ئەمەلدارلارنىڭ بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن بىر مۇنچە كىشىلەرمۇ خۇجيەننىڭ تەكلىپلىرىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ. لېكىن خۇجيەن كوممۇنىستلارچە پەزىلىتىنى ئەمەلىيەتتە نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۆزى قول سېلىپ لاي ئېتىپ، كېسەك قۇيۇپ، تام سېلىپ گازارما قۇرۇلۇشىنى باشلايدۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئەسكەرلەرمۇ بۇ ئىشقا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ، خەلققە قىلچىمۇ ئېغىرچىلىق كەلتۈرمەيدۇ. ئاشۇنداق تەدبىرلەر ئارقىلىق چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چېگرىدىن كىرىپ ـ چىقىدىغانلارنى قاتتىق تەكشۈرىدۇ. چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىدۇ.

بۇ ئىككى كوممۇنىست سەرىكۇيدا ئىشلىگەن مەزگىللەردە، بىرقانچە قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بوز يەرلەرنى ئېنىقلىغانىدى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بويىچە مەخسۇس يىغىنلارنى ئېچىپ، سەرىكۇي خەلقىنى ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۈندەپ، يۇشتۇرغان ھەمدە كەمبەغەل چارۋىچىلارغا ئۇرۇقلۇق ۋە تېرىلغۇ ھايۋانلىرى ھەل قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى دېھقانچىلىق بىلەنمۇ

① زەمىر ــ تاجىك، شۇ ۋاقىتتا چېگرا مۇداپىئە دادۈيىنىڭ مۇئاۋىن دادۇيجاڭى بولۇپ، يولداش خۇجيەن بىلەن بىرلىكتە سەرىكۇي خەلقىغە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن، كېيىن قەشقەرگە يۆتكىلىپ مۇئاۋىن پولك كوماندىرى بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن شىڭ شىسەي ئۇرۇمچىگە چاقىرتىپ شۇ يەردە ــ يوق قىلىۋەتكەن.

ئۇنى يۇقىتىش كويىغا چۈشتى، ھەتتا يوشۇرۇن سۇيىقەست ئىشلىتىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، ئۇنى يارىدار قىلدى، ئەمما چېگرا مۇداپىئە دادۇيىدىكى كەڭ ئەسكەرلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خوجىيەننى ئۆلتۈرۈش قەستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

1942 - يىلى خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى فاشىست كۈچلەر غالجىرلىشىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرگە قارشى دەھشەتلىك ھۇجۇم قوزغىغاندا، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ يالغان ئىلغارلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، بارلىق ئىلغار تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىپ، ئۆزى ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ قالغان ئاتالمىش «توپىلاڭ» ئەنزىسىدىن يەنە بىرنى ياساپ چىقىپ، دېموكراتىك كۈچلەرگە غالجىرلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلدى. شىنجاڭدا ئىشلىگەن كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالدى، ھەتتا بەزىلىرىنى دەھشەتلىك ئۆلتۈردى، كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىسىدە يېتىلىپ چىققان ئىلغار كۈچلەرمۇ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى، كوممۇنىستلارنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن قولغا كەلگەن تۈرلۈك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، قىسقىسى ھەممىلا يەرنى تېررورلۇق قاپلاپ كەتتى.

شىڭ شىسەينىڭ بۇنداق ئەكسىيەتچىلىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى، تەرەپ - تەرەپتىن خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدا «مۇستەقىل پادىشاھ» بولۇش شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋەتتى، ئىچكى - تاشقى كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە بېسىمى ئاستىدا شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشتى. 1944 - يىلى 10 - ئايدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل

سىدىكى قاتناشنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن سانائەت مەھسۇلاتلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن سەرىنكۆيىنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقىمۇ زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، ئىلگىرى بىر قويغ 4 — 5 مېتر گۈللۈك رەخت ئالماشتۇرغىلى بولسا، كېيىن 15 مېتر رەخت ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان بولدى. بۇ ھال سەرىنكۆي خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ھايانكەش، جازانە خور سودىگەرلەر ۋە ئەنگلىيە - ھىندىستان ئەتكەسچىلىرىنىڭ خەلقنى تالان - تاراج قىلىش ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

قىسقىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى سەرىنكۆيدا خىزمەت قىلىش جەريانىدا، جان - دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئىشلەپ، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بۇلغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، سەرىنكۆي رايونىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، قاتناش - ترانسپورت ۋە سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشتى.

لېكىن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئىلغار كۈچلەر ئالدىدىكى مەغلۇبىيەتكە ئاسانلىقچە تەن بەرمەيدۇ، سەرىنكۆيدىكى ئەھۋالمۇ دەل شۇنداق بولدى. خۇجيەن چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە زەربە بېرىش، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىۋاتقان ۋاقىتتا، بىر قىسىم ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۇنىڭغا جان - جەھلى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىپ،

# تۆتىنچى باب

## تاشقورغان رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرەشلىرى

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا كاپىتالىستىك تۈزۈم مۇستەھكەملىنىپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ خام ئەشياغا بولغان ئېھتىياجى كۈچەيدى، بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار «چەت ئەللەرگە ئاھالە كۆچۈرۈش ۋە چەت ئەللەرنى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇش» كويىغا چۈشتى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ شەرقىي ھىندى شىركىتىدىن پايدىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ۋە شىزاڭ رايونلىرىغا قارىتا يامان نىيەتتە بولدى. شىنجاڭ ئۈچۈن يەنە بىر تېخىمۇ ئېغىر خەۋپ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ چارروسىيە ئىدى.

ئەنگلىيە ۋە چارروسىيە قاتارلىق ئەللەردە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەم ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگو ئىلگىرىلىيەلمەي، دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالدى. چەنلۇڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن چىڭ خاندانلىقى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى، ئەمەلدارلىرى كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەچكە، مالىيە چىقىمى كۆپىيىپ، دۆلەت

قىلىشنى قارار قىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا ۋۇ جىڭشىننى ئەۋەتتى. ئۆلكە باشلىقى ئۆزگەرگەن بىلەن خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان زۇلۇم جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى.

ئاسىيادا ئەڭ زور سىياسىي كۈچكە ئايلىنىپ، شىمال تەرىپى سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە، شەرقىي جەنۇب تەرىپى ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلىۋالدى. چىڭ سۇلالىسى ئاجىزلىشىۋاتقان شارائىتتا بولسا، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا ۋە قەشقەر رايونىغا كېڭىيىشكە باشلىدى. 1822 - يىلى قوقەن خانى ئۆمەرخان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۇكىسى مەدەلىخان (مۇھەممەت ئەلى) ئولتۇردى. ئۇ بىر تەرەپتىن سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوجا ئەۋلادلىرىنى شىنجاڭدا ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى. 1830 - يىلى، مەدەلىخان يۈسۈپ خوجىنى بۇخارادىن مەخپىي قوقەنگە چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى قەشقەرگە بېسىپ كىرىشكە قۇتراتتى، 1830 - يىلى 9 - ئايدا يۈسۈپ خوجا قەشقەر ۋە يېڭىسارغا بېسىپ كىردى، سۇدۇر بەگ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوقەن باسمىچىلىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 10 - ئايدا سەرىكۇيغا تاجاۋۇز قىلدى. ئۇلار ھەربىي جەھەتتە مۇھىم ئورۇن بولغان بۇ جاينى ئىشغال قىلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىت ياراتماقچى بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق لەشكەر بېشى بۇ ئەھۋالنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلغاندا، چىڭ ھۆكۈمىتى يېڭىدىن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ئۈرۈمچى تېدوسى خې فېڭئانى دەرھال يەكەنگە بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۇزغاندىن كېيىن، سەرىكۇيغا بېرىپ ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىشقا بۇيرۇدى. 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى 3000 كىشىلىك چىڭ قوشۇنى خوتەندىن يەكەنگە كېلىپ، جىددىي جەڭ ئارقىلىق يەكەن مۇھاسىرىسىنى تارمار قىلدى. 12 - ئاينىڭ 28 - ۋە 29 - كۈنلىرى يېڭىسار بىلەن قەشقەرنىمۇ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇردى. لېكىن سۇدۇر بەگ يەنىلا تاشقورغاننى ئىشغال

مۇداپىئەسىگە ئاجرىتىلىدىغان پۇل ئازلاپ، چېگرا مۇداپىئەسـ
ئاجىزلىشىپ قالدى. شىنجاڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى، ئىلـ
جاڭجۇنى باشچىلىقىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەربىي ۋە مۈلكـ
ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ، ھەدەپ پارىخورلۇق ۋە خىيانەتچىلىـ
قىلىشقا باشلىدى، سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم تېخىمۇ ئېغىرلاشتى
ھەر دەرىجىلىك مۈلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار ئاز سانلىـ
مىللەتلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن تالان - تاراج قىلدى. ۋەتەنىـ
چېگرا رايونىغا جايلاشقان سەردىكۆي خەلقى ئىچكى ۋە تاشقىـ
جەھەتتىن كەلگەن «قوش» ئاپەتكە ئۇچراپ چىدىغۇچىلىقىـ
قالمىدى. شۇڭا سەرىدكۆيدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھۆكۈمرا
گورۇھلار ۋە تاجاۋۇزچىلارنىڭ زۇلمىغا تىز پۈكمەي، ئۇلارغـ
قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، تىللاردا داستار
بولغۇدەك تۆھپىلەرنى ياراتتى.

### 1. قوقەن باسمىچىلىرىغا قارشى كۈرەش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چەنلۇڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشـ
لانغان چىرىكلىشىشى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى XIX ئەسىرنىڭ
باشلىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقتى، ئىسلام
دىنىدىكى فېئودال دۆلەت — قوقەن خانلىقى مۇشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ ئۆز كۈچىنى تولۇقلاشقا كىرىشتى. قوقەن خانلىقى
ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان پەرغانە ئويمانلىقىغا جايلاشقان
بولۇپ، نarbuta ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىن باشلاپلا بۇخارا
خانلىقىدىن خوجەنت، ئۆرتۆپە قاتارلىق جايلارنى تالىشىشقا
باشلىغانىدى، ئالىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر
(1808—1799) گە كەلگەندە سىرتقا كېڭىيىشكە باشلاپ،
XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ئوتتۇرا

چېگرا رايونىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر يۈك سەرىكۆي خەلقى ئۈستىگە چۈشكەنىدى. شۇڭا، بۇ كۈرەشتە سەرىكۆي خەلقى ئىچىدىن تىل-لاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلار چىققانىدى. خەلقنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن مەشھۇر مىللىي قەھرىمان قۇلچاق ئەنە شۇ قەھرىمانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنىڭ بىر قىسمى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي يازمىلىرىدا قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسمى يېزىلمىغان. ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەر خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە.

قۇلچاقنىڭ ئەسلى ئىسمى ھىدايەت بولۇپ، تاشقورغاننىڭ چۈشمان كەنتىدىكى بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرلىكتە چارۋا بېقىپ چوڭ بولغان، 13 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە زور بەختسىزلىك كەلگەنىدى. قوقەن باسمىچىلىرى سەرىكۆيغا باستۇرۇپ كىرگەندە، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، قۇلچاقنى بولسا، باسمىچىلار ئالاي دېگەن يەرگە ئاپىرىپ، بىر بايغا قۇل قىلىپ سېتىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھىدايەت دېگەن نامى ئۆچۈپ «قۇلچاق» (كىچىك قۇل) دەپ ئاتالغان ۋە بۇ نام ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئىسمى بولۇپ قالغان. قۇلچاقنىڭ قۇللۇق تۇرمۇشى ئۇنىڭ كۆڭلىدە باسمىچىلارغا بولغان ئۆچمەنلىك، ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنىڭ قۇللۇق ھاياتى ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان. ئۇ بۇ جەرياندا نەچچە قېتىم قېچىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن مەرىكە ئۆيۈشتۇرۇپ، كاللىتىنى ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈپ، كىم بىرىنچىلىكنى ئالسا، ئۇنىڭغا

قىلىپ تۇرغانىدى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يەكەندىكى لەشكەر بېشى بى چاڭ خىزمەت كۆرسەتكەن 4 - دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار قۇلچاق، مەمەدەمىن قاتارلىقلارنى سەرىكۇي قوشۇنلىرىنى باشلاپ، سەرىكۇيغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى قوقەن باسمىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قوقەن باسمىچىلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئۆز جايىغا قاراپ قاچتى ۋە سەرىكۇينىڭ 5 - دەرىجىلىك ھاكىم بېگى مەمەشا ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىسىنى باغلاپ كېتىپ، ئۇلارنى يېرىلدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. قۇلچاق سەرىكۇينى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، باسمىچىلار ئېلىپ كېتەلمىگەن ئاشلىق ۋە باشقا ئەشيالارنى بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغان خەلققە تەقسىم قىلىپ بەردى. خې فېڭنا قۇلچاقنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، 1831 - يىلى 3 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ قوقەن باسمىچىلىرىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى دوكلات قىلغاندىن تاشقىرى، ھاكىم بەگ مەمەشانىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا نەپىقە بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

قوقەن باسمىچىلىرىنىڭ سەرىكۇيغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى بىۋاسىتە مەقسىتى شۇ جاينى بازا قىلىپ تۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش ئىدى. قوقەن باسمىچىلىرىنىڭ ئاشۇنداق ياۋۇز مەقسەتتە سەرىكۇي رايونىغا كۆپ قېتىم باستۇرۇپ كىرىشى سەرىكۇي خەلقىگە ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈردى. باسمىچىلار قانچە ۋەھشىيلەشسىمۇ، لېكىن خەلق قىلچە باش ئەگمەي، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا چىڭ ھۆكۈمىتى سەرىكۇيدا مۇنتىزىم قوشۇن تۇرغۇزمىغانىدى، قۇلچاق قاتارلىق كىشىلەر باشلاپ كەلگەن قوشۇن ئاساسەن سەرىكۇي خەلقىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، قوقەن باسمىچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ،

سەرىكۆينىڭ ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ. «چىڭ ئۇردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: «سەرىكۆينىڭ ھاكىم بېگى ئەسلىدە بەش جەرەكلىك بولۇپ، داۋگۇاڭنىڭ 10- يىلى (مىلادى 1830 - يىلى) ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىر جەرەك ئۆستۈرۈلۈپ، تۆت جەرەكلىك ھاكىم بەگ مەنسىپى بېرىلدى، كېيىن مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنى باشلاپ، بارلىق كۈچى بىلەن قوقەن باسمىچىلىرىغا تاقابىل تۇرغانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىر دەرىجە مۇكاپات بېرىلىپ، ئۈچ جەرەكلىك ھاكىم بەگ مەنسىپى بېرىلدى.»①

قوقەن باسمىچىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. 1833 - يىلى قوقەن باسمىچىلىرىدىن 500 كىشى نۇربايىنىڭ باشچىلىقىدا سەرىكۆي رايونىغا بېسىپ كىردى. شۇ ۋاقىتتىكى يەكەننىڭ مەسلىھەت ئامبىلى چاڭ جىڭ ئۇلارغا دەرھال چىقىپ كېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن كېيىن، نۇرباي باشچىلىقىدىكى نۇرغۇن باسمىچىلار كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئون نەچچە ئادەم كەتكىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا قەشقەردىكى لەشكەر بېشى قوقەننىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەمەلدارىنى بارىمتايلىققا تۇتۇۋالدى. قوقەن دائىرىلىرى ئىلاجىسىزلىقتىن قالغان ئادەملىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. 1834 - يىلى قوقەن خانى مەدەلى لەشكەر قىشبېگىگە (قوماندانىغا) مەمەشىرىپنى سەرىكۆيگە ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى، مەمەشىرىپ سەرىكۆيگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، تاغارما يېزىسىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە قولچاقنى تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇدى، ئۇنىڭ بۇ يولسىزلىقى قولچاقنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. يەكەن مەسلىھەت ئامبىلى قولچاقنىڭ مەلۇماتىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈش، قىلچىمۇ

① شۇ كىتاب 26 - جىلد 19 - 20 - بەتلەر

قۇلچاقنى مۇكاپات قىلىپ بەرمەكچى بولغان، باشقىلارغا مال ئورنىدا سېتىلىپ، ئۆز يۇرتىدىن تېخىمۇ يىراق كېتىشتىن ئەنسىرىگەن قۇلچاق، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتمەكچى بولىدۇ ۋە شۇ يەردىكى بىر ئاق كۆڭۈل موماينىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، موماي ئۇنىڭغا ماڭىدىغان يوللارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپلا قالماستىن، ئوزۇقمۇ تەييارلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇلچاق باينىڭ كاتتا نەزىر بېرىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەڭ ياخشى ئاتنى ئوغرىلاپ مىنىپ قېچىپ كېتىدۇ، باي ئادەم تەشكىللەپ قوغلىغان بولسىمۇ يېتەلمەيدۇ. قۇلچاق سەرىكۆيگە كەلگەندىن كېيىن، قوقەن باسمىچىلىرىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، تاغىسى، شۇ ۋاقىتتىكى سەرىكۆينىڭ ھاكىم بېگى مەمەشانىڭ قول ئاستىدا ئەسكەر بولىدۇ. ئۇ ئەسكەر بولغاندىن كېيىن، ھەربىي ماھارەتنى تىرىشىپ يېتىلدۈرىدۇ ۋە تېزلا ئامما ئىچىدە شۆھرەت قازىنىدۇ، بۇ ھال مەمەشادا قاتتىق ھەسەتخورلۇقنى پەيدا قىلىدۇ، مەمەشا تۈرلۈك بەدناملارنى چاپلاپ، يەكەن مەسلىھەت ئامبىلىغا چېقىشتۇرۇپ، ئۇنى يەكەن تۈرمىسىگە سولىتىۋېتىدۇ. شۇ مەزگىلدە قوقەن باسمىچىلىرى يەكەنگە پاراكەندىچىلىك سالىدۇ، تۈرمىدە ياتقان قۇلچاق يەكەن مەسلىھەت ئامبىلىدىن ئۆزىنىڭ قوقەن باسمىچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەكەن مەسلىھەت ئامبىلى ئۇنىڭ تەلىپىنىڭ سەمىمىيلىكىنى كۆرۈپ، رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇ، ئۇرۇشتا ئاجايىپ جاسارەتلەرنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، يەكەن خان ئامبىلى ئۇنى تۈرمىدىن ئازاد قىلىپلا قالماي، ئۇنىڭغا بەش جەرەكلىك (دەرىجىلىك) بەگ مەنسىپىنى بېرىدۇ. ئۇ كېيىن سۇدۇربەگ باشچىلىقىدىكى قوقەن باسمىچىلىرىنى تازىلاشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنى

ئۇنىڭ كېپىگە ئىشىنىپ، نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى تاغدۇمباش تەرەپكە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى ئازغىنا ئەسكىرى بىلەن سەرىكۇي تاش شەھىرىدە قالدى، ئۆز ھىيلىسىنىڭ ئۈنۈم بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر ئەتىسى تاڭ سەھەردە ۋەرشىدى كەنتىنىڭ خامانلىرىدىكى ئاشلىقلارغا ئوت قويۇۋېتىپ، تاش شەھەرگە غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلدى. قۇلچاق ئاز ئەسكەر بىلەن قالغان ھالەتتىمۇ قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتتى، ئۇ دۈشمەننىڭ بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان دۈشمەن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋەردى، ئاخىر قۇلچاقنىڭ كۆكرىكىگە ئوق تېگىپ، ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولدى. قوقەن خانىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، قۇلچاقنى تىرىك تۇتالمىغان قوشبېگى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ خانىنىڭ ئالدىغا ئاپاردى، شۇنىڭ بىلەن سەرىكۇي دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

سەرىكۇي شەھىرى قولدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تاجىك خەلقىنىڭ كۈرەش قىلىش ئىرادىسى بوشاپ كەتمىدى. ئۇلار ئىشىك ئاغا بېگى مەترەمبېكنىڭ باشچىلىقىدا تۇغ يېزىسىغا چېكىنىپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. قوقەن قۇشبېگى سەرىكۇينى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئادىنا باشچىلىقىدىكى بىرقانچە يۈز ئىشغالىيەتچى قوشۇننى شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى بۇلاپ - تالاپ توپلىغان مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ قوقەنگە قايتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سەرىكۇينىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىلى مەسلىھەت ئامبىلى يى شەنگە سەرىكۇيغا بېرىپ بۇ ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى تاپىلايدۇ، ئۇ يەكەنگە كېلىپ بولغۇچە، تاجىك خەلقى داراپشانىڭ رەھبەرلىكىدە تەشكىللىنىپ، قوقەن لەشكەرلىرىنىڭ سىرتقا بۇلاڭچىلىق قىلىشقا چىقىپ

بىپەرۋالىق قىلماسلىق توغرىسىدا يولىيورۇق بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن قوقەن لەشكەر قوشبېگىگە بىۋاستە مەكتۇپ يېزىپ، سەرىكۇينىڭ ئەزەلدىنلا يەكەنگە تەۋە ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ، ئۇلارنىڭ قايتىپ چىقىپ كېتىشىنى، ئەگەر يەنىلا قايتمايدىغان بولسا، پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىپ، تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.① لېكىن قوقەن باسمىچىلىرى سەرىكۇينى ئىشغال قىلىش نىيىتىدىن زادىلا يانمىدى. 1835 - يىلى 3 - ئايدا يەنە بىر تۈركۈم قوقەن قوشۇنلىرى بوغچى باشچىلىقىدا سەرىكۇيغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بارغانلا يېرىدە ئوت قويۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. ھاكىم بەگ قۇلچاق سەرىكۇي خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، تاجاۋۇزچىلار بىلەن كەسكىن ئېلىشتى، ئۇلارنى تاكى ئاشخانا جىلغىسىغا قەدەر قوغلاپ بېرىپ، شۇ يەردە قىرقەن ئەسكەرلىرىدىن 20 نەچچىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ كېتىلگەن چارۋىلارنى قايتۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سەرىكۇي خەلقى قۇلچاقنىڭ شۇ قېتىمقى جەڭ نەتىجىسىنى يادلاپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ جىلغىنىڭ نامىنى «قۇلچاق جىلغىسى» دەپ ئاتىدى، ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ. 1836 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قوقەن لەشكەرلىرىنىڭ قوشبېگى ئۆزى 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن يەنە بىر قېتىم سەرىكۇيغا تاجاۋۇز قىلدى، ئۇلار سەرىكۇيغا كىرىشتىن بۇرۇن جاسۇس ئەۋەتىپ قۇلچاققا «تاغدۇمباش قوقەنلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپتۇ» دېگەن يالغان خەۋەرنى يەتكۈزدى، ئۇنىڭ جاسۇس ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن قۇلچاق

---

① «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 261 - جىلد، 10 - 12 - بەتلەرگە قارالسۇن.

شىرئەلى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى خۇدىيارخان خانلىققا ئولتۇردى. ئاشۇنداق ئىچكى مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن، قوقەننىڭ سەرىكۆيغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقى بىر مەزگىل توختاپ قالدى. لېكىن 1845 - يىلى قىشتا قوقەن خانى يەنە بىرقانچە يۈز لەشكەرنى سەرىكۆينىڭ شىمالىدىكى قىپچاق قىرغىزلىرى ئولتۇراقلاشقان رايونغا ئەۋەتىپ، زورلۇق بىلەن باج ئالماقچى بولدى. كېيىنكى يىلى قوقەن خانى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىگە خەت يېزىپ، يەكەندە سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان كەشمىرلىك، بەدەخشانلىق سودىگەرلەردىن ئۆزى باج ئالىدىغانلىقنى ھەمدە شىنجاڭدا سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان قوقەنلىكلەردىن باج ئالماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ يولسىز تەلەپلىرى چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىندى.

XIX - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا سەرىكۆي خەلقىگە تاجاۋۇز قىلغان قوقەن تاجاۋۇزچىلىرى كېيىن ئۆزىنى ئەڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەت دەپ ئاتىۋالغان چارروسىيە تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

سەرىكۆي خەلقىنىڭ قوقەن تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىپ، ۋەتەن زېمىنىنىڭ بىرلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش يولىدىكى كۆرەشلىرى ئېلىمىز خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ كۆرىشىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، تارىختىن ئورۇن ئالدى.

### 2. ياقۇپبەگ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش

بىرىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىكى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى تېخىمۇ ئاشكارىلىدى. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭگو خەلقى بىلەن

كەتكەن پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئادىنا قاتارلىق قاراقچىلارنى تۇتۇپ، يەكەنگە ئاپىرىپ چىڭ ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، يى شەن ئادىنا قاتارلىقلارنى سوراق قىلىپ جازالايدۇ، بۇنىڭدىن ئالاقىزادە بولغان قوقەن باسمىچىلىرى بىر - بىرلەپ قېچىپ كېتىدۇ. يى شەن شۇنىڭدىن كېيىن قوقان خانى مەدەلىگە خەت يېزىپ، مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ: «سەرىكۆي يەنىلا بۈيۈك خاقانىمىزنىڭ زېمىنى»، «ئەگەر قول ئاستىڭىزدىكى كىشىلەر يەنە سەرىكۆي، تاغارما (تاغارما ئەسلىدە سەرىكۆيگە قاراشلىق يېزا بولۇپ، يى شەن ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلمىگەنلىكتىن ئۇنى ئايرىم تىلغا ئالغان) قاتارلىق جايلارغا كېلىپ خالىغانچە پاراكەندە قىلسا، بىز سىلەرنىڭ سودا - سېتىقچىلىرىڭلارنى قوغلاپ چىقىرىپلا قالماي، بۈيۈك قوشۇنىمىزنىمۇ قوزغايمىز، ئۇ ۋاقىتتا كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار ئازاب - ئوقۇبەتكە قالىدۇ، سىلەرگىمۇ ھەقىقەتەن پايدىسىز بولىدۇ①.» يى شەن بۇ يەردىكى ئىشلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئۇرۇش جەريانىدا باشقا جايلارغا قېچىپ كەتكەن 2000 دىن ئارتۇق تاجىكنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، يېڭى ھاكىم بەگ تەيىنلىدى، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلىدى ھەمدە بۇ يەرنىڭ ئۈچ يىللىق ئالتۇن سېلىقى ۋە بىر يىللىق شۇلتا سېلىقىنى كەچۈرۈم قىلدى.

1842 - يىلى قوقەندە ئىچكى توپىلاڭ يۈز بېرىپ، مەدەلىخان بۇخارا خانى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، مەدەلىخاننىڭ تۇغقىنى شىرئەلى قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، بۇخارالىقلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. 1844 - يىلى

① ئىلى مەسلىھەت ئامبىلىنىڭ داۋگۇاڭنىڭ 17 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يازغان مەلۇماتىدىن.

كەنگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىزغايدۇ. يەكەن خەلقى ئۇنىڭ
تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈرەش قىلغان
بولسىمۇ، لېكىن يەكەننىڭ ھاكىم بېگى نىياز دۈشمەنگە سې-
تىلىپ، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، يەكەن
شەھىرى قولدىن كېتىدۇ. ياقۇپبەگ قوشۇنلىرى شۇنىڭدىن
كېيىن سەرىكۆينى ئىشغال قىلماقچى بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى
سەرىكۆينىڭ ھاكىم بېگى ئەلىپبەگكە نىسبەتەن تۈرلۈك ھىيلە-
نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئەلىپبەگ ئۇنىڭ ھىيلىسىنى سىزىپ،
ئۇنىڭغا قەتئىي ئەل بولماسلىق قارارىغا كېلىدۇ، بۇنىڭدىن
قاتتىق غەزەپلەنگەن ياقۇپبەگ ھەسەنشانى 400 لەشكەرگە
باشلىق قىلىپ سەرىكۆيگە ئەۋەتىدۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئەلىپبەگ
60 نەچچە كىشىنى ئېلىپ ۋاخانغا قېچىپ كېتىدۇ. ھەسەنشا
سەرىكۆي ھاكىم بەگ مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. ياقۇپ-
بەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يەتتە شە-
ھەر خانلىقىنى قۇرىدۇ. بۇ يەتتە شەھەر خانلىقى
جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىغە ناھايىتى ئېغىر كۈل-
پەتلەرنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ بارلىق ھەربىي ۋە مۈلكىي ئورگان-
لىرىنىڭ بارلىق خىراجىتى خەلق ئۈستىگە چۈشتى، ئۇ ئۆشرە-
زاكاتنى بۇرۇنقى باج - سېلىق ئورنىغا دەسسەتتى. ياقۇپ-
بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ بۇنداق چىدىغۇسىز زۇلمى ۋە ئېكسپىلا-
تاتسىيە قىلىشى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كىشىلەر باشقا يۇرتلارغا
ھەتتا چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتتى. بۇنداق ئاقىۋەت سەرىكۆي
خەلقىنىمۇ سىرتتا قويمىدى. ياقۇپبەگنىڭ قول چومىقى ھە-
سەنشا سەرىكۆينى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قارشىلىق كۆر-
سەتكەن تاجىك خەلقىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز جايىدا باستۇرسا،
بىر قىسمىنى «گۇناھكار» ھېسابلاپ قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇ-
بىدىكى پارچە يەر دېگەن جايغا ۋە يەكەن، ئالاي تەرەپكە

مۇستەملىكىچىلەر ۋە فېئودال ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ تەيپىڭ تىيەنگو ئىنقىلابى پارتلىدى، بۇ ئىنقىلاب پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپىنچە جايلىرىدا دېھقانلارنىڭ فېئوداللىققا قارشى كۈرەشلىرى ئەۋج ئالدى. لېكىن جايلاردىكى كۈرەشلەرنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى ۋە دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ۋەزىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، قەشقەردىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى 1865 - يىلى قوقەن خانى ئالىمقۇلدىن جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۈزرۈك خوجىنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ شىنجاڭنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. ئالىمقۇل خان بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ بۈزرۈك خاننى قەشقەرگە ئەۋەتتى. ياقۇپبەگنى ئۇنىڭغا قوشبېگى قىلىپ قوشتى.

ياقۇپبەگنىڭ ئەسلى ئىسمى پىرمۇھەممەت ياقۇپ بولۇپ، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئايۇپ ئىدى. ياقۇپبەگ تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدىكى پىسكەنتتە تۇغۇلغان بولۇپ، دادىسى تاجىك، ئانىسى خوجەنتلىك ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ خەلققە زۇلۇم سالغان، كۆپ يىل قوقەندە مۇھىم ھەربىي ۋە مۈلكىي مەنسەپلەردە بولغان. كېيىن قوقەننىڭ لەشكەر بېشى ئالىمقۇلنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە بولۇپ قالغان.

ياقۇپبەگ بۈزرۈك خان بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن، نامدا بۈزرۈكخان «شاھ» لىق ئورۇندا بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بارلىق ھوقۇق بارا - بارا ياقۇپبەگنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ 1866 - يىلى يە-

بەگ، تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، شۇ يىلى 8 - ئايدا بەگقۇلـ
بەگ ھېكىمخان تۆرىنى يېڭىپ ئاقسۇغا كىردى. ھېكىمخان تۆرە
چاررۇسىيە تەرەپكە قېچىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى
جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، جايلاردىكى خەلق ئاممىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەرەپ - تەرەپتىن قوزغىلىپ
ياقۇپبەگنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك ياردىمى ئارقىسىدا
قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەرەپلەرگە قاراپ تېز سۈرئەت بىلەن
ئىلگىرىلىدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئىلـ
گىرىلىشى سەرىكۆي خەلقىنىڭ ھەسەنشا باشچىلىقىدىكى ياقۇپـ
بەگ باسمىچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە زور
ئىلھام بولدى. بۇرۇن ھەسەنشا تەرىپىدىن ئالاي، قوقەن قاـ
تارلىق جايلارغا قوغلىۋېتىلگەن سەرىكۆي خەلقى يەنە ئەلىپبەگ
باشچىلىقىدا تەشكىللىنىپ سەرىكۆيگە كەلدى، بۇرۇن ھەسەنشا
تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارمۇ ئىچكى جەھەتتە
ئەلىپبەگكە ماسلىشىپ، چىڭ قوشۇنلىرى سەرىكۆيگە يېتىپ
بېرىشتىن بۇرۇنلا ھەسەنشانى يوقىتىش جېڭىگە ئاتلانغانىدى.
ئەلىپبەگ باشچىلىقىدىكى سەرىكۆي خەلقى شامبابا دېگەن يەردە
ھەسەنشا قوشۇنلىرى بىلەن بىر كۈن ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن
تاشقورغان تاش شەھىرىنى ئالالماي، تىزناپ قەلئەسىگە چېكـ
ىندى. ھەسەنشا قوشۇنلىرىنى باشلاپ تاش شەھەرگە قايتىپ
كەلگەندە ئۇنىڭ قوشۇنى ئىچىدىكى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە
تۇتۇلغانلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئەلىپبەگنى ئىزدەپ تىزناپقا
كەتتى. بۇ ھالەتنى كۆرگەن ھەسەنشا شۇ كېچىسىلا تىزناپ
قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشتى، نەـ
تىجىدە ھەسەنشا يېڭىلىپ ئەلىپبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

سۈرگۈن قىلدى، بۇلار ھايۋاندىنمۇ بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرۈشكە
مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا رايىنىڭ ماسلاشماسلىقى
تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتتى. ھەسەنشا بۇنىڭ
بىلەنلا قالماي، تاجىك ياشلىرىدىن يەنە بىرقانچە ئادەمنى
مەجبۇرىي ھالدا ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئۇلارنى ناھەق ئوققا
تۇتۇپ بەردى. ياقۇپبەگنىڭ بۇنداق چېكىدىن ئاشقان زورا-
ۋانلىقى قەشقەر خەلقىنىڭ، جۈملىدىن سەرىكۇي خەلقىنىڭ
كۈچلۈك غەزىپى ۋە قاتتىق نەپرىتىنى قوزغىدى، خەلق ئاممى-
سىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ھەسەنشا سۈرگۈن قىلىنغان كىشىلەرنى
سەرىكۇيغا قايتۇرۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى، لېكىن ئۇلار
يەنىلا «گۇناھكار» سۈپىتىدە سەرىكۇي تاش شەھىرى ۋە تىز-
ناپ قەلئەسى ئىچىگە توپلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ نازارەت قىلدى،
ئۇلار ئۆز يۇرتىدىمۇ قۇلغا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈردى.

1875 - يىلى 5 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
زوزۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىش قىلىپ تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەر-
بىي ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى، 1876 - يىلى
زوزۇڭتاڭ 60 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن تەشكىللەپ شىنجاڭغا
ماڭدۇردى، ئۆزى بولسا گەنسۇدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلدى.
1877 - يىلى ئەتىيازدا ليۇجىنتاڭ ئەسكەر باشلاپ جەنۇبىي
شىنجاڭغا باردى. ئۇ، كەڭ خەلقنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا يول
بويى غەلىبە قىلىپ ئىلگىرىلەۋەردى، ياقۇپبەگ مەغلۇپ بو-
لۇپ كورلىغا قېچىپ كەلدى. ياقۇپبەگ گۇرۇھىنىڭ ئىچكى
زىددىيىتى ئېغىرلىشىپ، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى-
لىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ھېكىمخان تۆرە پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. ياقۇپ-
بەگنىڭ ئوغلى ھەققۇلبەگ ياقۇپبەگنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ جە-
نۇبقا ماڭدى. ئۇ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئاكىسى بەگقۇلى-

ئۇزۇن ئۆتمەيلا خەلق ئۇنىڭغا نەپرەت ياغدۇرۇشقا باشلىدى،
شۇنىڭدىن كېيىن ئازغىنا ۋاقىت ئۆتۈپ ئۆلۈپ كەتتى.
ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
قالدۇق قىسىملىرى قېچىپ جۇڭگو - رۇسىيە چېگرا تەرەپكە
يېرىۋالدى. 1879 - يىلى ئۇلار ئەلىپبەگنىڭ ئۆلگەنلىك خە-
ۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياز ۋە كۈز ئارىلىقىدا باخشى
بەردار دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا 3000 دىن كۆپرەك
ئادەم توپلاپ، سەرىكۆينى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى جەنۇبىي شىن-
جاڭغا ھۇجۇم قىلىشتىن باشتۇرۇپ كىرىشتىكى بازا قىلماقچى بولدى.
شۇنداق قىلىپ بۇ باندىتلار 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۇ بې-
شىغا باستۇرۇپ كىردى. داۋاملىق ئىلگىرىلەپ سەرىكۆيغا قاراپ
يول ئالدى. ئۇ ۋاقىتتا سەرىكۆينى قوغداۋاتقانلار يەرلىك
خەلق ئىدى. باخشى بەردار سەرىكۆي شەھىرىنى قوغداۋاتقان
خەلقلەرنى ئالداپ تەسلىم قىلدۇرماقچى بولۇپ، ئەسكەرلىرىنى
سەرىكۆينىڭ شىمالىدىكى شامبابا قەلئەسى يېنىدا توختىتىپ
قويۇپ، ئۆزى 50 نەچچە ئادەمنى ئېلىپ سۆھبەتكە كەلدى،
شەھەرنى ساقلاۋاتقانلار بولسا شەھەر سېپىلىنىڭ يېنىغا قو-
قانباي باشچىلىقىدا 30 كىشىنى پىستىرما قىلىپ يوشۇرۇپ
قويۇپ، يەتتە نەپەر ئاقساقالنى باخشى بەردارنىڭ ئالدىغا
ئەۋەتتى. باخشى بەردار ياشانغان كىشىلەرنىڭ كېلىپ قارشى
ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، «سەرىكۆينى ئوق چىقارماي ئالىدىغان
بولدۇم» دەپ خۇشال بولدى، ئاقساقاللار ئۇنى پەم بىلەن
پىستىرما ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايغا ئېلىپ كەلدى. باخشى بەردار
ئۇ يەردە تۇرغان ئاتلىقلارنى كۆرۈپ، ئۇلار كىملەر دەپ سو-
رىغاندا، ئاقساقاللار ئارىسىدىكى ئەربۇپ دېگەن كىشى: «ئۇلارمۇ
ئۆزلىرىنى قارشى ئېلىشقا چىققانلار» دېدى، خۇرسەن بولۇپ
خۇدىنى يوقاتقان باخشى بەردار ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ،

شۇنىڭ بىلەن سەرىكۆي خەلقى ئۆز يۇرتىنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. ليۇجىنتاڭ باشلىغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەر، يەكەنلەرنى تاجاۋۇزچىلاردىن قايتۇرۇۋالغاندا، ياقۇپبەگ تەرىپىدىن يەكەن بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن مۇھەممەت يۇنۇسجان① ئۆزىنىڭ بالا - چاقىلىرى ۋە قوقەنلىك لەشكەرلىرىنى باشلاپ بەدەخشان ئارقىلىق ھىندىستانغا قاچماقچى بولۇپ، سەرىكۆيغا كىرىدۇ، ئۇلار شىندى دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە ئەلىپبەگ بىر قىسىم كىشىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى پەم بىلەن تۇتۇپ سەرىكۆي ھاكىم بەگ مەھكىمىسىگە ئېلىپ كېلىدۇ ۋە دەرھال ليۇجىنتاڭغا چاپارمەن ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. كېيىن ئۇلارنى ليۇجىنتاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يەكەنگە ئاپىرىپ ليۇجىنتاڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ②. بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەلىپبەگنى مۇكاپاتلاپ، ئۇنىڭغا بەش جەرەكلىك تۇرنا پەيلىك ئۇتىغات بېرىدۇ ھەمدە ئۇنى سەرىكۆي ۋە بۇيرۇت قەبىلىلىرىنى باشقۇرىدىغان ئوكوردای قىلىپ تەيىنلەپ، ئىلگىرى ئاتىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان 19 ئورۇندىكى تاجىك يېزىلىرىنى ۋە سەرىكۆينىڭ غەربىي شىمالىدىكى توققۇز ئورۇندىكى كۆچمەن قىرغىز يېزىلىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ③. لېكىن ئەلىپبەگ ئاچكۆز ۋە زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئانچە

---

① ئەسلى قوقەنلىك شىغاۋۇل بەگ بولۇپ، خۇدىيارخان بىلەن ئالىمقۇلنىڭ خانلىق تالىشىش كۈرىشىدە خۇدىيارخان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1865 - يىلى كوزدە بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ، ياقۇپبەگكە قوشۇلغان. ياقۇپبەگ ئۇنى ئۆزىنىڭ مۆھرىدارى ۋە يەكەننىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن.

② مۇھەممەت زەرىپى يازغان «تارىخىي كاشغەر ۋە پەرغانە» دېگەن كىتابنىڭ 230 — 238 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

③ گۇاڭشۈينىڭ 3 - يىلى «12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يېزىلغان ليۇجىنتاڭ قول يازمىلىرىدىن.»

ئىچىدىكى قارا چوقۇر دەرياسى بىلەن تاغدۇمباش دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى گەندە قىر تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى، غەربىي تەرىپى پەنج دەرياسىنىڭ ۋادىسىدىكى شوغىنان رايونى ۋە خېڭسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جەنۇبىي ھىندىقۇش ۋە شىمالىي ئالاي تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ. ئۇ يەر شەكلى تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن سەككىز پامىرغا بۆلۈنىدۇ:

1. تاغدۇمباش پامىرى ئۇ پۈتكۈل پامىرنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تاشقورغان دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىكى ۋاغچىروي داۋىنىدىن باشلىنىپ، قارا چىقۇر دەرياسى بىلەن تاغدۇمباش دەرياسى قوشۇلىدىغان غىجەكبۇيى دېگەن يەرگىچە سوزۇلىدۇ، غەربىي چېگرىسى سەرىكۇي تاغ چىققىلىرىنى، شەرقىي تەرىپى گەندە قىر قىرغاقلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

2. پامىرى خورد ياكى كىچىك پامىر بۇ، تاغدۇمباش پامىرنىڭ غەربىدە بولۇپ، ئويكۆلدىن تارتىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. پامىرى كالان ياكى چوڭ پامىر. بۇ كىچىك پامىرنىڭ غەربىدە بولۇپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان ئىستىق دەرياسىنىڭ ۋە غەرب تەرەپكە قاراپ ئاقىدىغان پامىر دەرياسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدىكى تۈزلەڭلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. ئەلىچۇر پامىر بۇ، چوڭ پامىرنىڭ شىمالىدا بولۇپ، چادىرتاش بىلەن يېشىل كۆل ئارىلىقىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. سارەز پامىر بۇ، ئەلىچۇرنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئۇنىڭ

ئاتلىقلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولـ
غاندا، سۇلايمان خوجا دېگەن ئادەم ئۇنى ئاتتىن سۆرەپ چۈ-
شىدۇ، قېقانباي ئۇنىڭ بېشىغا ئاتىدۇ. باشقىلار باخشى بەردار
بىلەن بىللە كەلگەنلەرگە ئوق ياغدۇرىدۇ، ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ،
تىرىك قالغانلىرى ئاساسىي قوشۇنلىرى قالغان جايغا تىكىۋې-
تىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن دۈش-
مەنلەر سەرىكۆي شەھىرىگە تېخىمۇ شىددەت بىلەن ھۇجۇم
قىلىدۇ، سەرىكۆي خەلقى يەتتە كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىپ،
شەھەرنى قوغدايدۇ، مۇشۇنداق شارائىتتا ليۇجىنتاڭ ئەسكەر
باشلاپ كېلىپ، سەرىكۆي شەھىرىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرىدۇ،
باندىتلار شىمالغا قاراپ قاچقان بولسىمۇ، ليۇجىنتاڭ قوغلاپ
زەربە بېرىپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ باسمىچىلىرىغا قارشى كۈرەش
جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاش-
تى. سەرىكۆي خەلقىنىڭ ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش يولىدىكى
بۇ كۈرەشتە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە
سادىق، باتۇر خەلق ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ
بۇ ئۆچمەس تۆھپىسى تارىخ بېتىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ.

## 3. چار روسىيە ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ پامىر رايونىنى بۆلۈشۈۋېلىشىغا قارشى كۈرەش

پامىر رايونى قەدىمكى دەۋردە كۆكتارت دەپ ئاتىلاتتى.
ئۇ شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان كۇئېنلۇن،
قاراقۇرۇم، ھىندىقۇش تاغ تىزمىلىرىدىن ھاسىل بولغان ئېگىز-
لىك بولۇپ، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا قەد كۆتۈ-
رۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسى تاشقورغان رايونى

XIX ئەسىرنىڭ 60 — 70 - يىللىرى، چاررۇسىيە غالجىرلىق بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قاراپ كېڭىيىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قوقەن، بۇخارا ۋە خىۋا قاتارلىق ئۈچ دۆلەتنى ئىشغال قىلدى، ئۇ چېگرىسىنى جەنۇبتا ئامۇ دەرياسى بويىغىچە يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە بىلەن پامىر رايونىنى تالىشىشقا باشلىدى. 1867 - يىلى ئافغانىستان ئەمىرى ئابدۇراخمان خان شوغنات رايونىنى بېسىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئافغانلىقلار جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، ۋاخان رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ۋاخان ئەمىرى شاھ ئەلى مەردان چەترارغا قېچىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئافغانلىقلار پۈتكۈل ۋاخان رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى. 1869 - يىلى 10 - ئايدا چاررۇسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى مىليوتكىن بىلەن ئەنگلىيە ۋەكىلى داگراس فرشتات پېتروگراد شەھىرىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە پامىردىكى تەسىر دائىرىسىنى بۆلۈشتى. ئۈچ يىللىق تالاش - تارتىش ئارقىلىق، چاررۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئۆزلىرىنىڭ پامىر رايونىدىكى تەسىر دائىرىسى چېگرا سىزىقىنى سەرىكۆيدىن باشلاپ پامىر ۋە پەنج دەرياسىنى بويلاپ ئايرىدى. بۇ چېگرا سىزىقىنىڭ جەنۇبىي ئەنگلىيىنىڭ، شىمالى چاررۇسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولىدىغان بولدى. چاررۇسىيە بۇ ھەقتە شەرتنامە ئىمزالاپ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن قوقەننى ئىشغال قىلىشقا كىرىشتى. 1876 - يىلى قوقەننى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى پەرغانە ئۆلكىسىگە ئۆزگەرتىپ، تۈركىستان گوبېرناتورىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

چاررۇسىيىنىڭ يوقىرىقىدەك شۇملۇقلارنى قىلىشتىن مەقسىتى جۇڭگو ۋە ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىش ئىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلغان كاتتىباشلىرىدىن بىرى بولغان

شەرقى ئاق بايتال دەرياسى بىلەن ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدىن باشلىنىپ، غەربىي بەرتەگىدىكى مۇزغاپ دەرياسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

6. راڭكۆل پامىر بۇ، سارەز پامىرنىڭ شەرقىدە بولۇپ، راڭكۆلنىڭ تۆت ئەتراپى ۋە ئاق بايتالنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

7. قوش كىچىك پامىر (خەر پامىر، خەرگۇش پامىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) بۇ سارەز پامىرنىڭ شىمالىدا بولۇپ، قارا كۆل ئەتراپىدىكى جايلار ئۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

8. ۋاخان پامىر بۇ چوڭ پامىرنىڭ جەنۇبى، كىچىك پامىرنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، بوزاي گۈمبەزنىڭ غەربىدىكى، ۋاخان دەرياسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پۈتكۈل پامىر جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىنىڭ تەبىئىي توسقى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ ۋە شىزاڭنى قوغداپ تۇرىدۇ. 2000 يىلدىن كۆپرەك ئىلگىرى ئۆتكەن خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ، جۇڭگونىڭ تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمەتلىرى بۇ يەرلەرگە نىسبەتەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۈزۈلمەيلا يۈرگۈزۈپ كەلدى. پامىر زېمىنى جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى، پامىر ئاھالىسى ئەزەلدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

XIX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغا كەلگەندە چارروسىيە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ۋە شىزاڭ رايونىغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقىنى كېڭەيتىش ھەمدە ئەنگلىيىدىن ئاسىياغا بولغان زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش ئۈچۈن، ھەربىي ئىشغالىيەت ۋە دىپلوماتىك پوپوزا قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، پامىر رايونىنى بىر - بىرلەپ ئىشغال قىلىۋالدى.

يىلى كائۇفمان يەنە ئابلاموۋ باشچىلىقىدىكى «ھەربىي ئۇزاققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتى» نى پامىر ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا رازۋېتكا قىلىشقا ئەۋەتتى؛ 1883 - يىلى 5 - ئايدا پوتياتا باشلىغان «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» تاشكەنتتىن چىقىپ، ئۈچ ئارقىلىق ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قارا كۆل، بۇلۇڭكۆل، تاشقورغان، نېزى تاش، ئاق بايتال، راڭكۆل، ئەلچۇر، سارەز كۆلى، ئويكۆل، سەرىكۆي كۆلى، بەش گۈمبەز قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، پامىر رايونىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توپلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى پامىر رايونىغا بولغان سىياسىي، ھەربىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. 1878 - يىلى چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى شايىم بەگ بىلەن قۇرۇمش بەگنى مىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ مۇزغاپتا تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا يەنە ئالتە نەپەر يۈز بېشى تەيىنلەپ، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا قارا كۆل، راڭكۆل، مۇزغاپ، ئەلچۇر، چىچدۆۋە ۋە ئاقسۇ (ھازىرقى قىزىل راۋات) قاتارلىق جايلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردى. ئۇنىڭ سىرتىدا، پامىر رايونىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، قىزىل جىيەك قاراۋۇلى، مۇزغاپ قاراۋۇلى، ئاقسۇ مولۋا قاراۋۇلى، تۈزكۆل قاراۋۇلى، بەش گۈمبەز قاراۋۇلى، يارت گۈمبەز قاراۋۇلى، تاغدۇمباش قاراۋۇلى قاتارلىق قاراۋۇللارنىمۇ تەسىس قىلدى، بۇ قاراۋۇللاردىكى لەشكەرلەر چارلاش ئېلىپ بېرىپ تۇرغانىنىڭ سىرتىدا، شۇ يەرلەردە ئولتۇرۇشلۇق قىرغىز، تاجىك قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىمۇ كۆزەتچىلىك قىلىش، رازۋېتكا قىلىش ۋە يول ياساش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى.

چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ئاشۇنداق تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن چار روسىيە داۋاملىق ھالدا كېڭەي-

گېنېرال لېيتنانت تېرنېشۇ مۇنداق دېگەندى: «پەرغانە
ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئەڭ باي ۋە مۇنبەت بولغان رايونن
روسىيىگە قوشۇلۇشى بۇ يەرنى ئىشغال قىلىشقا كەتكەن -
راجەتنى ئاشۇرۇپ تۆلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنتاي
مۇھىم بولغان بىر پايدىنىمۇ يەتكۈزدى. ئۇ بولسىمۇ، بىز جۇ
گوغا ھەتتا ئەنگلىيىگە قاراشلىق بولغان شەرقىي ھىندىستان
ھۇجۇم قىلىشتا ئەڭ ياخشى بىر بازىغا ئىگە بولدۇق.①
چارروسىيە ئەنە شۇ قارا نىيىتىگە ئاساسەن، «قوشۇۋېلىنغا
يېڭى يەرلەردە تىنچلىق بەرپا قىلىش» ھەم «يېڭ
يۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش» نى باھانە قىلىپ، قوشۇ
ئەۋەتىپ، تاغلىق رايونلارغا چېكىنىپ كىرىپ، ئىسخارا، ئۇ
دى ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئالاي رايونىغا تاجاۋۇز قىلدى
ئالاي رايونىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق تىغ
ئۇچىنى بىۋاسىتە ھالدا پامىرنىڭ شىمالىي قىسمىغا قاراتتى.
چارروسىيە پامىر رايونىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىغىچە بولغان
جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، «ئالىم»، «تەكشۈرگۈچى»
دېگەن ناملار بىلەن ئالدىن يۈرەر قوشۇنلارنى ئەۋەتىپ، پامىر
ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان جايلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى رازۋېتكا
قىلىپ ئاخبارات توپلاپ، پامىر رايونىنى پۈتۈنلەي ئىشغال
قىلىشقا تەييارلاندى. 1877 - يىلى كائوفمان سوۋلوۋ باش
چىلىقىدىكى ئاتالمىش «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» نى پامىر
رايونىغا ئەۋەتتى. بۇ «ئۆمەك» ئالاي تاغلىرى، قاراكۆل ئەت
راپىنى تەكشۈرگەندىن تاشقىرى يەنە راڭكۆل پامىر، سارەز
پامىر، ئەلىچۇر پامىر ۋە يېشىل كۆللەرنىمۇ تەكشۈردى؛ 1878 -

① تېرنېشۇ «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى» 2 - توم، 425 — 426 - بەتلەر.

ئىدى. لېكىن چاررۇسىيە پۈتكۈل پامىر رايونىنى ئىشغال قىلىش ياۋۇز نىيىتىدىن يانمىدى، «جۇڭگو - رۇسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى»غا خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنى قوراللىق ئىشغال قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى يەنىمۇ جىددىيلەشتۈردى. 1888 - يىلىدىن باشلاپ چاررۇسىيە قوراللىق ئارمىيە ۋەزىرى ۋانوۋسكى، گرومبېچېۋسكى قاتارلىق كىشىلەرنى ئىككى قېتىم جۇڭگونىڭ پامىر ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلىرىغا ئەۋەتىپ، ئىككى يىلدەك سىياسىي، ھەربىي رازۋېتكا ئېلىپ باردى. گورومبېچېۋسكى «تەكشۈرۈش ئۆمىكى» دېگەن نام بىلەن ئەلچۈر پامىر، چوڭ پامىر، كىچىك پامىر، تاغدۇمباش پامىر قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەر، يەكەن ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، زور مىقداردا جۇغراپىيىلىك، سىياسىي، ھەربىي ئاخباراتلارنى توپلىدى، شۇنىڭدەك بورونغىل تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كەنجۇتقا بېرىپ، كەنجۇت ئەمىرى سەپتەر ئەلى خاننى رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە ۋە رۇسىيىگە ئەل بولۇشقا كۈشكۈرتتى. 1891 - يىلى چاررۇسىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى گىرس بىلەن قوراللىق ئارمىيە ۋەزىرى ۋانوۋسكى مەسلىھەتلىشىپ، «پامىر رايونىنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىر ياكى ئىككى كازاك ئاتلىق روتىسى» ئەۋەتىشنى بېكىتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي باش شتاب باشلىقىنىڭ تۈركىستان گوبېرناتورىغا يازغان جاۋاب خېتىدە: «كازاك ئەسكەرلىرى ئۇ يەردە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق چاررۇسىيىنىڭ پامىرنى ئۆز تەۋەلىكىدىكى زېمىنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئۇ يەردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەكچى ئەمەسلىكىنى نامايان قىلىشى كېرەك» دەپ كاپشىدى. گرومبېچېۋسكى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شۇ يىلى 3 -

مىچىلىك قىلدى. 1883 - يىلى 6 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە چارروسىيە «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دىكى بەلگىلىمىلەردىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى «پەرغانە ئۆلكىسى بىلەن جۇڭگونىڭ قەشقەر رايونىنىڭ غەربىي قىسمى» دىكى چېگرىنى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە مەجبۇرلاپ، بەدەل تاغ ئېغىزىدىن ئۆزبېل تاغ ئېغىزىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە بىر - بىرلەپ چېگرا بەلگىسى ئورناتتى. 1884 - يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى «جۇڭگو - روسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى. شۇ قېتىمقى «چېگرا تەكشۈرۈش» ۋە «چېگرا تەكشۈرۈش شەرتنامىسى ئىمزالاش» ئارقىلىق چارروسىيە جۇڭگونىڭ قەشقەر رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كەڭ زېمىنلارنى پارچىلاپ ئىشغال قىلىۋالغاندىن تاشقىرى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جۇڭگونىڭ قوش كۆچېك پامىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «جۇڭگو - روسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» - نىڭ 3 - ماددىسىدا: ئۆزبېل تاغ ئېغىزىدىن باشلاپ «روسىيىنىڭ چېگرا سىزىقى ئۇدۇل جەنۇبقا قاراپ بۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنداق بولغاندا، راڭكۆل پامىر، كىچىك پامىر قاتارلىقلار جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە، سارەز پامىرنىڭ كۆپ قىسمى ۋە ئەلچۇر پامىرنىڭ غەربىي شىمال قىسمى روسىيە چېگرىسى ئىچىدە بولىدۇ. بۇ ئىككى يۆنىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ بۇرجەك رايون بولسا تالاش - تارتىشتا قالغانىدى. بۇ يەر ئەسلىدە جۇڭگو زېمىنى بولغاچقا، كونكرېت شەرتنامە تۈزۈلۈپ چېگرا ئېنىق ئايرىلىشتىن بۇرۇن، جۇڭگو بۇ يەرگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك

300 كىشىلىك كازاك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ «ماركوپولو ئارقىرى ئېتىش ۋە قارىغا ئېتىشنى مەشق قىلىش» نامى بىلەن پامىر رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاقبايتال تاغ ئېغىزى، ئاقتاش، ئاقسۇمۇلۇۋا، بوزاي گۈمبەز قاتارلىق جايلارغا ئورۇپ كىردى. تاغ ئېغىزلىرى ۋە ئۆتكەللەردىن ئۆتكەندە، ئۆزلىرىنىڭ شۇ يەرگە بارغان ۋاقتىنى بىلدۈردىغان بەلگە سېلىپ قويدى. يانوۋ جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنىڭ قاتناش ئەھۋالى ۋە ستراتېگىيىلىك ئورۇنلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رازۋېتكا قىلىپ، ئالاي دەرياسىدىن، قىزىل ئارت ۋە ئاقبايتال تاغ ئېغىزلىرىدىن يۈك ئارتىلغان ئۇلاغلار بىلەن ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئاقبايتالدىن بوزاي گۈمبەزگىچە ھارۋا قاتنىيالايدىغانلىقىنى بىلدى. شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پامىر رايونىدىكى مۇداپىئە ئەھۋالىنى تىڭ-تىڭلاپ، پامىرنىڭ شەرقىدە قاراۋۇللارنىڭ كېچە-يىتىلگەنلىكىنى ئېنىقلىدى. تۈركىستان زۇڭدۇسى يانوۋنىڭ بۇ ماتېرىياللىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، «بۇ ماتېرىياللار پامىر ھەققىدە ئەسلىدە بار بولغان ماتېرىياللارنى خېلى زور دەرىجىدە تولۇقلىدى، ئەگەر قوشنا دۆلەتلەر ھەربىي ھەرىكەت قىلىنىدىغان بولسا، تىرىكلىك تەسەۋۋۇرلارنى قىلىش ئۈچۈن، بۇ ماتېرىياللار ناھايىتى ئېھتىياجلىق①» دېدى.

يانوۋ پامىرغا كىرگەندىن كېيىن بىر قىسىم تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ يېشىل كۆلگە كىردى ۋە سۇمانتاشتىكى چەنلۇڭ يىلىلىرىدىكى خاتىرە تاشنى بۇلاپ كەتتى. مانجۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا خەت ئويۇلغان بۇ خاتىرە تاش چەنلۇڭ يىللىرىدا يېشىل كۆلدە تىرىپلاكچىلارنى بېسىقتۇرغانلىق

① ئېسكەندەروۋ: «XIX-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى شەرقىي بۇخارا ۋە پامىر» 1-توم، 281—282-بەتلەر.

ئاينىڭ 28 - كۈنى باش شتاب تەتقىقات مەھكىمىسىدە «بىزنىڭ پامىردىكى مەنپەئەتىمىز» دېگەن تېمىدا دوكلات بەرگەندە، «تارىختىن ئېيتقاندا، چارروسىيىنىڭ پامىردىكى ھوقۇقى تەبىئىي شەكىللەنگەن، چۈنكى پامىر ئەزەلدىن قوقەن خانلىقىنىڭ زېمىنى ئىدى، روسىيە قوقەن خانلىقىنى ئىشغال قىلغانلىقى ئۈچۈن، پامىرنىمۇ ئۆز ئىدارىسىگە ئېلىشقا ئەلۋەتتە تولۇق ھوقۇقلۇق بولىدۇ» دەپ، بىمەنىلىكتە ئۈچىغا چىققان «قوقەن مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش نەزەرىيىسى» نى جۇڭگونىڭ پامىر زېمىنىنى ئىشغال قىلىشنىڭ «تارىخىي ئاساسى» قىلماقچى بولدى. گرومبىچېۋسكىنىڭ دوكلاتى چارروسىيىنىڭ پامىر رايونىنى قوراللىق ئىشغال قىلىۋېلىشىنىڭ دەسلەپكى سىگنالى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا چارروسىيە ھۆكۈمىتى تۈركىستان دائىرىلىرىنىڭ كونكرېت تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، پامىرغا پەرغانە ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلاردىن تۈزۈلگەن «تەكشۈرۈش ئەترىتى» ئەۋەتتى، تۈركىستان 2 - دائىمىي باتالىيونىنىڭ باتالىيون كوماندىرى يانوۋنى ئەترەت باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا پامىرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ھەققىدە يوليورۇق بەردى ۋە چارروسىيىنىڭ پامىردىكى چېگرا بەلگىلەش ھوقۇقىنى ھاۋالە قىلدى①؛ شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، يانوۋقا مۇز تاغ تىزمىسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ ۋاغجىروي تاغ ئېغىزىغىچە بېرىشنى، ئۇ يەردىن بوزاي گۈمبەزگە بۇرۇلۇشنى بۇيرۇق قىلدى؛ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇل پېتروۋسكىنىڭ يانوۋنىڭ پائالىيەتلىرىگە «دىپلوماتىيە نۇقتىسى» دىن كاپالەتلىك قىلىشنى تاپىلىندى. شۇنىڭ بىلەن يانوۋ 1891 - يىلى 7 - ئايدا

① ئىسكەندەروۋ: «XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى شەرقىي بۇخارا ۋە پامىر، 1 - توم، 281 - بەتكە قارالسۇن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چارروسىيىنىڭ بۇنداق قوراللىق تاجاۋۇزچىلىقىغا نىسبەتەن سۈكۈت قىلىپ تۇرمىدى، بەلكى مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللاندى. شىنجاڭ باش مۇپەتتىش گۇاڭ تاۋ قەشقەر دوتەيىگە روسىيە كونسۇلى بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى ھەم ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈشنى بۇيرۇدى؛ تۇغلۇق ئەمەلدار جاڭ خۇڭشۇنى بىر قىسىم ئەسكەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، سۇمانتاشتا تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتتى، ۋېي گۇاڭتاۋ يەنە تۈركىستان زۇڭدۇسىغا نوتا تاپشۇرۇپ، چار روسىيىنىڭ چېگراغا ئەسكەر توپلاۋاتقانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى ھەم تېزلىكتە ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى①؛ جۇڭگونىڭ پېتروگرادتا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى شۈي جىڭچېڭغا روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە نوتا تاپشۇرۇپ، قىزىل جەيەك، سۇمانتاش، ئاقسۇمۇلۇۋا، ئاقتاش قاتارلىق جايلارنىڭ «جۇڭگوغا قاراشلىق قاراۋۇلخانىلار» ئىكەنلىكىنى، چارروسىيىنىڭ «يولسىزلىق بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈپ، بۇ جايلارنى بېسىۋالغانلىقى شەرتنامىگە خىلاپ ئىش» بولغانلىقى ئۈچۈن «چېگرىدىن ئۆتكەن قوشۇنلىرىنى تېزلىكتە چېكىندۈرۈپ كېتىشى لازىملىقى»نى كۆرسىتىپ قويۇش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى②. چارروسىيە داۋلىسدا ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، پامىر رايونىنىڭ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. 1891 - يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دىسكىن شۈي جىڭچېڭغا: «روسىيە ئەسكەرلىرى تاشكەنتكە قايتتى» دېدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى

---

① «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتلىرى» دۆلەت چېگرىسى، 3 - بەت.

② چىڭ سۇلالىسى خارجى ئىشلار يامۇلىنىڭ گۇاڭشۈينىڭ 17 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شۈي جىڭچېڭغا يوللىغان تېلېگراممىسىدىن.

جېڭنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تىكلەنگەن تاش بولۇپ، پامىر رايونىنىڭ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلايتتى. 1891 - يىلى 10 - ئايدا جاڭ فۇڭشۇ 30 ئەسكەر بىلەن قەشقەردىن سومانتاشقا كېلىپ، «ئەسلىدىكى خاتىرە تاشنىڭ ئورنىغا چىڭ سۇلالىسى چېگرىسىنىڭ كېيىنكى كۇناھەردىكى ئاساسى قىلىش ئۈچۈن تام سالدۇرۇپ قويدى ... 1891 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى ۋېي گۇاڭتاۋ چېگرا تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى خەيىڭغا سومانتاشتا يېڭىباشتىن خاتىرە تاش ئورنىتىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى.①»

يانوۋ جۇڭگونىڭ پامىر رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن يۇقىرىقىدەك ئەسكىلىكلەرنى قىلىش بىلەنلا قالماي، ئاقتاش قاتارلىق جايلاردا ئاشكارا ھالدا «ئېلان» چىقىرىپ، «يەرلىك ئاھالىلەر بۈگۈندىن باشلاپ روسىيىگە تەۋە پۇقرا بولدى» دەپ جار سېلىپ، ئۇلارنى چارروسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىدى ھەمدە چارروسىيە ئۆز ئالدىغا ئويدۇرۇپ چىقارغان «جۇڭگو - روسىيە خەرىتىسى» نى كۆتۈرۈۋېلىپ (بۇ خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن روسىيە زېمىنى تاغدۇمباش پامىردىن باشقا بارلىق پامىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان)، جۇڭگو بىلەن «چېگرا سۆھبىتى» ئۆتكۈزىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى. تۈركىستان گوبېرناتورى ۋېلىۋىسكى يانوۋنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا يېقىندىن ماسلىشىش ئۈچۈن، زور قوشۇن باشلاپ، پەرغانە ئۆلكىسىگە كېلىپ، ئۇ يەردىن «كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن» ئەنجان، ئوش ئارقىلىق ئەركەشتامغىچە كەلدى.

① «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتلىرى» دۆلەت چېگراسى 8 -، 9 - بەتلەر.

كازاكلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ قوشۇندا 80 نەچچە ئادەم، 200 دىن ئارتۇق ئات (قورال - ياراق ئارتىلغان ئاتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار ئىدى. بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇن قارا كۆلدىن ئۆتۈپ راڭكۆل قاتارلىق جايلارغا ئۇسۇپ كىرىپ، پامىرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇھىم ئۆتكەللەرنى ئىگىلەپ، زور مىقدار- دىكى مۇھىم ئاخباراتلارنى توپلىدى؛ چارروسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى شۈي جىڭچېڭغا نوتا تاپشۇرۇپ ئەلچۇر بىلەن يېشىل كۆلنىڭ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى، جۇڭگونىڭ سۇمانتاش قاراۋۇلخانىسىنىڭ مۇداپىئەنى كۈچەيتكەنلىكىگە قارشى تۇردى؛ ئەتىسى شۈي جىڭچېڭ گىرس بىلەن كۆرۈشكەندە، گىرس تەپ تارتماستىن: «ئەلچۇر ئەتراپى بىزنىڭ پەرغانە ئۆلكىمىزگە بەك يېقىن، قەشقەرگە يىراق، شۇڭا روسىيىگە تەۋە بولۇشى كېرەك، جۇڭگونىڭ بۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا يول قويۇلمايدۇ»، «جۇڭگو مۇشۇ پەيتتە بۇ يەرگە ئەسكەر ئەۋەتمىدىكەن، روسىيمۇ بۇ يەرگە ئەسكەر ئەۋەتمەي تۇرالمايدۇ» دېدى. چارروسىيىنىڭ ھەربىي تەھدىتى ۋە دىپلوماتىك پىرىپوزىسى ئاستىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سۇمانتاشقا ئەۋەتكەن قوشۇننى قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەر بىلەن خەلق بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن چارروسىيىنىڭ قوراللىق تاجاۋۇزچىلى- قىغا نىسبەتەن قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇلار تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىپ، چېگرا رايوننى قوغداشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى. شۇ ۋاقىتتا جاڭ خۇڭشۇ بۇيرۇق بويىچە پامىرنى قوغداشقا قويۇلغانىدى. بوۋۋالىسكى تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ قارا كۆلگە كەلگەندە، جاڭ خۇڭشۇغا خەت يېزىپ

ئەمەلدارلىرىنىڭ يانۋۇنىڭ جۇڭگونىڭ پامىر رايونىدا تۇرناتقان ياغاچ بەلگىلىرىنى ئېلىۋېتىش تەلىپىگە قوشۇلدى ۋە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «بۇ قېتىم روسىيە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەسكەر باشلاپ جۇڭگو چېگرىسىدىن ئۆتۈشى خاتالىق، بۇ ھەقتە ئالاقە ئەۋەتىپ ئۇلارغا ئۇقتۇرۇلدى.» «بۇنىڭدىن كېيىن روسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ چېگرىدىن ئۆتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمىز»①.

ئەمەلىيەتتە چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ «ئەسكەر قايتۇرۇشى» ۋە بەرگەن «كاپالىتى» ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، يېڭىباشتىن تاجاۋۇزچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەييارلىق قىلىش ۋە پۇرسەت كۈتۈش ئۈچۈن ئىدى. يانىۋۇ باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچى قوشۇن ئەمدىلا چېكىنگەندە روسىيە گېزىتلىرى ئاشكارا ھالدا «پامىر دېگەن جاينىڭ روسىيىگە تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەمەلىي ئىسپات بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ جاينى ئىشغال قىلىش بىز ئۈچۈن پايدىلىق دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئەپتى - بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى؛ 1891 - يىلى چارروسىيىنىڭ تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق زۇڭدۇسى ۋېلىۋىسكى ئالاي رايونىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مەرغىلانغا قايتقاندىن كېيىن، باش شتابقا يازغان دوكلاتىدا: «جۇڭگو - روسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» نىڭ 3 - ماددىسىنى بىكار قىلىپ (ئۇزبەل تاغ ئېغىزىدىن باشلاپ روسىيە چېگرىسى غەربىي جەنۇبقا قاراپ بۇرۇلىدۇ، جۇڭگو چېگرىسى ئۇدۇل جەنۇبقا قاراپ بۇرۇلىدۇ دېگەن ماددىنى دېمەكچى)، سەرىكۆي تاغلىرىنى بويلاپ يېڭىباشتىن چېگرا ئايرىش كېرەك» دەپ داۋراڭ سالدى؛ 1892 - يىلى 2 - ئايدا چارروسىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇقلۇق ئارمىيە لېيتېنانتى بىرۋالسكى باشچىلىقىدىكى «رازۋېتكا ئەترىتى» نى پامىر رايونىغا ئەۋەتتى،

① «شۇي جىڭجىيىڭ ھەزرەتنىڭ ماقالىلىرى»، 6 - توم، 20 - بەت.

1892 - يىلى 6 - ئايدا بىر پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونى، ئۈچ كازاك ئەسكەرلەر روتىسى ۋە تۆت زەمبىرەكتىن تەشكىل قىلىنغان 1500 كىشىلىك تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ مەرغىلاندىن چىقىپ ئاقبايتال تاغ ئېغىزى ئارقىلىق راڭكۆلگە كېلىپ، بۇرۇنلا بۇ يەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بوژۋالىسكى «رازۋېتكا ئەترىتى» بىلەن ئۇچراشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسى توپلىشىپ مورغاپ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. ئۇلار بۇ يەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقتاشتا قۇرغان قاراۋۇلخانىسىنى بۇزۇۋەتتى ۋە بۇ قاراۋۇلخانىدىكى ئەسكەرلەرنى تۇتۇپ قامىدى، شۇنداق قىلىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ئاقتاش قاراۋۇلخانىسىدا ۋە ئاقسۇ دەرياسى بويىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇرلاپ، سومانتاشنى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇخارا ئارقىلىق چوڭ پامىردىكى قاراۋۇلخانى-لارغا بارىدىغان يوللارنى ئۈزدىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇلۇڭكۆل ئەتراپىدىكى مۇداپىئە ئەھۋالىنى تىك - تىڭلاپ كۆردى، بوزاي گۈمبەزگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ جۇڭگوغا تەۋە پامىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ رايونىنى رازۋېتكا قىلدى. مانا بۇ چارروسىيىنىڭ يانوۋ باشچىلىقىدىكى ئاتالمىش ئىككىنچى قېتىم يىراقتا يۈرۈش قىلىشى ئىدى.

يانوۋ شۇ يىلى 10 - ئايدا بىر قىسىم قوشۇننى باشلاپ روسىيىگە قايتىشتىن بۇرۇن، تۈركىستان گۇبېرناتورىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 200 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر-دىن تەركىب تاپقان ئەترەت تەشكىل قىلىپ، مورغاپ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سازاندا تۇرغۇزدى. بۇ يەردە ئىستىھكاملارنى ياساپ جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنى ئىشغال قىلىشىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي مەركىزى قىلدى، كاپىتان

«ئۆزىنىڭ قارا كۆلدە جۇڭگولۇقلارنى كۈتۈۋېلىشىنى خالايدىغان-لىقىنى، روسىيىلىكلەرنىڭ راڭكۆلنى زىيارەت قىلىشىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى» نومۇسسىزلىق بىلەن سورىدى. چارروسىيىنىڭ «زىيارەت قىلىش» نامى بىلەن راڭ كۆلگە بېرىپ، تاجاۋۇزچىلىق بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلىقىغا نىسبەتەن جاڭ خۇڭشۇ: «ئۆزىنىڭ مىجەزى قاتتىق ئىشداشلىرى-نىڭ» خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. بۇرژۇالىسكى ئەترىتى راڭكۆلگە ئۇسۇپ كىرگەندىمۇ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق جاڭ خۇڭشۇ باشچىلىقىدىكى چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى چارروسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئۈچ كۈن ئىچىدە قايتىپ كېتىشىنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا قورال كۈچى ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەنىنىڭ مۇقەددەس تۇپرىقىنى قوغداش يولىدىكى قەتئىي ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۇردى.

1892 - يىلى 4 - ئايدا چارروسىيە پادىشاھى ئالېكساندىر II ئەسكەر چىقىرىپ، پامىرنى ئىشغال قىلىش ھەققىدە پەرمان چىقاردى. يانوۋ يەنە بىر قېتىم «پامىر ئەترىتى» نىڭ قوماندانى بولدى. باش شتاب باشلىقى ئوبرو چېۋ بۇيرۇق چىقىرىپ، بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ ۋەزىپىسىنى: چارروسىيە ئىشغال قىلغان پامىر قاتارلىق جايلارنىڭ «بىخەتەرلىكى» نى قوغداش، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى مورغاب، راڭكۆل ئەتراپلىرىدىكى قاراۋۇللىرىنى بىكار قىلىش ۋە قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇرلاش، پامىرنىڭ جەنۇبىدىكى مورغاپتىن ھىندىقۇشقىچە بولغان رايونلارنى نازارەت قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىق ھەمدە يۈز بەرگەن ئەھۋالنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىش دەپ كۆرسەتتى. مانا مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشلاردىن كېيىن، يانوۋ

قوشۇنلىرى بىلەن چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى سەرىكۇي تاغلىرىنى بۇيلاپ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

چارروسىيە قوشۇنلىرى سەرىكۇي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، چارروسىيە ھۆكۈمىتى «چېگرا ئايرىش سۆھبىتى» دېگەن دىپلوماتىك كومېدىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ئاشۇ ئىشغالىيەتنىڭ «قانۇنىيلىقى» نى ئېتىراپ قىلىشقا قىستاپ، ئىشغال قىلىنغان جايلارنىڭ چېگرا سىزىقىنى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىي چېگرا سىزىقى قىلىۋالماقچى بولدى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پامىر رايونى توغرىسىدا چارروسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ئەكسىچە چارروسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ پامىر رايونىنى بۆلۈشمەكچى بولدى. ئەنگلىيە چارروسىيىنىڭ «كۆلنىڭ (سەرىكۇي كۆلىنى دېمەكچى) شەرقىي جەنۇبىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا كىرەلەيدىغانلىقى» نى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1891 - يىلى 12 - ئايدا ئەسكەر چېقىرىپ كەنجۇتنى ئىشغال قىلدى ھەمدە 1892 - يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتىگە سەرىكۇي كۆلىدىن باشلاپ سەرىكۇي تاغلىرىغىچە بىر تۈز سىزىق بەلگىلەپ، سىزىقنىڭ شىمالىنى چاروسىيىنىڭ «ھامىيلىقى» دا، جەنۇبىنى ئەنگلىيىنىڭ «ھامىيلىقى»دا، قىلىشنى تەكلىپ قىلدى ①. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئەنگلىيىنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى مورىر چارروسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىر-

---

① «لورد شۇۋنىئو قالدۇرۇپ كەتكەن ماقالىلەر»، 7 - توم، 19 — 20 - بەتلەر.

كورنىچېۋنى قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغا يەرلىك ئەمەلدار-
لارنى مەنسەپكە تەيىنلەش ـ مەنسەپتىن قالدۇرۇش، ئاھالىلەردىن
باج ـ سېلىق يىغىش، يەرلىك ئەدلىيە ئورگانلىرىنى تىزگىنلەش
ھوقۇقىنى بەردى؛ راڭكۆلدە ئىستىھكام ياساپ، چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر تەرەپتىن كېلىدىغان قوشۇنلىرىدىن
«مۇداپىئە» كۆردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگونىڭ پامىر
رايونىنىڭ زور بىر قىسمى چاررۇسىيىنىڭ ھەربىي مۇستەملىكە-
چىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالدى.
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ رۇسىيىدە
تۇرۇشلۇق ئەلچىسى شۈي جىڭچېڭ يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى بويى-
چە چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ، چاررۇسىيە تاجا-
ۋۇزچى قوشۇنلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئاقتاش قاراۋۇلخانىسىنى
بۇزۇۋەتكەنلىكى، ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنى قامىغانلىقى، راڭ-
كۆل قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىغا نارازىلىق
بىلدۈردى ھەمدە ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ
قىلدى①. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ نارازىلىققا نىسبەتەن
گەپ يورغىلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «رۇسىيە ئەسكەرلىرى
پەقەت سەييارە ئايلىنىپ كۆزەتچىلىك قىلىدۇ، ئۇزاق تۇرمايدۇ②»
دەپ، ئەسكەر قايتۇرۇشقا ئۇنىمىدى، بەلكى تېخىمۇ ئەشەددىي-
لىشىپ، بۇلۇڭكۆل ۋە سەرىكۇي قاتارلىق جايلارنى ئىشغال
قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى، دەرۋەقە، شۇنىڭدىن كېيىن
چاررۇسىيە يەنە ئەسكەر ئەۋەتىپ سەرىكۇي تاغلىرىنىڭ غەر-
بىدىكى 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭگو زېمىنىنى
ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، جۇڭگونىڭ مۇداپىئە

① «لورد شۆۋىنسو قالدۇرۇپ كەتكەن ماقالىلەر» 4 - توم، 14 - بەت.
② شۈي جىڭچېڭنىڭ گۇاڭشۈينىڭ 18 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 -، 29 -
كۈنلىرى جۇن جىچۇغا ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىلىرىدىن.

ۋە ئەنگلىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولىدىغان جايلار جەنۇبتا ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە، شىمالدا سەرىكۆي كۆلىدىن شەرققە قاراپ تۈز سىزىق بويلاپ مىڭىپ ئاقتاش ئەتراپىغىچە بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. مۇشۇنداق بىر قاتار شۇملۇقلاردىن كېيىن، 1895 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چارروسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي «شەرتنامە» ئىمزالاپ، پامىر رايونىنى بۆلۈشۈۋېلىش كومېدىيىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. بۇ «شەرتنامە» گە مۇنداق يېزىلغان:

«1. روسىيە بىلەن ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ سەرىكۆي كۆلىنىڭ شەرقىدىكى تەسىر دائىرىسى تۆۋەندىكى جايلارنى چېگرا قىلىدۇ. يەنى مۇشۇ كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى بىر نۇقتىدىن باشلاپ، ئاندىن تەخمىنەن شۇ كۆل بىلەن ئوخشاش پاراللېلغا جايلاشقان تاغنىڭ بېلىنى بويلاپ تاكى بەندەر تاغ ئېغىزى ۋە ئورتابېل تاغ ئېغىزىغىچە بارىدۇ. بۇ يەردىن باشلاپ ئەگەر پاراللېل سەل جەنۇبتا بولسا يەنىلا ئەسلىدىكى تاغ بېلىنى بويلايدۇ. ئاقسۇنىڭ قىزىل راۋات دېگەن جايىغا بارغاندا بىر تاغ تۇمشۇقىدىن ئايلىنىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىمۇ پاراللېل يەنىلا جەنۇبتا بولسا يەنە داۋاملىق تاكى جۇڭگو چېگرا سىزىقىغىچە شەرققە قاراپ ماڭىدۇ. ئەگەر قىزىل راۋات پاراللېل سىزىقىنىڭ شىمالىدا بولسا، ئۇ ھالدا بۇ سىزىق ئاقسۇ دەرياسىغا ئەڭ يېقىن جايىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا قاراپ ماڭىدۇ.

2. بۇ سىزىقنىڭ بەلگىلىرىنى ئىككى تەرەپنىڭ ساپ تېخنىكىلىق ھەيئىتى ھەل قىلىدۇ، بۇ ھەيئەت روسىيە، ئەنگلىيە ۋەكىللىرى ۋە تېخنىك ياردەمچىلىرىـ

لىكىگە بىر ئالاھىدە نوتا تاپشۇرۇپ، چاررۇسىيىلىك كولپاكوۋنىڭ 1876 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى «بىر بىر تەرەپ رايون» قۇرۇپ، ئەنگلىيە بىلەن چاررۇسىيىنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدىكى باياناتىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ھەمدە «جىددىي خەتەردىن ساقلىنىش» ئۈچۈن «بۇ كەڭ رايوننىڭ چېگرىسىنى ئايرىش زۆرۈرلۈكى» نى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەنگلىيىنىڭ بۇ تەشەببۇسى چاررۇسىيىنىڭ دىگەن يېرىدىن چىقتى①. شۇڭا چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى 1893 - يىلى 3 - ئايدا پامىر مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس ئىككى قېتىم يىغىن ئاچتى (خالىپىن: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ روسىيىگە قوشۇۋېلىنىشى XIX - ئەسىرنىڭ 60 — 90 - يىللىرى»). بۇ ئىككى قېتىملىق يىغىندا ئەنگلىيىنىڭ تەكلىپى مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە 1872 — 1873- يىللىرىدىكى روسىيە - ئەنگلىيە شەرتنامىسى ئاساسىدا پەنج دەرياسىنى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي چېگرىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكى تەكىتلەندى. بۇ يىغىندا يەنە: «بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ھايات كەچۈرۈشكە باب كېلىدىغان پامىرنىڭ غەربىي قىسمى روسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن باش ۋەزىپە شۇكى، شۇ يەردە بەرپا قىلىنغان تەسىر دائىرىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش كېرەك.» ① دەپ كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئىمتىيازىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش شەرتى ئاستىدا، پامىرنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنىڭ ئەنگلىيە تەسىر دائىرىسىدە بولۇشىغا يول قويۇشنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈردى

---

① ئىسكەندەروۋ: «XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى شەرقىي بۇخارا ۋە پامىر»، 1 - توم، 310 - بەت.

② خالپىن: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ روسىيىگە قوشۇۋېلىنىشى» 401 — 402 - بەتلەر.

ئۆلگىدىن روسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭ-
گونىڭ پامىر رايونىنى بۆلۈشۈۋېلىشىنىڭ دەسلەپكى لايىھەسىنى
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلغا-
نىدى ۋە روسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگو زېمىنىنى ئۆز ئال-
دىغا بۆلۈشۈۋېلىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، «جۇڭ-
گو قەشقەر شەرتنامىسىنى ئاساس قىلىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇر-
غانىدى①. كېيىن چىڭ چاڭ ئەنگلىيىنىڭ كېيىنكى تاشقى
ئىشلار ۋەزىرى روزبېرى بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى-
نىڭ مەيدانىنى شەرھىلەپ، بۇ ئىشقا «جۇڭگونىڭ ھەقىقەتەن
يول قويمايدىغانلىقى» نى بىلدۈرگەنىدى.

روسىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ مەيدانىغا پىسەنت قىلماي،
روسىيە - ئەنگلىيە شەرتنامىسىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى.
كېيىن: جەنۇبىي چېگرىدا سەرىكۆي كۆلىدىن باشلاپ ئاقتاش-
نىڭ جەنۇبىغىچە بولغان جايلار ھەققىدە ئەنگلىيە بىلەن
روسىيە شەرتنامە تۈزدى، جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ تالاش-
تارتىشى پەقەت شەرق تەرەپتىلا قالدى، دەپ جار سالدى②.
ئۇ ۋاقىتلاردا ياپونىيە جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش
يولىدىكى جىياۋۇ ئۇرۇشىنى قوزغاشقا تەييارلىنىۋاتقانىدى، چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياپونىيىگە تاقابىل تۇرۇش بىلەن بولۇپ
كېتىپ، روسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى يە-
نىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈرەش قىلالمىدى. ئەمما چىڭ سۇ-
لالىسى ھۆكۈمىتى سەرىكۆي تاغلىرىنى چېگرا سىزىقى قىلىشقا
باشتىن - ئاخىر قوشۇلمىدى. بۇنداق شارائىتتا ھىيلىگەر چار-
روسىيە ھۆكۈمىتى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشغا-

① «لوردشۇۋىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ماقالىلەر»، 7 - توم، 20 - بەت.
② خارجى ئىشلار يامۇلىنىڭ گۇاڭشۈي 19 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 -
كۈنى شىمالىي ۋەزىردىن تاپشۇرۇۋالغان تېلېگراممىسى.

ھەمن تەركىب تاپىدۇ.

3. بۇ ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن چېگرا شەرتنامىسى تۈزۈپ چىقىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ھەيئەتكە جۇڭگو چېگرىسىنى بەلگىلەشكە بولىدىغان بارلىق ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىش تاپشۇرۇلىدۇ.

4. روسىيە بىلەن ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت يۇقىرىدىكى چېگرا سىزىقىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ھەرىكەتلەنمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىدۇ①.»

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى دۆلەت ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىۋىكوۋىسكى ۋە جىلاردلار باشچىلىقىدا چېگرا تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ، چېگرا بەلگىسى سېلىش خىزمىتىگە مەشغۇل قىلدى. ئۇلار 1895 - يىلى 7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە چېگرا قوزۇقلىرىنى قېقىپ تۈگەتتى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنى بۇ تاجاۋۇزچىلار بۆلۈشۈۋالدى، جۇڭگوغا پەقەت تاغدۇمباش پامىر بىلەن رائكۆل پامىرىنىڭ بىر قىسمىلا قالدى. چارروسىيە پادىشاھى نىكولاي II 1896 - يىلى روسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ بۇ چېگرا سىزىقىنى تەستىقلىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى روسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ پامىر رايونىنى بۆلۈشۈۋالغانلىقىغا يېقىندىن دىققەت قىلدى ھەم ئايرىم - ئايرىم ھالدا روسىيە ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق شۇملۇقلارغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى شەرھلىدى. 1892 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى گېروي چىڭ چاڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، چىڭ چاڭ

① خۇردۇچ: «XIX ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان»، 1959 - يىل لوندون نەشرى، 73 - بەت.

تاپشۇرۇپ: «يۇقىرىدىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش جۇڭگونىڭ ئۆز قوشۇنلىرى ئىگىلەپ تۇرغان جايلارنىڭ سىرتىدىكى پامىر رايونىغا بولغان ئىگىلىك هوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. 1884 - يىلدىكى چېگرا شەرتنامىسىنى ئاساس قىلغان هوقۇقنى تاكى قانائەتلىنەرلىك چۆشەنچە هاسىل قىلىنغانغا قەدەر ساقلاپ قالىدۇ» دەپ كۆرسەتتى①. شۇي جىڭچېڭ يەنە: «قەشقەر شەرتنامىسى بويىچە جۇڭگو بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك هوقۇق قوشۇنلارنى ئىلگىرىلەتمەسلىك تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. ئىككى تەرەپ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قەشقەر شەرتنامىسى بار، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ، بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى②، دېمەك، چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ پامىر رايونىغا بولغان ئىگىلىك هوقۇقىنى تەكىتلەپ، چار روسىيىنىڭ سەرىكۆي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتر يەرنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. چار روسىيە هۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو هۆكۈمىتىگە بەرگەن جاۋابلىرىدا چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىگە ئېتىراز بىلدۈرەلمىدى. سەرىكۆي تاغلىرىنى جۇڭگو - روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سىزىقى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە «هازىرقى هالەتنى ۋاقتىنچە ئۆزگەرتمەي، مەسلىهەتلىشىپ بېكىتىش كېرەك» دېگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگو زېمىنىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىشغال قىلىشقا، چىڭ هۆكۈمىتىنى تەڭ هوقۇقسىز شەرتنامە

---

① «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ هوججىتى»-دىن ئېلىندى. «خەلق گېزىتى» نىڭ 1969 - يىل 9 - ئۆكتەبىر سانى.

② «لوردشۇۋېنسو تۆرە قالدۇرۇپ كەتكەن ماقالىلەر»، 4 - توم، 18 - بەت.

لىنىيەت سىزىقىنى ساقلاپ تۇرۇپ، پەيت كۈتۈشكە ئۇرۇندى. 1894 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چارروسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى جۇڭگونىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى شۈي جىڭچېڭغا نوتا تاپشۇرۇپ: «بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى پامىر چېگرا ئىشلىرىنى مەسلىھەتلەشكەندە، ئۆزئارا پىكىر ئوخشاش بولمىغاچقا، كېلىشىمگە كېلىش تەس، شۇڭا دۆلىتىمىز بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ھازىرقى ۋەزىيەت بويىچە ئۇقۇشۇلماسلىق تۈپەيلىدىن ۋەقە يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ چېگرا باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەسلى ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلگىرىلىمەسلىكىنى تەكلىپ قىلىدۇ... ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتمەسلىك كېيىن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشكە توسالغۇ بولمايدۇ، ئەگەر تالاش - تارتىش يۈز بەرسە ياكى مەسلىھەتلىشىشكە توغرا كەلسە، بېيجىڭدا مەسلىھەتلەشسەك بولىدۇ①» دېدى. ئۇ، بۇ نەيرەڭلىرى ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى چارروسىيىنىڭ ھەربىي ئىشغالىيەت قىلغان چېگرا سىزىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرماقچى بولدى. بۇنىڭغا قارىتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شۈي جىڭچېڭغا تېلېگراما ئارقىلىق: «جۇڭگو تۈزۈلگەن شەرتنامە (جۇڭگو - روسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) گە ئەمەل قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ»، «چېگرا ئىشلىرىنى ئۆزئارا داۋاملىق مەسلىھەتلەشسەك بولىدۇ②» دەپ يوليورۇق بەردى. شۈي جىڭچېڭ بۇ يوليورۇققا ئاساسەن روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە جاۋاب نوتا

① «لورد شۈۋىنىۋ تۆرە قالدۇرۇپ كەتكەن ماقالىلەر»، 4 - توم، 17 — 18 - بەتلەر.

② «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاشقى ئىشلارغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، 89 - توم، 12 — 13 - بەتلەر.

نى ئۈستىگە ئېلىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا ماسلىشىپ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغدىدى.

جاھانگىر ئالۋاستىلارنىڭ نەپسى تولىمۇ يوغانىدى. چارروسىيە ئەنگلىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنى ئۆزئارا بۆلۈشۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسلى غەرىزى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى ۋە شىزاڭنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش ئىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كەنجۈتنى تاشقورغاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى راسكامنى بىنام ئېچىش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىدىن ئۆتنە ئېلىشقا كۈشكۈرتتى. بۇنى ئاڭلىغان چارروسىيە جاھانگىرلىكى: ئەگەر كەنجۈتنىڭ راسكامنى ئارىيەت ئېلىشىغا يول قويىدىغان بولساڭلار، بىزمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقورغاننىڭ شىمالىدىكى تاغارمىنى بىزگە ئۆتۈنۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز، دېدى. جاھانگىرلارنىڭ بۇ ئاچكۆزلۈكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈردى. شۇڭا تاجىك خەلقى مۇھىم - مۇھىم چېگرا جايلارغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن چېگرىنى قوغدىدى. مەسىلەن، 1895 - يىلى 64 ئۆيلۈك چارۋىچى راسكام ئەتراپىدىكى جايلارغا بېرىپ، شارائىتنىڭ قىيىنلىقىغا قارىماي، بىنام ئېچىپ تېرىلغۇ قىلغاچ ۋە چارۋا باققاچ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كەنجۈت خەلقىنى كۈشكۈرتۈپ راسكامنى ئىشغال قىلىۋېلىشىنى توستى؛ 1898 - يىلى يەنە 50 ئۆيلۈك چارۋىچى مىڭ تەكە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ چارۋا باققاچ چېگرىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى①.

① «بازار دورا سودا ئالاقە چازىسىنى ۋە قوشۇمچە چارۋىچىلىقنى باشقۇرۇش ئەمەلدارى جاڭ شاۋبۇنىڭ شىنجاڭ خارجى ئىشلار مەھكىمىسىگە يوللىغان خېتى» دىن.

تۇزۇشكە مەجبۇرلاشقا ئۇرۇندى.

چار روسىيە ھۆكۈمىتى پامىردىكى كەڭ زېمىنلارنى قورال-
لىق ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ زېمىنلارنى پەرغانە
ئۆلكىسىگە قوشۇۋېلىپ، ئاھالىلەرگە ئېغىر دەرىجىدە زۇلۇم
سالدى. شۇڭا، بۇ زۇلۇمغا قارشى كۆرەشمۇ ئۈزلۈكسىز بولۇپ
تۇردى. پامىرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاجىك ۋە قىرغىز خەلقى
چار روسىيىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسىگە
چىدىماي، چار روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن
قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تۈركۈم - تۈركۈملەپ ۋەتەن قۇچىقىغا قايتىپ
كەلدى. سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، 1892-
يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 120 ئائىلىلىك چارۋىچى ئاقتاشتىن
تاغدۇمباش پامىرغا قايتىپ كەلگەن؛ 1895 - يىلى 100 ئائىلى-
دىن ئارتۇق چارۋىچى ئىستىق ئەتراپىدىن تاغدۇمباش ۋە تاغار-
مىغا قايتىپ كەلگەن. پەرغانە ئۆلكىلىك شتابىنىڭ ھەربىي
رايون قوماندانىغا يازغان دوكلاتىدا: «گەرچە قەتئىي تەدبىر-
لەرنى كۆرگەن بولساقمۇ، ئۇزاق بولمىغان كەلگۈسىدە مورغاپنىڭ
جەنۇبىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئۆزىگە قوشنا بولغان
جۇڭگونىڭ تۈركىستان رايونىغا بېرىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىشىنى توسۇپ قالالمايمىز» دەپ نالە قىلىنغان①.

چېگرا رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى
كۆرىشى بارغانسېرى كۈچەيدى. 1896 - يىلى سەرىكۆي
رايونىدىكى كەڭ تاجىك ۋە قىرغىز ياشلىرى «سەرىكۆي سۈيىۈمن
مۇسۇلمانلار ئەترىتى» تەشكىل قىلدى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق
مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ ئاتلىق ئەترىتىنىڭ تۇغلۇق ئەمەلدارلىرى
قوشۇمچە ھەربىي ئەمەلدارلىقنى، ھاكىم بەگ باش قاراۋۇللۇق-

① ئىسكەندەروۋ: «XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى شەرقىي بۇخارا ۋە پامىر»، 1 - توم، 331 - بەت.

بىلەن ئالداش ۋە تەھدىت سېلىش ئارقىلىق «روسسىيىلىكلەر
تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا سودا - سېتىق بىلەن
شۇغۇللانسا ۋاقتىنچە باج تۆلىمەيدۇ» دېگەن توختامغا ئىمزا
قويدۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەيلى روسسىيىلىكلەر ياكى ئەنگلىيە-
لىكلەر (ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستان-
لىقلار) بولسۇن، ئۇلار جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا سودا -
سېتىق ياكى باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا، جۇڭگو ھۆكۈمى-
تىگە ھېچقانداق باج تاپشۇرمايدىغان بولدى ھەتتا روسسىيە
ۋە ئەنگلىيە كونسۇللىرى «كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش
ھوقۇقى» غا ئىگە بولۇۋېلىپ، ھەممىلا يەردە زورلۇق - زومبۇلۇق
قىلدى. روسسىيىدە ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى
غەلىبە قازىنىپ، سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان-
دىن كېيىن، لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى
سىرتقا قارىتىلغان بارلىق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى بىكار
قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن چار روسسىيىنىڭ
تاشقورغاندىكى پوچتا ۋەكالەتخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ،
ئەسكەرلەر قايتىپ كەتتى، روسسىيە سودىگەرلىرى تىيانشاننىڭ
جەنۇبىي ۋە شىمالىدا سودا - سېتىق قىلسا باج تۆلىمەيدۇ دېگەن
توختاممۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. لېكىن ئەنگلىيە جاھانگىرلى-
كىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى ئۇزاققىچە داۋام قىلدى. ئەنگلىيە
جاھانگىرلىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا پۇل ۋە پاسپورت تارقىتىپ،
جۇڭگولۇقلارنى ئالداپ، ئەنگلىيە پۇقراسى قىلىۋالدى. كېيىن
تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئاتالمىش «ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ نوپۇسىنى
تەكشۈرۈش - تىزىملاش نىزامنامىسى» دېگەن بىر نەرسىنى
ئويدۇرۇپ چىقاردى، ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغان: «ئەنگلىيە
پۇقرالىرىغا مەخسۇس ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى تەكشۈرۈپ پۇل
تارقىتىدۇ، جۇڭگو يەرلىك ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا ئارىلاشمايدۇ.

جاھانگىرلارنىڭ بۇ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىۋىدى،ئۇلار قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشقا سېلىپ، تاشقورغاندا تاجاۋۇزچىلىق بازىلىرىنى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. 1897 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق «ساياھەت ئەمەلدارى» ھىندىستان بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى خەت - ئالاقە توشۇشنى باھانە قىلىپ، تاشقورغاندا پوچتا ۋەكالەتخانىسى قۇردى. 1900 - يىلى ئەنگلىيە قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلغاندىن كېيىن، بۇ پوچتا ۋەكالەتخانىسى كونسۇلخانا قارمىقىغا ئۆتتى. كونسۇلخانا پوچتالىيونلار ئۈچۈن تاشقورغان تەۋەسىدە سەككىز ئورۇنغا، يېڭىسار تەۋەسىدە بەش ئورۇنغا تۆگە سارىيى ياساتتى. چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى ئەنگلىيىنىڭ پوچتا ۋەكالەتخانىسى قۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تاشكەنتكە خەت - ئالاقە يوللاشنى باھانە قىلىپ، تاشقورغاندا بىر پوچتا ۋەكالەتخانىسى قۇرۇپ، ئۇنى «قوغداش» ئۈچۈن بىر ھەربىي ئەمەلدار، بەش نەپەر ئەسكەر تۇرغۇزدى، كېيىن بۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنى كۆپەيتىپ 20 گە يەتتى. چار رۇسىيىنىڭ پوچتا ۋەكالەتخانىسىدا ئەسكەر تۇرغۇز-غانلىقىنى كۆرگەن ئەنگلىيىمۇ 16 نەپەر ئەسكەر ئەۋەتىپ تاشقورغاندا توختاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەسكەرلىرى نامىدا پوچتا ۋەكالەتخانىلىرىنى «قوغدىغان» بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تاجاۋۇز-چىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئاتالمىش «پوچتا ۋەكالەتخانىلىرى» ئەپيۇن، قورال - ياراق توشۇش، ئاخبارات ئوغرىلاش قاتارلىق جاسۇسلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى①. ئەنگلىيە قەشقەردە كونسۇلخانا تۇرغۇزغاندىن كېيىن تاجاۋۇز-چىلىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى. بۇنىڭدىن كۆزى قىزارغان چار-رۇسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ھىيلە - مىكىر

① ياڭ زىڭشىڭ «ئىستىغپارخانىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، 8 - توم، 16 - بەت.

ئەپيۇن سودىگەرلىرىدىن پارا ئېلىپ ئۇلارنى قويۇۋەتتى، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئەسكىلىك قىلىشىنى توسمىدى، ئۇنداق قىلىشىمۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدا مۇمكىن ئەمەسىدى. پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىلا تاشقۇرغان خەلقىمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاشلا ھەقىقەت نۇرىنى كۆرۈپ، جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ تالان - تاراج قىلىشىدىن قۇتۇلدى.

ئومۇمەن ئەنگلىيە پۇقراسى بولۇشنى خالايدىغانلار بولسا، بىر پارچە ئىلتىماس جەدۋىلى تولدۇرۇپ، بىر نەپەر گۇۋاھچى تېپىپ، پاسپورت ھەققى ئۈچۈن بىر سەر بەش مىسقال كۈمۈش پۇل تاپشۇرسىلا، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئۇنىڭغا پاسپورت بېرىدۇ. بىر ئائىلىدىن بىر كىشى پاسپورت ئالسا، پۈتۈن ئائىلىدىكى ئەر - خوتۇن ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ياللىغان ئىشچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيە پۇقراسى ھېسابلىنىدۇ، ئەنگلىيە ئۇلارنى قوغدايدۇ.» بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى شىنجاڭ رايونىنى يۇتۇۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس①.

تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك دەردىنى تارتقان تاجىك خەلقى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ سۇيىقەستىگە ئالدانمىدى، ئۇلارغا «پۇقرا» بولغانلار ئانچە كۆپ بولمىدى. ئۇلارغا «پۇقرا» بولغانلار ئەمەلىيەتتە جازانىخورلۇق قىلىدىغان، ئەپيۇن سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ قانات ئاستىغا كىرىۋېلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە باج تۆلىمەيتتى، خەلقنى خالىغانچە قاقتى - سوقتى قىلاتتى. ئادەتتىكى ئاق كۆڭۈل خەلق ئامىسى بولسا، بۇنداق سودىگەرلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى چىڭ ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلدى ياكى تۇتۇپ ئەكىلىپ بەردى.

ئەپسۇسكى، چىڭ ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىمۇ چىرىكلىكتە ئۇچىغا چىققانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ دەرد - ئەھۋالى بىلەن كارى بولمىدى، ئەكسىچە خەلق تۇتۇپ ئەكىلىپ بەرگەن

① ياڭ زىڭشىڭ «ئىستىغپار خانىدا يېزىلغان خاتىرىلەر» نىڭ 12 - توم، 5 — 8 - بەتلىرى ۋە 17 —، 18 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى. تاشقورغان ئىنقىلابى قوزغىلىپ، 1946 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن مەدەيۇ (تاجىك)، شېرىنبەك (تاجىك)، ھاشىم (ئۇيغۇر)، ئوبۇلقاسىم (قىرغىز)، غېرىپشا (تاجىك) ۋە گۈلجۈن (تاجىك) قاتارلىق كىشىلەرنى ئاق جىلغىغا چاقىرتىپ داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزگەنگە قەدەر بولغان بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە، تاشقورغان پارتىزانلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تاشقورغان، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنى ۋە قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار ناھىيىلىرى ئەتراپىدىكى نۇرغۇن جايلارنى ئازاد قىلدى. تاشقورغان ئىنقىلابىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئوخشاشلا «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى»، تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا يېزىپ قالدۇرغان، شانلىق سەھىپىسى.

## 1. تاشقورغان ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ۋەزىيەت ۋە ئىنقىلابنىڭ تەييارلىقى

1943 - يىلى شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزگەن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشى سىستېمىسىدىكى نۇرغۇن گومىنداڭچىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا كىرىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىمۇ تەشكىل قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭدا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى، بۇ ھال ئاخىر ئىنقىلابنىڭ پارتلىشى

# بەشىنچى باب

## 1

## تاشقورغان ئىنقىلابى

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى 1944 - يىلى شىنجاڭ
ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ، ۋۇجۇڭشىنىنى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. شۇ يىلى 9 -
ئايدا ئىلىقا خەلقى «ئات تەقدىم قىلىش» قا قارشى تۇرۇش
يۈزىسىدىن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ-
دىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇنجى ئوقنى ئاتتى،
11 - ئايدا، غۇلجا شەھىرىدە ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈ-
مىتى قۇرۇلدى، 1945 - يىلى 3 - ئايدا رەسمىي مۇنتىزىم
قوراللىق قوشۇن — مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى. مىللىي ئارمىيە
قۇرۇلغاندىن كېيىن، قوراللىق كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ،
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەت-
لىرىنى ئىشغال قىلدى، شۇ يىلى قىشتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي
ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن
1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاشقورغاندىكى تاجىك،
قىرغىز ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقى تاشقورغان ئىنقىلابىنى
قوزغاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى

زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ چەكسىز غەزىپىنى قوزغىدى، خەلقنىڭ زۇلۇمغا
قارشىلىق كۆرسىتىش ۋەقەلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى ۋە
بارغانسېرى ئۇلغايدى. تاشقورغان رايونىدىكى دېموكراتىك
روھقا ئىگە نۇرغۇن ئىلغار زاتلار خەلق ئۈستىدىكى ئازاب -
ئوقۇبەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن، قولغا قورال ئېلىش لازىملىقىنى
ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن
خۇجيەن، شۆلياڭ يولداشلار تاشقورغاندا پائالىيەت ئېلىپ
بارغاندا، ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتىنى ئاڭلاپ، تەسىرىنى قوبۇل قىل-
غانلار، شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابىي تەشكىلات بولغان جاھانگىر-
لىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقانلار بار ئىدى.
بۇ كىشىلەر 1943 - يىلىدىن باشلاپلا ئۆزئارا ئالاقە باغلاپ،
قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ كەلگە-
نىدى. ئۇلاردىن كارۋانشا، مەدەيۇۋ (خۇجيەن ۋە شۆلياڭلار
تاشقورغاندا ئىشلىگەندە، كارۋانشا ھاكىم بولغان، مەدەيۇۋ-
نىڭ دادىسى زەمىر چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن
ئەترەت باشلىقى بولغان، مەدەيۇۋ بولسا خۇجيەننىڭ مۇھاپىزەت-
چىسى بولغان) قاتارلىق كىشىلەر ئىنقىلابقا پۇختا تەييارلىق
قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلاردىن
ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا چىدىماي سوۋېت
ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەر ئارىسىدا قوراللىق
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى ۋە ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن ئالاقىلاشتى، ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى تەرەپ ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن ياردەم بەردى ۋە
يېتەكچىلىك قىلدى. 1944 - يىلى كۈزدە كارۋانشا، مەدەيۇۋ،
مەمەت ئەيسا (قىرغىز) قاتارلىق كىشىلەر تاشقورغاندا قالغان
شېرىنبەك قاتارلىق كىشىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىكى

كەلتۈرۈپ چىقاردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلابنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا يامراپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قالغان يەتتە ۋىلايەتكە نىسبەتەن تېخىمۇ يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت يۈرگۈزدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ساقچى ئىدارىسى جايلارغا ئىشپىيونلارنى ئەۋەتىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. 1944 - يىلى قىشتىن 1945 - يىلى كۈزگىچە تاشقورغاندىكى تاجىك خەلقىدىنلا 95 كىشى تۈرمىگە تاشلاندى، 63 كىشى ئۆلتۈرۈلدى؛ قورچاق چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن يايلاقلارنىڭ ھەممىسىنى قامال قىلىپ، بۇ يەردىكى چارۋىچىلارنى چېگرىدىن يىراق جايلارغا كۆچۈردى. نەتىجىدە يايلاق يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن چارۋا ماللار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كېتىپ، خەلق تېخىمۇ نامراتلاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىيەتچى قىسىم خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە بۇلاپ - تالىدى، 100 نەچچە كىشىنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، ئاكىپ قازدى، ئۆينىڭ ياغاچلىرىنى ئوتۇن قىلىپ قالدى. قىسقىسى، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. مەسىلەن، ئەكسىيەتچى ساقچى - ھەربىيلەر 4 - رايون 1 - يېزىدىكى سۇلايمان ئىسىملىك كىشىنىڭ 300 تۇياق قوي، تۆت دانە تۆگىسىنى بىر قېتىمدىلا بۇلاپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە تاشقورغان ناھىيىسىدە ئارانلا 2000 دانە تۆگە بار ئىدى، قورچاق ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ئورگانلار خەلقنى يىلىغا ئىككى مىليون نەچچە يۈز مىڭ جىڭ ماددىي ئەشيانى ھەقسىز توشۇشقا مەجبۇرلىدى. بۇ ماددىي ئەشيالارنى توشۇش جەريانىدا نۇرغۇن ئات تۆگىلەر ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ سىرتىدا ھەربىر ئائىلىگە ئوت - چۆپ، ئوتۇن - ياغاچ سەيسى قويدى ۋە باشقىلار. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇنداق دەھشەتلىنىڭ

ئۇلغايسا، يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى سەراسىمگە چۈشۈپ، كېچىلىرى گازارمىدىن يىراقلىشىپ چىقىپ ھەرىكەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋال پارتىزانلارنىڭ كېچىلەردە دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىشى ۋە خەلق ئىچىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى. شۇڭا، 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى توختامىشتا سىياسىي، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىۋاتقانلاردىن غېرىپشا باشلىق بەش كىشى دەپتەرگە، ئىنايىتىللا باشلىق تۆت كىشى تاغارمىغا، مەمەت ئەيسا باشلىق تۆت كىشى سۇبېشىغا بېرىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ۋە قورال - ياراق ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، يەنە توختامىشقا قايتىپ كەتتى. 1945 - يىلى كۈزگە كەلگەندە پارتىزانلارنىڭ ئادەم سانى 295 كە يەتتى ھەمدە مەلۇم ساندىكى قورال - ياراققا ئىگە بولدى، ئۇلارنىڭ ھەربىي سۈپىتىمۇ يۇقىرىلاپ قالغانىدى. دېمەك، تاشقورغاندا ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلىپ قالغانىدى. شۇڭا، 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ يىغىنى چاقىرىلىپ، تاشقورغانغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش پىلانى ماقۇللاندى. ئۇلار دۈشمەن ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، تاشقورغاننىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇپ، دۈشمەن قوشۇنلىرى پارتىزانلاردىن كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار پارچە - پارچە ئورۇنلاشقان، ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، تېز مۇددەت ئىچىدە بىر - بىرىگە ياردەم بېرەلمەيدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىرلا ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى ۋە پارتىزانلار كۈچىنى مۇنداق تەقسىم قىلدى:

كارۋانشا، لەشكەر، مەدەيۇۋلار باشچىلىقىدىكى 60 كىشى تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلىش؛

توختىمىش دېگەن يەرگە مەخپىي چاقىرتىپ، شۇ ۋاقىتتىكى
ۋەزىيەت ۋە قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈش قاتارلىق
مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى، گېنېرال ئىسھاقبېك ئۇلارغا
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە
تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.
سوۋېت ئىتتىپاقى تاجىك ۋە قىرغىز خەلقى ئىچىدىن كارۋانشا،
ئاقيۇلبېك قاتارلىق ھەربىي، مەمۇرىي رەھبەرىي خادىملارنى
تەربىيىلەپ بەردى ھەمدە قوشۇن تەشكىللەشكە ياردەم بەردى،
ئۇنىڭ سىرتىدا ئۇرغۇنلىغان سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار
خادىملىرىنى تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىكىگە مەسلىھەتچى
قىلىپ ئەۋەتتى؛ قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا جەھەتتىنمۇ ياردەم
بەردى. 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كارۋانشا، ئوبۇلقاسىم، مەمەت
ئەيسا، ئەمەت، تاشتۆمۈر قاتارلىق بەش كىشى سوۋېت ئىتتىپا-
قىدا تۇرۇپ، تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى
ئىشلىدى، يەنى بىر تەرەپتىن شۇ يەرگە قېچىپ چىققان تاجىك،
قىرغىز خەلقىنى تەشكىللەپ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ
باردى، يەنە بىر تەرەپتىن تاشقورغانغا قوراللىق رازۋېتچىكلارنى
(پارتىزانلارنى) ئەۋەتىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش
ئەھۋالى، قورال ـ ياراقلىرى ۋە باشقا ئىشلىرى ھەققىدىكى
ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ۋە تاشقورغاندا قالغان ئىلغار زاتلار بىلەن
ئالاقىلىشىپ تۇردى. گومىنداڭنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا
جانلىرىدىن جاق تويغان خەلق ئاممىسى ئۇلارنى زور كۈچ
بىلەن قوللاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا قوشۇلۇپ، پارتىزانلار
قوشۇنىنىڭ كۈچىنى ئاشۇردى. پارتىزانلار ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى
كېڭەيتىش ئۈچۈن، تاغارما، سۇبېشى قاتارلىق جايلارغا بىرنەچ-
چە قېتىم ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپ-
تىن، بىر قىسىم كىشىلەر پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ، ئىنقىلاب كۈچى

ئۇيۇن تاماشا بىلەنلا بولۇپ كەتكەچكە، تاشقورغان پارتىزانلىرىنىڭ ھۇجۇم قوزغىشىدىن بىخەۋەر بولۇپ، قىلچىمۇ تەييارلىقى يوق ئىدى. تاشقورغاندىكى دۈشمەن پوزىتسىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئۈستىگە ئالغانلار كوماندانىڭ ساقچى ئىدارىسى بىلەن ھەربىي گازارمىسىغا تەڭلا ئوت ئاچتى. شەھەرنى ئۇيقۇغا كەتكەن دۈشمەنلەر ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. دۈشمەن چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ئالدىراپ - تېنەپ پىلىموتچى ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىگە ئوق تېگىپ يارىدار بولدى، ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بىلەن تەرجىمانى ئۆلدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا نېمە قىلارنى بىلمەي قالغان دۈشمەن قوشۇنلىرى بەلدىر، قىزغۇشلۇق ئارقىلىق تويلى بۇلۇڭغا قاچتى. دەپتەردىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى پاكىستان تەرەپكە قاچتى. تاڭ سەھەردىن كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق تاشقورغان ناھىيە بازىرى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرىنبەگ باشچىلىقىدىكى 20 كىشى دەپتەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىندى. ئۇلار لوپگازغا بارغاندا قېچىۋاتقان دۈشمەنلەر بولاپ ئېلىپ ماڭغان 300 تۇياقتىن ئارتۇق قوي، 19 تۆگە ۋە 25 تۆگىگە ئارتىلغان ھەرخىل ماددىي ئەشيالارنى ئارتىۋالدى. تاغارما تەرەپتىكى دۈشمەنلەرمۇ شۇ كۈنى يوقىتىلدى. پەقەت سۇ بېشىدىكى دۈشمەنلەر پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇم قوزغىشىنى سېزىپ قالغاچقا، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، ئۇلار تۆت كۈنگىچە تىركىشىپ ئاخىر چەشتاغ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. پارتىزانلار ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە بولغان تۆت كۈن ئىچىدە دۈشمەن قوشۇنلىرىنى شەرقىي شىمالدا چىل

مەمەت ئەيسا، ئابدۇمالىكلار باشچىلىقىدىكى 30 كىشى سۇبېشىغا ھۇجۇم قىلىش؛

تاھىر، ئوسمانلار باشچىلىقىدىكى 60 كىشى بۇلۇڭكۆلگە ھۇجۇم قىلىش؛

غېرىپشا، ئىنايىتىللالار باشچىلىقىدىكى 40 كىشى تاغارمىغا ھۇجۇم قىلىش؛

ئوبۇلقاسىم، تاشتۆمۈرلەر باشچىلىقىدىكى 20 كىشى چېچەكلىك داۋىنىدىن ئۆتۈپ، گومىنداڭنىڭ يېڭىسار تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇنلىرىنى توسۇش.

كارۋانشا پارتىزانلارغا ئومۇمىي رەھبەرلىك قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىش؛

مۇشۇنداق بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن، 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تاشقورغان ئىنقىلابى پارتلىدى.

## 2. ئىنقىلابنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە قوراللىق قوشۇننىڭ تەشكىل قىلىنىشى

تاشقورغان ئىنقىلابى ئىككى يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئىدىيىدىن تارتىپ ھەربىكەتكىچە تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، ئاخىر 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەتىگەن سائەت تۆتتە گومىنداڭنىڭ تاشقورغان، تاغارما، سۇ بېشى، بۇلۇڭكۆلدىكى بازىلىرىغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشتى. بۇ كۈنلەردە تاشقورغاندىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولىدىغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردىكى ئوفىتسېرلىرىنى يىغىپ، تاشقورغاندا ئىككى كۈن زىياپەت ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇلار يەپ- ئىچىش،

چىقىش مەسىلىسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئويغانغان خەلق ئاممىسى پەرزەنتلىرىنى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ئەسكەرلىككە بەردى. 60 نەچچە ياشلىق چارۋىچى بوۋاي ئۆمۈن ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغلىنى ئەسكەرلىككە تىزىملاتقاندا، رەھبەرلىك ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، پەرزەنتىنى قوبۇل قىلمىسا ئۇ: «مەن قېرىدىم، ئۆزۈم مىلتىق كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا قاتنىشالمايمەن، لېكىن ھاسا كۆتۈرۈپ مال باقالايمەن، ئەگەر گومىنداڭ يېڭىلمىسا، ئوغلۇم يېنىمدا بولغىنى بىلەنمۇ ماڭا ياخشى كۈن يوق. ئوغلۇم مىلتىق ئېلىپ ئالۋاستىلارنى قىرسا، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ۋەچە يېزىسىدىكى نامرات چارۋىچى بەيلەم ئوغلىنى ئەسكەرلىككە بېرىپلا قالماي، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئۇلىقى بولغان ئېتىنىمۇ ئىنقىلابىي قوشۇنغا تەقدىم قىلدى، كېيىن ئۇ ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئوغلىغا خەت يېزىپ: «بالام، ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ دۈشمەنلەرنى يوقات، ھەرگىز قاچقۇن بولما، خائىنلىق قىلما، دۈشمەن بىلەن يەكمۇ-يەك تۇتۇشۇپ دۈشمەننى يوقات، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ بىللە ئۆلسەڭ مەيلىكى، ھەرگىز قاچما، قاچىدىغان بولساڭ، ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزىمىز» دېگەنىدى.

خەلق ئاممىسىنىڭ مۇشۇنداق قىزغىنلىقى نەتىجىسىدە بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا 300 دىن ئارتۇق ياش ئىنقىلابىي قوشۇنغا كىردى. بۇ ۋاقىتلاردا تاشقورغاندا ئاھالە ئاز بولغاچقا 18 ياشتىن يۇقىرى 45 ياشتىن تۆۋەن قورال كۆتۈرۈپ ئۇرۇش قىلالايدىغانلىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلىككە كىرگەنلىكى ئۈچۈن، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قېرىلار ۋە ئاياللار ئۆز ئۈستىگە ئالدى. گومىنداڭدىن غەنىيمەت ئېلىنغان قوراللار ئارقىلىق يېڭى ئەسكەرلەر قوراللاندۇرۇلدى

گۇمبەزگىچە، شىمالدا چەشتاغقىچە، غەربىي شىمالدا بوستانتېرەك، بۆرىتوقايغىچە قوغلاپ باردى. تاشقورغاننىڭ شەرقىدە دۈشمەن ئەسكىرى بولمىغاچقا، ئۇ تەرەپتە ئانچە ئۇرۇش بولمىدى. شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل تاشقورغان ناھىيىسى (ھازىرقى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بۇلۇڭكۆل، چارلۇڭ يېزىلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) تولۇق ئازاد قىلىندى، 290 تال مىلتىق، بىر ئېغىر پىلىموت، ئۈچ يېنىك پىلىموت، 120 ساندۇق ئوق - دورا ۋە باشقا ھەربىي ئەسلىھەلەر غەنىيمەت ئېلىندى، پارتىزانلاردىن پەقەت ئۈچلا كىشى قۇربان بولدى.

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاشقورغاندا ئىنقىلابنىڭ تۇنجى غەلىبىسىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ پارتلاش سەۋەبلىرى، ئىنقىلابنىڭ تەييارلىق باسقۇچى، مەقسىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە دوكلات قىلدى. گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئېغىر ئازاب تارتقان خەلق ئاممىسى گومىنداڭنىڭ زۇلمى ئۈستىدە شىكايەت قىلدى ۋە بۇ ئىنقىلابنى قوللايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بارلىق كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، نۇرغۇنلىغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش كىشىلەر شۇ يەردىلا پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ، خەلقنىڭ ئۆزئۆل - كېسەل ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ يىغىن ئەمەلىيەتتە، ھەرمىللەت خەلقىنى يەنىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىنقىلاب مېۋىسىنى مۇستەھكەملەپ، مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداشقا قەسەمياد قىلىش يىغىنى بولدى. يىغىندا پارتىزانلار قوشۇنىنى زورايتىپ، تولۇق تەشكىللەنگەن، قوماندانلىقى بىرلىككە كەلگەن مۇنتىزىم مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن قىلىپ قۇرۇپ

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېكنى تاشقورغان ئىنقىلابىغا قوشۇمچە يېتەكچىلىك قىلىشقا بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن تاشقورغان ئىنقىلابىي قوشۇنىدا يېڭى يۈكسىلىش بولدى.

تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورنى تاغارما يېزىسىدا بولۇپ، قوماندانلىق شتابىنىڭ تەركىبىدە تۆۋەندىكى كىشىلەر بار ئىدى:

پەخرى باش قوماندان: ئىسھاقبېك
قوماندان: كارۋانشا
مۇئاۋىن قوماندانلار: قاسىم تاش، تاھىر
سىياسىي كومىسسار: مەدەيوۋ
شتاب باشلىقى: قاۋىل مىرزەك
ئارقا سەپ باشلىقى: گۈلجۈن

باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قارمىقىدا يەنە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، مەدەيوۋ قوماندانلىققا، ھاكىم شېرىپ مۇئاۋىن قوماندانلىققا، شەمسىدىن سەخى شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇنى دەسلەپكى مەزگىللەردە تاجىك 28 - ئاتلىق پولكى (پېلكوۋنىك: لەشكەر، پودپولكوۋنىك: ياقۇپ)؛ قىرغىز غالىبىيەت پولكى (پولكوۋنىك قادىرقۇل، پودپولكوۋنىك ئابدۇراخمان) ۋە تاشقورغان گارنىزون پولكى (پولكوۋنىك شېرىنبەگ) دىن ئىبارەت ئۈچ پولكقا بۆلۈندى. كېيىن ئىنقىلابىي قوشۇن كېڭەيگەنلىكى ئۈچۈن، گېنېرال ئىسھاقبېك 1946 - يىلى 3 - ئايلاردا يەنە تاشقورغانغا كېلىپ، كېڭىشىش ئارقىلىق، قىسىملارنى قايتىدىن

ۋە ئۇلارغا ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىلدى. ئەمدىكى گەپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىپ، خەلقنى ئەركىنلىك ۋە ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ يەرلەرگە يۈرۈش قىلىشتا قالغانىدى، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان ھەربىي قوماندانلىق شتاب ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ، مىللىي ئارمىيىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئارقىلىق 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى ۋە تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن قوماندانلىق شىتابى قۇرۇلدى. ئاقيولبېك (تاجىك) ۋالىيلىققا، خوجەمكەلدى (قىرغىز) مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلەندى، شەمسىدىن سەخى (تاجىك) باش كاتىپ بولدى. ۋالىي مەھكىمە قارمىقىدا خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، باج ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى. تاشقورغان، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرى، ئويتاغ، تاشمىلىق قاتارلىق جايلار، ئاقتۇنىڭ 3 -، 4 - رايونلىرى، يېڭىسارنىڭ بىرقىسىم جايلىرى تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغان بولدى.

تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋەيران بولغان خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، قوشۇنلارنىڭ ھەربىي تەمىنات ۋە قورال - ياراق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سودا شىركىتى قۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىش يولغا قويۇلدى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە كۈچەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تاشقورغان ئىنقىلابىغا ئەمەلىي ياردەم بېرىش ئۈچۈن، بىرقىسىم قوراللىق كۈچ ئەۋەتتى ھەمدە

كىيىن ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ، قەشقەر ۋە يەكەننى ئازاد قىلىش يۈرۈشىنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ كونكرېت پىلانى مۇنداق ئىدى: بىر يۆنىلىشى ئوپال، تاشمىلىق تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي جەنۇب تەرەپتىن قەشقەرنى ئىسكەنجىگە ئېلىش؛ يەنە بىر يۆنىلىشى ئاقتالا ئارقىلىق مېڭىپ، يېڭىسارنى ئازاد قىلىش ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئىككى يۆنىلىشتىكى قوشۇنلار ئىككى تەرەپتىن ئىلگىرىلەپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ قەشقەرنى ئازاد قىلىش؛ شۇ ئارقىلىق قەشقەر بىلەن يەكەننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش. تاجىك پولكى داتۇڭ، كوسراپ ئارقىلىق يۈرۈش قىلىپ، قاغىلىق، پوسكامنى ئازاد قىلىپ خوتەن بىلەن يەكەننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەكەننى ئازاد قىلىش.

مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى — قەشقەر، يەكەنلەرنى ئازاد قىلىش باسقۇچى باشلاندى. بۇ باسقۇچ ناھايىتى مۇشەققەتلىك ۋە جاپالىق بولدى. بۇ باسقۇچتا زور غەلىبىلەرمۇ قولغا كەلدى، ئېچىنىشلىق ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ يۈز بەردى. ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەر بەزىدە دۈشمەن بىلەن ئىنقىلابچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ پەرقلىق بولغانلىقىدىن يۈز بەرسە، بەزىدە ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ تەجرىبىسىزلىكى، ئىدىيىۋى تونۇشىنىڭ تۆۋەنلىكى، خەلق ئاممىسىنى قوزغىتىشنىڭ يېتەرسىزلىكى، قوشۇن ئىچىدىكى تەرتىپ - ئىنتىزامنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن يۈز بەردى.

ئىسقىسى، بۇ باسقۇچتىكى كۆرەش تولىمۇ ئەگرى - توقاي جەريانلارنى بېسىپ ئۆتتى. ئىنقىلابىي قوشۇن يېقىندا ئېيتقان ئۈچ يۆنىلىش بويىچە يۈرۈش قىلغان مەزگىللەردىكى ۋەزىيەت ئىنقىلابىي قوشۇن ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ئىدى. چۈنكى

تەرتىپكە سالدى، ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى بىسكار قىلىنىپ، ئىككى بىرىگادا، بىر گارنىزون پولكى قۇرۇلدى. بۇلار مۇنداق تەشكىللەندى:

بىرىنچى بىرىگادا (يەكەن بىرىگادىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئورنى قوشراپتا بولۇپ، بىرىگادىرى مەدەيوۋ، مۇئاۋىن بىرىگادىرى ھاكىم شېرىپ، شتاب باشلىقى شەمسىدىن سەخى. بۇ بىرىگادىدا ئىلگىرىكى تاجىك 28 - ئاتلىق پولكى ۋە قىرغىز غالىبىيەت پولكىدىن باشقا، قاغىلىق ئۇيغۇر پولكى (پولكوۋنىك ھاشىم ئاخۇن، پود پولكوۋنىك تۇردى قارىبىبەگ) ۋە يېڭىسار ئىگىزيار قىرغىز پولكى (پولكوۋنىك ئوسمان باتۇر، پودپولكوۋنىك ئوسمان) بار ئىدى.

ئىككىنچى بىرىگادا، ئورنى ئويتاغدا، بىرىگادىرى: تاھىر (قىرغىز)، سىياسىي كومىسسارى: نۇرغالى (قازاق)، شتاب باشلىقى: قەمبەر (قىرغىز). بۇ بىرىگادىدا ئويتاغ قىرغىز پولكى (پولكوۋنىك: سىيىت بەگ، پود پولكوۋنىك: ساتىبېگ)، قەشقەر ئۇيغۇر پولكى (پولكوۋنىك ھەسەن ھاجى، پودپولكوۋنىك ھەسەن) دىن ئىبارەت ئىككى پولك بار ئىدى.

گارنىزون پولكى يەنىلا تاشقورغاندا تۇراتتى.

قاغىلىق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ مىللىي ئازادلىق فرونتى قۇرۇلدى. فرونت رەھبەرلىكى 11 كىشىدىن تەركىب تاپتى. مۇدىرى: ساۋۇت قارى (ئۇيغۇر)، ھەيئەتلىرى ئىسھاقبېك، كارۋانشا، سىيىت بەگ، سىدىق خانخوجا، مەمەت ئەيسا، ئابدۇللا داموللا، قۇتلۇغۇۋلار بولۇپ، فرونتنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى قۇتلۇغۇۋ باشقۇراتتى.

ئىنقىلابىي قوشۇن تەرتىپكە سېلىنىپ، قايتا تەشكىللەنگەندىن كېيىن باش قوماندانلىق شتابى ئالدىنقى سەپتىكى چىل گۈمبەزگە يۆتكەلدى ۋە بىر ئايلىق ھەربىي تەلىم - تەربىيەدىن

ھار) ياريدار قىلىندى، 120 تال مىلتىق، 18 دانە ئېغىر - يېنىك پىلىموت ۋە نۇرغۇن ئوق دورىلىرى غەنىيمەت ئېلىندى.

دۈشمەن ئاقتالادىن يېڭىسارغا قېچىش جەريانىدا يول بويىدىكى يەرلىك ئاممىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇۋې-لىپ، ئۆز قوشۇنىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن، ئېگىز يارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى، لېكىن ئىنق-قىلابىي قوشۇن دۈشمەننىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى ۋە ئالدىن يۈرەر قىسمىدىن 57 ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى.

قەشقەر يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭغان قوشۇنلار سۇ بېشى، بۇلۇڭكۆل قاتارلىق جايلاردىن دۈشمەنلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، بوستانتېرەك قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئوپالنى ئىشغال قىلدى. دۈشمەنلەر تاشمىلىق، چەشتاغ، تۇققۇزاق قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كەتتى. ئاقتالا ۋە ئوپال يۆنىلىشى بويىچە ماڭغان قوشۇنلار يەكەن تەرەپتىن يار-دەمگە كەلگەن 200 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئالدى ۋە ئارقىسى-دىن ئوققا تۇتۇپ، 47 ئادەمنى يوقاتتى.

يەكەن يۆنىلىشىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن تاجىك ئاتلىق پولكىدىن قاسىمبېك رەھبەرلىك قىلغان قىسىم كوسراپقا كېلىپ، ئايرىتاشتىكى دۈشمەنلەرگە قاتتىق تەھلىكە سالدى، 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەينىدىن رەھبەرلىك قىلغان 160 كىشىمۇ چىلگۈمبەز ئارقىلىق كوسراپقا كېلىپ قاسىمبېك قوشۇنى بىلەن بىرلەشتى، ئۇلار بىرلەشكەندىن كېيىن يەكەن بىلەن پىسكام ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. 11 - ئاي-نىڭ 13 - كۈنى پولكوۋنىك لەشكەر باشچىلىقىدىكى ئاساسىي كۈچمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار جەم بولغاندىن كېيىن، ئىككىگە بۆلۈنۈپ كاچۇڭ ۋە تۇمشۇقسارايدىكى دۈشمەن بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئېلىشىش ئارقىلىق، بۇ يەرلەردىكى دۈش-

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر تەرەپتىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي
ئارمىيىسىنىڭ ئاقسۇغا چۈشكەن قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىگە
ئۇچراپ، يەنە بىر تەرەپتىن، تاشقورغان ئىنقىلابىي قوشۇنلىرى-
نىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن، قوشۇن
يۆتكەپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. شۇڭا مىللىي
ئىنقىلابىي قوشۇن دەسلەپتە چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈش قىلىپ،
ھەرقايسى سەپلەردە بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.
تاشقورغان ئىنقىلابىي پارتلىغان كۈنلەردە تاشقورغاندىن قاچقان
دۈشمەنلەر چىچەكلىكتە ئوبۇلقاسىم رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلار-
نىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، چىلگۈمبەزگە
قاراپ قاچتى، ئۇلار يول بويى كىشىلەرنى بۇلاپ - تالىغانلىقى
ئۈچۈن، كېيىن مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن يۈرۈش قىلغاندا،
خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئىگە بولدى. نەتىجىدە
چىلگۈمبەزگە ئوڭۇشلۇق بېرىپلا قالماستىن، ئۇ يەردە قارشىلىق
كۆرسەتكەن دۈشمەنلەرنى تېزلىكتە يېقاتتى. بۇ جەرياندا ئۇلارغا
بىرمۇنچە ئادەملەر قېشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 223
كىشىگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوشۇن تېخىمۇ شىددەت
بىلەن ئىلگىرىلىدى، شۇ ۋاقىتتا دۈشمەن قوشۇنلىرى ئىچىدە
جەڭگىۋارلىقى ئەڭ يۇقىرى ھېسابلىنىدىغان قەشقەردە تۇرۇشلۇق
3 - پولكنىڭ بىر باتالىيونى ئىنقىلابىي قوشۇننى توسۇش
ئۈچۈن ئاقتالاغا ياردەمگە ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى
توسۇپ قالالمىدى. ئىنقىلابىي قوشۇن 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى
ئاقتالاغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەننىڭ بۇ قىسمىنى
پۈتۈنلەي مۇھاسىرە قىلدى ۋە 15 -، 16 - كۈنلىرى قاتتىق
تىركىشىش ئارقىلىق دۈشمەن قوشۇنلىرىنى ئېگىز يار ۋە يېكسار-
غا قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. مۇشۇ بىر قېتىملىق جەڭدىلا دۈش-
مەننىڭ 60 ئادىمى يوقىتىلدى، 20 ئادىمى (بىر روتا كوماندىرىمۇ

ئەۋەتىلدى، يەنە بىر قىسىم قوشۇن پوسكامغا ھۇجۇم قىلدى. پوسكامدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا، ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا يەكەنگە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قاغىلىققا ھېچقانداق تەرەپتىن ياردەم كېلەلمەيدىغان بولدى. قاغىلىق بازىرىدا مۇھاسىرىدە قالغان دۈشمەنلەر 5 — 6 سائەت قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بەرداشلىق بېرەلمەي، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا ئۇرۇندى. لېكىن مۇھاسىرىمۇ قاتتىق بولغاچقا، پەقەت تۆتلا ئەسكىرى قېچىپ كېتەلىدى، قالغانلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. قەشقەردە ئۇرۇشلۇق 12 - دىۋىزىيە قاغىلىقنىڭ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئالاقزادە بولدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن قاغىلىقتىكى قوشۇنلىرىغا قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ، بازىنى ساقلاش ھەققىدە بۇيرۇق بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، 3000 كىشىلىك قوشۇننى قاغىلىققا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. دۈشمەننىڭ بۇ ياردەمچى قوشۇنى تومشۇق سارايغا كەلگەندە شۇ يەردە يول توسۇپ تۇرغان قىرغىز پولكىنىڭ ئوشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراپ، 300 دەك ئۆلۈكنى تاشلاپ بەدەر تىكىۋەتتى، ئارقىدىن كەلگەن ئوزۇق - تۈلۈكمۇ غەنىيمەت ئېلىندى. نەتىجىدە قاغىلىقتىكى قوشۇنلىرى يۇقىرىقىدەك ئاقىۋەتتىن قۇتۇلالمىدى، قاغىلىق ناھىيىسى ئاخىرى ئازاد قىلىندى.

قاغىلىقنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن ناھايىتى زور قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. بۇ جەڭدە ئاياللارمۇ ئەرلەردەكلا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلدى. مەسىلەن، تاجىك 28 - ئاتلىق پولكىنىڭ سانىتارى دىلدانەخان (تىرەك لەڭگەرلىك) ساقچى ئىدارىسىگە كىرىۋالغان دۈشمەنلەر جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان پەيتتە، پولكوۋنىك لەشكەر تەرىپىدىن ئالدىنقى سەپكە ئالاقىچىلىققا ئەۋەتىلدۇ. ئۇ بىر ئايلانما يول

مەنلەرنى پوسكامغا قاچۇردى. بۇ جەڭدە، دۈشمەننىڭ 33 ئادـ
مى يوقىتىلدى، بىرمۇنچە ئوق - دورا ۋە كـاچۇگدىكى ئاشلىق
ئامبىرى غەنىيمەت ئېلىندى. 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى لەشكەر
باشچىلىقىدىكى 400 كىشىلىك تاجىك پىلكى پوسكامغا هـۇجۇم
قىلدى، لېكىن بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ مەخپىيەتلىكى ئاشكارىلىنىپ
قېلىپ، پوسكامغا قىلىنغان هۇجۇم مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىـ
غانلىقتىن، ئىنقىلابىي قوشۇن پىلانىنى ئۆزگەرتتى. 12 - ئاينىڭ
18 - كۈنى ياقىرىققا هۇجۇم قىلىپ، 19 - كۈنى بۇ يەرنى ئىشـ
غال قىلدى، بۇ جەڭدە دۈشمەن 38 ئادىمى، 24 دانە مىلتىقى
ۋە بىر دانە پىلىمىوتىدىن ئايرىلدى. پوسكامدىكى دۈشمەن قوشۇنـ
لىرى بۇنى ئاڭلاپ، پوسكامنى تاشلاپ قاچتى، ئىنقىلابىي قوشۇن
بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولۇپ، پوسكامنى ئىشغال قىلـمىغانلىـقى
ئۈچۈن، ئىككى كۈن ئۆتكەندە دۈشمەن قوشۇنلىرى يەنە قايتىپ
كېلىپ ئورۇنلىشىۋالدى.

بۇ ۋاقىتتا، دۈشمەن كۈچلىرى ئاساسەن، يەكەن، پوسكـام
ۋە قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا ئىدى، قالغان جايلاردىكى دۈشـ
مەنلەر بولسا، تارقاق، تايانچىسىز هالدا ئىدى. ئىنقىلابىي قوـ
شۇن مۇشۇ ئەهۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئادەملىرىنى 30 — 40 تىن
بۆلۈپ ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، قىزىل، ياقىرىق، قىزىلـتـاغ
قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلدى ۋە يېڭىسار، ئېگىز يار، پوسكام
ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. نەتىـجىدە گـۇمىنـ
داڭنىڭ قاغىلىقتىكى قوشۇنلىرى مۇهاسىرىگە ئېلىنىپ تايانچىسىز
هالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇ هال قاغىلىققا هۇجۇم قىلىش ئىمـ
كانىيىتىنى تۇغدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنقىـلابىي قـوشـۇننىڭ
600 دىن ئارتۇق ئادىمى 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
قاغىلىق ناهىيە بازىرىغا شىددەتلىك هۇجۇم قوزغىدى. بىر روتا
ئەسكەر خوتەن تەرەپتىن كېلىدىغان يـاردەمـنى توسۇش ئۈچـۈن

قوراللىق كۈچ يۆتكەپ ئىشقا سالدى. نەتىجىدە ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ قورال - ياراقلىرى كەمچىل، ھەربىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى ئاجىز ئىدى. بۇ، مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن ئۈچۈن پايدىسىز بىر ئامىل ئىدى. يەنە بىر پايدىسىز ئامىل شۇكى، مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن قاغىلىقنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ شۆھرىتى ئاشقانلىقى ئۈچۈن، مەغرۇرلىنىش كەيپىياتى تۇغۇلدى، دۈشمەن كۈچلىرىنى تولۇق مۆلچەرلىمىدى، دۈشمەن ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخباراتلارنى يېتەرلىك توپلىمىدى، نەتىجىدە كېيىنكى جەڭلەر ئۈچۈن تەييارلىقى يېتەرسىز بولدى. بۇ ۋاقىتتا دۈشمەنلەر يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇنغا قىزغىن قاتنىشىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىشپىيون - جاسۇسلىرىنى ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىگە كىرگۈزدى. بۇ ئەبلەخلەر تۈرلۈك چارە - ئامىللار بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇن رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن دۈشمەنلەرگە ئاخبارات يەتكۈزۈپ تۇردى. شۇڭا مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن قاغىلىقنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يەكەن بىلەن يېڭىسارغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قوزغاپ، بۇ ئىككى جاينى ئازاد قىلىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، بۇ مەقسەتكە يېتەلمىدى. 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، يەنى پىلانلىغان ۋاقىتتا تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر پولكىدىن 300 دىن ئارتۇق ياش، قاۋۇل جەڭچىلەر ئاجرىتىلىپ، يەكەن شەھىرى مۇھاسىرىگە ئېلىندى. ئىسكادىرون كوماندىرى بايەك باشچىلىقىدا 60 كىشى يەكەن شەھىرىگە كىردى. ئۇلار شەھەرگە كىرىپلا دۈشمەن مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى، دۈشمەن ئۇلارغا تەرەپ - تەرەپتىن ئوق ياغ-

ئارقىلىق ئۆز سەپداشلىرى بار يەرگە يېقىنلاپ كەلگەندە، بىر
ئۆي ئىچىگە يېرىشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەنلەرنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇنغا
پىلىموت بىلەن ئوق ياغدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ - دە، دەرھال
گرانات ئېلىپ ئۆگزىگە چىقىپ تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىدىكى دۈش-
مەنلەرگە: «ھەممەڭ دەرھال قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بول،
تەسلىم بولمىساڭ ھەممەڭنى كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىمەن» دەپ
ۋارقىرايدۇ. بۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ئالاقزادە بولغان دۈش-
مەنلەر تەسلىم بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن-
نىڭ ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلىشىغا يول ئېچىلىدۇ ۋە ساق-
چى ئىدارىسى ئىشغال قىلىنىدۇ. جىددىي پەيتتە ئەقلىنى ئىشقا
سالغان بۇ باتۇر تاجىك قىزىغا ھەممەيلەن ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

قاغىلىقنىڭ ئازاد قىلىنىشى قاغىلىق، يەكەن، پوسكام ئەت-
راپىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ پۈتۈنلەي تازىلىنىشى ئىنقىلابىي قو-
شۇنغا زور ئىلھام، ئەكسىيەتچىلەرگە بولسا قاتتىق زەربە بولدى.
4 — 5 كۈن ئىچىدىلا مىللىي ئارمىيىگە نۇرغۇن ئادەملەر قاتنى-
شىپ، قوراللىق ئادەم سانى 6000 دىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ-
غا ئۇمۇتچىلار پولكى (ئۇلاردا قورال يوق ئىدى)، ئارقا سەپ،
ترانسپورت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى قوشۇپ ھېساب-
لىغاندا 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شۇڭا ئىلگىرى گومىنداڭ
قوشۇنلىرى مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇننى «بۇلاڭچىلار» دەپ قارى-
غان بولسا، ئەمدى ئۇلاردىن چۆچۈيدىغان بولدى. ئۇلار بىر تە-
رەپتىن، گومىغا قېچىپ بارغان قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاھا-
لىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى چاقتۇرۇپ، 1500 مېتىردىن ئۇزۇن ئاكوپ
قازدۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى-
نىڭ ئاقسۇ ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قوشۇنلىرىنىڭ
چېكىنگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ تاشقورغان قوشۇنلىرىنى يېقاتماق-
چى بولدى. شۇڭا ئاقسۇ ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدىن نۇرغۇن

سالدى.

دىمەك، ئىنقىلابىي قوشۇندا مەغرۇرلۇق يۈز بەرگەنچەكە ھوشيارلىقنى يوقىتىپ قويۇپ، دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئالدىنىپ قېلىپ، يەكەن ۋە يېڭىسارنى ئىشغال قىلىش كۆرىشىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چىقىم تارتتى. شۇنداق بولسىمۇ، قوشۇنلارنىڭ ئىرادىسى، خەلقنىڭ قوللىشى ئاجىزلاپ كەتمىدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بايەك، ئەنجانبايلارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، شۇ ئارقىلىق خەلققە تەھلىكە سالسىمۇ، لېكىن خەلق قورقمىدى. مەسىلەن، ئەنجانباينىڭ بېشىنى كېسىپ ئوپالدا سازايى قىلغاندا، ئايتىللا ئىسىملىك بىر ئايال ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بىز بۈگۈن ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ بېشىنى كۆرمەكتىمىز، ئۇ بىزنى ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، بەلكى سەنلەردەك غالجىر ئىتلاردىن نەچچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزى قۇربان بولدى، بىز ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ، خەلق ئۇنى ئۆمۈرۋايەت ئەسلەيدۇ» دېدى ھەمدە گومىنداڭنىڭ بىر غالچىسىغا يۈزمۇ يۈز خىتاب قىلىپ تۇرۇپ: «ئۆزۈڭگە قاراپ باققىنا، ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، سېنىڭ ھاياتىڭنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟» دەيدۇ. دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمايدىغان بۇ مەردانە ئايالنىڭ سۆزلىرى ئىنقىلابىي خەلقنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ يەكەن، يېڭىسارغا قىلغان ھۇجۇملىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تاشقورغان ئىنقىلابىنى پۈتۈنلەي ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئازاد رايونلارغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. 1945 - يىلى

دۇردى. شۇ ۋاقىتتىلا ئۇلار ئۆزلىرىگە «يول باشلىغۇچى» كىشى-
نىڭ ئىشپىيون ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سەزدى.
بايەك ئەسكەرلىرىگە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشنى بۇي-
رىدى. ئۇلار بىر كېچە قاتتىق تىركىشىش ئارقىلىق ئاران 28
كىشى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەلىدى. بايەك قوشۇلۇپ 32
كىشى قۇربان بولدى. دۈشمەنلەر بايەكنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ
يەكەن ۋە خوتەنلەردە سازايى قىلدى. شۇنداقلا گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرى ھېلىقى «يول باشلىغۇچى» — ئىشپىيون ئارقىلىق
ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىي كۈچىدىن
خەۋەر تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئەتىسى ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتتىق
ھۇجۇم قىلدى، ئىنقىلابىي قوشۇندىن 150 نەچچە ئادەم چىقىم
بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەنە يېڭىسارغا ھۇجۇم قىل-
غان ئىنقىلابىي قوشۇننى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈن 1500 دىن
ئارتۇق ئەسكىرىنى ئەۋەتتى. نەتىجىدە ئىنقىلابىي قوشۇن ئەگىس-
دىكەن يەردە دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدە قېلىپ، 100 دىن ئار-
تۇق ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ يېڭىسارنى
ئىشغال قىلىش پىلانىمۇ بىكار بولدى. ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ
ئەنجەنباي باشچىلىقىدىكى 320 نەچچە ئادىمى چەشتاغقا دە-
لەپتە ھۇجۇم قىلغاندا، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ،
ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەرگەنىدى، لېكىن دۈشمەننىڭ قەشقەر
تەرەپتىن كەلگەن ياردەمچى كۈچلىرى كۆپ بولغاچقا، ئىنقىلابىي
قوشۇن بەلگۈ تاغ تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دەل مۇشۇ
پەيتتە ئەنجانباينىڭ ئېتىغا ئوق تەگكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ دۈش-
مەن قولىغا چۈشۈپ قالدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنىڭ
كاللىسىنى كېسىپ يەكەنگە، ئاندىن كېيىن، ئوپالغا ئاپىرىپ سا-
زايى قىلدى ھەمدە: «ئەگەر كىم ھۆكۈمەت بىلەن دۈشمەنلىشى-
دىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ تەھلىكە

گەرچە سان ۋە قوراللىنىش جەھەتتە ئىنقىلابىي قوشۇندىن ئۈستۈن بولسىمۇ، لېكىن تار جىلغىدا قېلىپ، ئالدىغىمۇ ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان، ئارقىغىمۇ چېكىنەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندە پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەننىڭ 200 دىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلۈپ، 300 دىن ئارتۇق ئادىمى يارىدار بولىدۇ.

يەكەن ۋە يېڭىسارنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان قوشۇنلارمۇ شۇ ۋاقىتتىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئىچكى قىسمىدا تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىدۇ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، قورال - ياراقلىرىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن، 1946 - يىلى 6 - ئايدا يەكەن، قەشقەر، خوتەن تەرەپلەرگە يەنە ھۇجۇم قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا مىللىي ئىنقىلابنىڭ يەنە بىر قېتىملىق دولقۇنىنى قوزغىماقچى بولىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېك ئۆزى قۇشراپقا كېلىپ، 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن تاشقۇرغان ئىنقىلابىي قوشۇنى تەشكىللىك ھالدا تاشقورغانغا چېكىنىشكە باشلىدى. ئىنقىلابىي قوشۇن بىرقانچە ئاي جاپالىق كۈرەش قىلغانلىقى، تەمىنات جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتقانلىقى ئۈچۈن، تاشقورغانغا چېكىنىۋاتقان شار ئىنتتا كېزىك كېسىلى تارقىلىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تىنچلىق كېلىشىمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، يەنە بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى، بۇ جەرياندا

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گومىنداڭ 4000 دىن ئارتۇق ئەسـ
كەرىنى ئىشقا سېلىپ، قاغىلىقتىكى ئىنقىلابىي قوشۇنغا ھۇجۇم
قىلدى، گومىنداڭنىڭ قەشقەر ۋە گۇمىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىمۇ
بۇ ھۇجۇمغا ماسلاشتى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئىنقىلابىي قوشۇن
باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۈچ
سېلىشتۇرمىسىدا تەڭ كېلەلمەي كاچۇڭغا چېكىنىشكە مەجبۇر
بولدى، كاچۇڭدىمۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قوشراپقا
يۆتكەلدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق ئازاد
رايونلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى خەلق
ئاممىسى ئۈستىدىن دەھشەتلىك ھالدا قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى،
نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ «ئىشپىيونلىرى» دېگەن
بەد نام بىلەن چېپىپ تاشلىدى. ئىگىلىگەن كىشىلەرنى ئۆيلىرىـ
دىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئاكوپ كولاش ۋە باشقا ھەربىي ئەسـ
لىھەلەرنى ياساش ئەمگىكىگە سالدى، ئاكوپ قېزىش، پوتەي
سېلىش باھانىسى بىلەن ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلىپ،
كىشىلەرنى ماكانسىز قالدۇردى. بۇ ئەكسىيەتچىلەر ئىنقىلابىي
قوشۇننىڭ ئاساسىي بازىسى بولغان تاشقورغاننىمۇ ئىشغال قىلىش
ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 12 - پولكىنى ۋە ئاقسۇـ
دىن يۆتكەپ كەلگەن يەنە بىر پولكىنى تىزلۇق ئىشقا سېلىپ،
تاشقورغانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ ئارقا داۋان دېگەن يەرگە بارـ
غاندا، بۇ يەردە كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان جەڭچىلەر ئەيىرتاشقا
بېرىپ، پولك شتابىغا خەۋەر يەتكۈزدى، لەشكەر باشچىلىقىدىـ
كى تاجىك پولكى دەرھال ئارقا داۋانغا كېلىپ، شۇ يەردىكى
تار جىلغىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىدۇ. تاجىك پولـ
كىنىڭ جەڭچىلىرى جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ چوققىلىـ
رىنى ئىگىلەپ، دۈشمەنگە شىددەتلىك ئوق ياغدۇرىدۇ. دۈشمەن

سىم ئەكسىيەتچىلەر، مىللىي مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ تار سىنىپىي مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە قەشقەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئىنقىلاب جەريانىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، زور زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقار-غان بولسا، تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا كىرىۋېلىپ، داۋاملىق ھالدا خەلق بىلەن قارشىلاشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تىنچلىق كېلىشىمىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش مەسىلىسىگە پىسەنت قىلماي، ئاشۇنداق ئەكسىيەتچىلەرنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا كىرگۈزدى. ئۇلار «قانۇنىي» ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئىلغار كۈچلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى. خوجەمكەلدى دېگەن كىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپ ۋەكىلى سۈپىتىدە تاشقورغان ناھىيىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە كىرگۈزۈلۈپ، مۇئاۋىن ھاكىم قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى ۋە شىرىنبەك قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى.

1947 - يىلدىن باشلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تىنچلىق كېلىشىمىگە ئوچۇق - ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، ئىلگىرى تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئاساسلىق تايانچلارنى ۋە بىر قەدەر مەرتىۋىلىك زاتلارنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلدى، بىر قىسمىنى يوشۇرۇن ھالدا ئۆلتۈردى. گومىنداڭنىڭ ئىشپىيون- جاسۇسلىرى ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتتى، تاشقورغان ناھىيىسىدە ھەربىي ھالەت يولگۈزۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ كېچىسى يول مېڭىشى مەنئى قىلىندى. گومىنداڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھوقۇق ئىگىلىۋالغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارمۇ ھەدەپ خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلدى. گومىنداڭ خەلق ئاممىسىنى سىياسىي جەھەتتە دەھشەتلىك ھالدا بېسىپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ

پولكوۋنىڭ قادىر قۇل قاتارلىقلار قۇربان بولدى. گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇنداق يۈزسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن ئىنقىلا-
بىي قوشۇننىڭ كەڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى چېكىنىشنى توختى-
تىپ، ئەسلىدىكى پىلان بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇرۇش قى-
لىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. لېكىن ئىنقىلابىي قوشۇن قومان-
دانلىق شتابى پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى كۆزدە
تۇتۇپ، يەنىلا تىنچلىق كېلىشىمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە قەتئىي
ئەمەل قىلىپ چېكىنىشنى، پەقەت تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كەل-
گەن دۈشمەنلەرنى يوقىتىش بىلەنلا چەكلىنىشنى بۇيرىدى. شۇ-
نىڭ بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇن تاشقورغانغا قايتىپ كەتتى.

تاشقورغان ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈم-
رانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مىللىي دېمۇكراتىك ئىنقىلاب
بولۇپ، جۇڭگو يېڭى دېمۇكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بول-
غان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى. ئىنقى-
لاب باشلىنىپ تاكى 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالى-
نىپ ئىنقىلابىي قوشۇن تاشقورغانغا قايتقانغا قەدەر بولغان
مەزگىل ئىچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە
بېرىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاجىزلاشتۇ-
رۇشتا چوڭ رول ئوينىدى. 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى
ئىمزالانغاندىن كېيىن، گەرچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى نو-
مۇسسىزلىق بىلەن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
ئىنقىلابىي قوشۇن يەنىلا چوڭ ۋەزىيەتنى مۇھىم بىلىپ، كېلىشىم-
نى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، تاشقورغان ئىنقىلابىي قو-
شۇننى تارقىتىۋەتتى.

تاشقورغان ئىنقىلابى قانات يېيىۋاتقان مەزگىللەردە زور
كۆپچىلىك خەلق ئاممىسى ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلغان، مەدەت
بەرگەن ۋە بىۋاستە قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قى-

# ئالتىنچى باب

## دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى ۋە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى

### 1 - بۆلۈم دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى

زۇلمەت كېچە ئۇزۇندۇر،
لېكىن ئۇنىڭ چېكى بار.
يېرىپ زۇلمەت كۆكسىنى،
قۇياش پارلاپ نۇرچاچار.

شىنجاڭ ئازاد بولۇش ئەرپىسىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىكى زۇلمى چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب ئوقۇبىتىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايتتى، لېكىن بۇ زۇلۇمۇ ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ قالغانىدى. چۈنكى، جۇڭگو كوممۇنىس

خانىۋەيران قىلدى. باج - سېلىقلارنىڭ خىلى 20 نەچچىگە يەتتى. نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولدى. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ 1949 - يىلدىكى ئومۇمىي چارۋا سانى 1942 - يىلدىكىگە قارىغاندا، يېرىم ھەسسە ئازلاپ كەتتى، سېتىلىدىغان قوي، قوتازلارمۇ 40 پىرسەنت ئۆپچۆرىسىدە كېمەيدى. ئازادلىق ئەرپىسىگە كەلگەندە 50 پىرسەنت ئائىلىنىڭ چارۋىسى 20 گە يەتمەيدىغان، 20 پىرسەنت ئائىلىدە بىرمۇ چارۋا يوق ھالەت يۈز بەردى. دېھقانچىلىقمۇ قورال - سايمانلار يېتىشمىگەنلىكى، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، راۋاجلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يىلدىن يىلغا چېكىندى. كىشىلەر ئوزۇق - تۈلۈكسىز، كىيىم - كېچەكسىز قالدى. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن كىشىلەر يۇرتىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتتى. مەكتەپلەرنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشسىز قالدى. تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللەر تارقىلىپ، بەزى ئائىلىلەردە بىرمۇ ئادەم قالماي ئۆلۈپ كەتتى، بەزى ئادەملەر ۋاپات بولغاندا كېپەنلىك ئۈچۈن بىرەر خامۇ تېپىلمايدىغان بولدى. تاشقورغان خەلقى بۇ كۈنلەردە ئەڭ ئېغىر كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. لېكىن بۇ قاراڭغۇلۇق تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىدى. ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلابى ھەر قەدەمدە غەلىبە قىلماقتا ئىدى، ئازادلىق تېڭى ئېتىش ئالدىدا تۇراتتى.

تاشقورغانغا چىقىپ، بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى پامىر ئېگىزلىكىگە قادىدى. تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقى پامىر ئېگىزلىكىدىكى قاتتىق سوغۇققا قارىماي، تەرەپ - تەرەپتىن بىرقانچە كىلومېتىر يول مېڭىپ كېلىپ، ئۆزلىرىگە ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك ئېلىپ كەلگەن پەرزەنت قوشۇنلارنى كۈتۈۋالدى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ تيەنئەنمېن مۇنبىرىدە تۇرۇپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى. «جۇڭگو خەلقى شۇندىن ئېتىبارەن ئورنىدىن دەرس تۇردى.» جۈملىدىن تاشقورغان خەلقىمۇ ئازاب - ئوقۇبەتلىك كونا تارىخقا خاتىمە بەردى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تاشقورغانغا چىققاندىن كېيىن، ھەرقايسى چېگرا مۇداپىئە پوستلىرىغا ئورۇنلىشىپ، چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى قوغداپلا قالماستىن، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش، دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى.

1950 - يىلىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تاشقورغاندا ئۆز تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كونا ھاكىمىيەتنى بىكار قىلىش، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق يېڭى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى.

1950 - يىلى 4 - ئايدا، تاشقورغان ناھىيىسىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سايلاپ چىقىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر تۈركۈم كادىرلار

تىڭ پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئازادلىق ئۇرۇش ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلغانىدى؛ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمالغا قاراپ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشى شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىچىدە ناھايىتى زور تەۋرىنىش پەيدا قىلدى؛ شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانى تاۋسىيۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بورھان شەھىدى قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى تەرەققىپەرۋەر كۈچلەر شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى كۈتۈۋېلىش، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە بىلەن شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پائال تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. 5 - كورپۇس كوماندىرى ماچىڭشياڭ، 78 - دىۋىزىيە كوماندىرى يې چېڭ، 179 - بىرىگادا كوماندىرى لوشۇرېن قاتارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشماقچى بولۇپ، ئىلغار كۈچلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلىپ باققان بولسىمۇ، تارىخ ئېقىمىنى توسۇۋالالمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېتىم قالغانلىقىنى كۆرۈپ قېچىپ كېتىشنى قارار قىلدى. شۇڭا 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن مەمتىمىن بۇغرا، ئەيسالار تاشقورغان ئارقىلىق چەت ئەلگە قاچتى، 24 - كۈنى ماچىڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېنلارمۇ تاشقورغان ئارقىلىق چەت ئەلگە قاچتى. 25 - كۈنى تاۋسىيۇ، بورھان شەھىدىلەر مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تېلېگرامما يوللاپ، گومىنداڭ گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ، ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ برونېۋىك قىسىملىرى پولكوۋنىك خوجيەن باشچىلىقىدا ئۈرۈمچىگە كىردى، 11 - ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى قەشقەرگە كىردى، 12 - ئايدا

شىنجاڭ ئۆلكىلىك 2 ـ قېتىملىق خەلق كونفېرېنسىيىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، پارتىيىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىلغان يۇقىرىقى سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىنىپ، چارۋىدارلار ياكى بىرقەدەر كۆپرەك چارۋىسى بارلارنىڭ ئەندىشىسى تۈگىتىلىپ، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، «چارۋىدارلار بىلەن پادىچىلارغا تەڭ مەنپەئەت يەتكۈزۈش» سىياسىتى بويىچە مەلۇم تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، چارۋىدارلارنىڭ پادىچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا خاتىمە بېرىلدى.

تاشقورغاندا چارۋىدارلارنىڭ پادىچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىدا ئاساسەن ئىككى خىل شەكىل مەۋجۇت ئىدى. بىر خىل شەكلى (ئاساسىي شەكلى) پادىچى ياللاش بولۇپ، پادىچىلار ئۆز ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ، چارۋىدارلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، مەلۇم مۇددەت (ئۈچ ئاي، يېرىم يىل، بىر يىل...) ئۇنىڭ پادىسىنى باقاتتى، چارۋىدارلار ئۇنىڭ پادا بېقىش جەريانىدىكى يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە مەسئۇل بولغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا كېلىشىم بويىچە ئىش ھەققىگە ھېسابلاپ مەلۇم ساندا چارۋا، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى ۋە كىيىم ـ كېچەك بېرەتتى. پادىچى چارۋىدارغا ياللانغاندىن كېيىن، چارۋىدارنىڭ پادىسىنى بېقىشتىن سىرت، يەنە قانداق ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇنى سۆزسىز ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى.

يەنە بىر خىل ئۇسۇل ـ ئورتاقچىلىق ئۇسۇلى. بۇنىڭدا چارۋىدارلار ئۆزىنىڭ بىر قىسىم چارۋىسىنى چارۋىسى يوق ياكى ناھايىتى ئاز بولغان نامرات چارۋىچىلارغا بۆلۈپ بېرەتتى. بۇ نامرات چارۋىچىلار ئاشۇ بىر قىسىم چارۋىنى بېقىپ ئۇنىڭ سۈت ۋە يۇڭىدىن بەھرىمەن بولاتتى. بەزىدە بولسا، چارۋىدارلار شۇ يىلقى تۆل ئىچىدىن مەلۇم ساندىكى

يېزىلارغا ئەۋەتىلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىلدى.
ناھىيە ۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت بولدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتىغا نىسبەتەن بىر قاتار توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ خۇسۇسىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋا ئەڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ھېسابلىناتتى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم تۇرمۇش ۋاستىسى ھېسابلىناتتى؛ چارۋىدارلار ۋە باي چارۋىچىلارنىڭ ئاساسلىق مۈلكى چارۋا بولۇپ، شۇنىڭغا تايىنىپ چارۋىچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى؛ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىش تارقاق، قاتناش قولايسىز، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئارقىدا قالغان بولغاچقا، ئۇ يەرلەردە يەر ئىسلاھاتىدىكىدەك ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايتتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مۇشۇ ئالاھىدىلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «تەركىب ئايرىماسلىق، كۈرەش قىلماسلىق، تەقسىم قىلماسلىق»، «چارۋىدارلار بىلەن پادىچىلارغا تەڭ مەنپەئەت يەتكۈزۈش» تىن ئىبارەت تىنچ ئۆزگەرتىش سىياسىتىنى قوللاندى.
1952 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. تاشقورغان ناھىيىسىدە بولسا،

باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى قۇرۇلدى. بۇ ھەيئەتلەر يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، شۇ يېزىدىكى قاراشلىق بارلىق ئوتلاق ۋە ئومۇم ئىگىدارچىلىقىدىكى چاپىملىقلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. بۇ ھەيئەتلەر ئوتلاقلارنى تۆت پەسىلگە ئايرىپ، چارۋا يايلىتىش دائىرىسىنى بەلگىلەپ، ئوتلاق ۋە چاپىملىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىش تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ چىقتى. نەتىجىدە چارۋىدارلارنىڭ ئوتلاقلارنى خالىغانچە ئىگىلىۋېلىشىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئەمگەكچى چارۋىچىلارنىڭ ئوتلاق ۋە چاپىملىقلاردىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدا يەتكۈزۈلدى.

تاشقورغان ناھىيىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى چارۋىسى يوق ياكى بەك ئاز نامرات چارۋىچىلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تىكلەپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن قەرز پۇل، قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. ئۇلار بۇ پۇللارغا قوي سېتىۋالدى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 15 پىرسەنت ئائىلە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 دىن قويغا ئىگە بولغانىدى. ئۇنىڭ سىرتىدا، ھۆكۈمەت يەنە ئۇلارغا بىر قىسىم چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى قەرز ھېسابىدا تارقاتتى. 1953 - يىلى 1500 ئائىلىگە 1238 دانە قاپقان، گۈرجەك، ئورغاق، سوقا، چىش قاتارلىقلارنى تارقاتتى. 1954 - يىلى يەنە 2000 دانە چالغا تارقىتىپ بەردى. يەنە 421 ئائىلىگە قوشۇمچە كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قەرز پۇل تارقىتىپ بەردى.

مسنى ئۇرتاقچىغا بېرەتتى.

1952 - ۋە 1953 - يىللىرى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، پارتىيىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، چارۋىدارلارنىڭ پادىچىلارنى خالىغانچە ئۇرۇپ - تىللىشىنى ۋە خالىغانچە ئىشتىن بوشۇتىۋېتىشىنى قەتئىي مەنئى قىلدى. چارۋىدارلار بىلەن پادىچىلارنىڭ كۆپ قېتىملىق كېڭىشىشىنى تەشكىللەپ، ئىش تۈرىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە ۋە پادىچىنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىغا قاراپ، پادىچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى ئايرىدى: 1 - دەرىجىلىك پادىچىنىڭ ئىش ھەققى ئۈچ ساغلىق، ئىككى قوزا؛ 2 - دەرىجىلىك پادىچىنىڭ ئىش ھەققى ئىككى ساغلىق، ئىككى قوزا؛ 3 - دەرىجىلىك پادىچىنىڭ ئىش ھەققى ئىككى ساغلىق قىلىپ بېكىتىلدى. ئورتاقچىلار بولسا، بىر قىسىم يۈڭ - چۈپۈردىن بەھرىمەن بولغانلىقى سىرتىدا، يەنە شۇ يىللىقى تۆلنىڭ سەككىز پىرسەنتىنى ئالىدىغان بولدى، كېيىن بۇ نىسبەت 10 — 15 پىرسەنتكە ئۆستۈرۈلدى. پادىچىلار كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى داۋالىتىپ ساقايتىشقا چارۋىدار مەسئۇل بولۇش، كېسەل مەزگىلىدىكى ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قالماسلىق؛ چارۋىلار تاسادىپىي زىيانغا ئۇچرىسا، ئۇنى پادىچىدىن تۆلەتمەسلىك قاتارلىقلارمۇ بەلگىلەندى.

بۇ تەدبىرلەر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، پادىچىلار پادىنى كۆڭۈل قويۇپ باقىدىغان بولدى، نەتىجىدە چارۋىدارلارنىڭ چارۋىسىمۇ كۆپەيدى، پادىچىلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ياخشىلاندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېزىلاردا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ئوتلاق

قىسقىسى، تاشقورغان ناھىيىسىدە يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، كومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ سىياسىي زۇلمى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلىپلا قالماستىن، چارۋىدارلارنىڭ ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە خاتىمە بېرىلدى، تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەردىن مۇداپىئە كۆرۈلدى. نەتىجىدە سىياسىي جەھەتتىن ئەركىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خوجايىن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈپ، تۇرمۇشنى ياخشىلاپ، پامىر ئېگىزلىكىدە يېڭى ھاياتنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭراتتى، ئۆزلىرىنى بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە بولغان مىننەتدارلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

## 2 - بۆلۈم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىينىڭ يولغا قويۇلۇشى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمستىشنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋىتىنى تىكلەش، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكىنى پەيدىنپەي تۈگىتىپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى. 1952 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا

دۆلەت 1950 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە نامرات چارۋىچىلارغا 42 مىڭ 700 يۈەن پۇل قەرز بەردى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر ئارقىلىق نامرات چارۋىچىلارنى قەددىنى رۇسلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھۆكۈمەت يەنە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يېنىك باج سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئۆتمۈشتىكى ھەددى - ھېسابسىز باج - سېلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چارۋىچىلاردىن يىلدا بىر قېتىم باج ئېلىنىدىغان، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چارۋا قىيىغا سۇندۇرغاندا ئالتە تۇياقىقا يەتمىسە باج كەچۈرۈم قىلىنىدىغان بولدى. 1953 - يىلى بەلدىر يېزىسىدىكى 112 ئائىلە ئاران 126 يۈەن 59 پۇڭ چارۋا بېجى تاپشۇردى. ئۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئائىلىگە بىر يۈەن 13 پۇڭدىن توغرا كەلدى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يەنە سايىيارە سودا گۇرۇپپىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك تاۋارلارنى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ بېرىشنى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە سېتىۋېلىشنى يولغا قويدى؛ داۋالاش ئەترەتلىرىنى تەشكىل قىلىپ، يايلاق ۋە يېزىلارغا ئەۋەتىپ، ئۇزاقتىن بۇيان داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان چارۋىچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ كېسەللىرىنى ھەقسىز داۋالىدى، «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى بويىچە، تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان قىزىل، چېچەك ۋە كېزىك قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى كۆرۈنەرلىك ھالدا تىزگىنلەندى.

ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىن كەڭ پىكىر ئېلىندى. تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ نامى، مەمۇرىي رايون چېگرىسى، ۋەكىللەر ئىچىدە مىللەتلەرنىڭ تۇتىدىغان نىسبىتى قاتارلىق چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇشۇ مەزگىلدە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىمۇ پائال ئىشلىنىۋاتاتتى. شۇڭا مەسىلىلەر چوڭ ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتقان ھالدا مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئەسلىدە تاشقورغان ناھىيىسىگە قارايدىغان بۇلۇڭكۆل، چارلۇڭ رايونلىرىدا ئاساسەن قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، بۇ ئىككى رايوننى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئايرىپ بېرىش قارار قىلىندى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ پرىنسىپلىرى، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھوقۇقلىرى كەڭ تەشۋىق قىلىنغانلىقتىن، كەڭ ئامما پارتىيىنىڭ بۇ سىياسىتىنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ، ئاپتونومىيە قۇرۇشنى ئاكتىپ قوللىدى ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ھەسسە قوشتى، ھەر مىللەت خەلقى تولۇق كېڭىشىش ۋە غۇلغۇلا قىلىشىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقتى. ئومۇمىي سايلانغان ۋەكىل 72 بولۇپ، بۇنىڭدىن 60 نەپىرىنى، يەنى 83 پىرسەنتىنى تاجىكلار تەشكىل قىلدى.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تەييارلىقلار ئارقىلىق، 1954 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تاشقورغان ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى رەسمىي قۇرۇلدى. قۇرۇلتايدا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇش يولىدىكى تەييارلىق خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتاي ئاپتونوم ناھىيىنىڭ مەمۇرىي بۆلۈنۈشى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمە-

قويۇش پروگراممىسى» نى ئېلان قىلدى. بۇ سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى پامىر ئېگىزلىكىنى يەنە بىر قېتىم شادلىققا چۆمدۈردى.

تاشقورغان ناھىيىسىدە يېڭى ئازاد بولغان مەزگىللەردە تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق ئالتە مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 50 پىرسەنتىنى تاجىكلار تەشكىل قىلاتتى. شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ناھىيە تۆت رايونغا ئايرىلغان بولۇپ، بولۇڭكۆل، چارلۇڭ رايونلىرىدىن باشقا ئىككى رايوندا ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تاجىك ئىدى. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، تاشقورغان رايونىدىكى مىللەتلەر ئۆزئارا قېرىنداشلارچە چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە بۇنداق قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى. 1954 - يىلى 6 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن تاشقورغان ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ يۇقىرىدىكىدەك ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دىكى پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇن كەلگەنلىكى ئۈچۈن تاشقورغاندا تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇش قارار قىلىندى ھەم 21 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى. شىرىنبېك (تاجىك) ھەيئەت مۇدىرلىقىغا، جىڭ فاشياڭ (خەنزۇ)، خان سەيدىردىن (تاجىك، دىنىي زات) مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى. ھەيئەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئىدارىلەردىن 66 نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، ھەرقايسى يېزا، ئوتلاق، مال قوتانلىرىغىچە ئەۋەتىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى كەڭ تەشۋىق قىلىندى،

ئۇزاق ئۆتمۈشتە خەسۇ- خار ئىدۇق،
تەڭلىك- ھۆرلۈككە شۇنچە زار ئىدۇق.
قۇچاق ئاچتى بۇ ھۆر- ئازاد دەۋران،
ھەممە مىللەت تەڭ بەختىيار بولدۇق.

تەبرىكلەش يىغىنى ئاخىرىدا رەئىس ماۋزېدۇڭغا، باش قوماندان جۇدېغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سابىق شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىغا ۋە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ھۆرمەت تېلېگراممىسى يوللاشنى قارار قىلدى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان 33 يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت شەكىللەندى؛ بۇ 33 يىل تاجىك خەلقى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ، بىرلىكتە ئالغا باسقان 33 يىل بولدى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا زەپەر قۇچۇپ ئىلگىرىلىگەن 33 يىل بولدى.

(1) زور بىر تۈركۈم تاجىك كادىرلار يېتىشتۈرۈلۈپ، كادىرلارنىڭ مىللىيلىشىشى ئەمەلگە ئاشتى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاجىك خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلدى. 1954 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە ئاپتونوم ناھىيىدە جەمئىي ئالتە قېتىم خەلق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى، ھەر قېتىملىق قۇرۇلتايغا قاتناشقان تاجىك ۋەكىللىرى ئومۇمىي ۋەكىل سانىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن يۇقىرى بولدى؛ 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل-

شىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ نىسبىتى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ نامى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تولۇق مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ قارار چىقاردى. ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ نامى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى» دەپ ئاتالدى.

قۇرۇلتاي تولۇق كېڭىشىش ئارقىلىق ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، شىرىنبېك (تاجىك) ھاكىملىققا، رېن شېنجا (خەنزۇ) مۇئاۋىن ھاكىملىققا، زۇلال (تاجىك) باشلىق 19 كىشى ھەيئەت ئەزالىققا سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاجىك خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1954 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا داغدۇغىلىق ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى قىزغىن تەبرىكلەندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بيۇروسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ھەمدە قېرىنداش مىللەتلەر ۋەكىل ئەۋەتىپ، تاجىك خەلقىنىڭ بۇ شانلىق بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

كىشىلەرنىڭ تەبرىكلەش يىغىنىدىكى يۈرەك سۆزلىرىنى مۇنداق ئىككى كۇپلېت شېئىرغا مۇجەسسەملىگىلى بولىدۇ:

نۇر چاچتى قۇياش پامىر ئۈستىگە،
خەلقىم شادىمان چېھرىدە كۈلكە.
چۈنكى يۇرتۇمنىڭ تويىدۇر بۈگۈن،
شۇڭا يايرايدۇ خۇشال تەنتەنە.

ئىلگىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلق ئاممىسىنى نادانلىقتا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت جاھالەتلىك سىياسىتى تۈپەيلىدىن، تاجىك خەلقى ئىچىدە، قايسىلا جەھەتتىن بولمىسۇن، تەربىيە ئالغان ئىختىساسلىق خادىملار يوق دېگۈدەك ئىدى. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تاجىك كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. دېھقان - چارۋىچىلار ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ياشلارنى تاللاپ كادىرلىققا ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، ئۇلارنى ناھىيىدىن تارتىپ مەركەزگىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار مەكتەپلىرى ۋە باشقا كەسپىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. شۇڭا 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، تاجىك كادىرلارنىڭ سانى زور مىقداردا ئېشىپلا قالماستىن، سۈپىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1953 - يىلدىكى 44 نەپەر تاجىك كادىر ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگىلىرى 28 ئىدى. ھازىر بار بولغان 617 نەپەر كادىر ئىچىدە ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگىلىرى 43 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگىلىرى 180 نەپەر، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگىلىرى 291 نەپەر، بۇ كادىرلاردىن تۈرلۈك تېخنىك ئۇنۋانى ئالغانلار 18 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر دەرىجىلىكى بىر نەپەر.

ھازىر بۇ كادىرلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلماقتا.

ئەلۋەتتە، تاجىك كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولىمۇ تۈپتۈز بولغىنى يوق. 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» ۋە «ئوڭچىلىققا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى جەريانىدا، چېكىدىن ئاشقان

تىيىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ھەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا تاجىك ۋەكىلىمۇ قاتنىشىپ، مەملىكەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا تاجىك ۋەكىللىرى قاتنىشىپلا قالماستىن، 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا تاجىكلاردىن دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاندى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاجىك كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 1953 - يىلى تاشقورغاندا تاجىك كادىرلاردىن ئاران 44 كادىر بولۇپ، بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلەر ئالتە كىشى ئىدى، 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تاجىك كادىرلار 729 غا يەتتى، بۇنىڭدىن 103 كىشى بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ۋەزىپە ئۆتىمەكتە. ناھىيە بويىچە بۆلۈمدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار 167 نەپەر بولۇپ، تاجىكلار 67 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيىنىڭ ھاكىملىقى، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ تاجىك كادىرلىرى ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بەش نەپەر مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئىچىدە ئۈچ نەپىرى تاجىك.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان تاجىك كادىرلار ئۆز جايىنىڭ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تىرىشىپ ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆزلىرىنىڭ تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

«چەت ئەلگە باغلىنىش گۇرۇھى» ئەنزىسى ئاپتونوم ناھىيىدىكى نۇرغۇن پېشقەدەم رەھبىرىي كادىرلارغا چېتىلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە كادىرلار سىياسىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئۇزۇن يىللىق بالايىئاپەت جەريانىدا پەيدا قىلىنغان ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسى ئاقلاندى؛ «چەت ئەلگە باغلىنىش گۇرۇھى» ئەنزىسى ۋە «چەت ئەلگە قېچىش گۇرۇھى» ئەنزىسىگە چېتىلىپ، ناھەق كۈرەش قىلىنغانلار ئاقلاندى، ئۇلاردىن خىزمەت قىلىش قابىلىيىتى بارلارغا يېڭىباشتىن خىزمەت تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، بەزىلەرنىڭ ئەسلىدىكى خىزمەت ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغانلار بولسا، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىقىرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى تۇرمۇشى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاجىك كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى، بولۇپمۇ تاجىك كادىرلاردىن پارتىيىگە كۆپلەپ قوبۇل قىلىندى. ئالدىنقى بابلىرىمىزدا سۆزلەنگىنىدەك، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1938 - يىلىلا خۇجيەن ۋە شۆلياڭ يولداشلارنى تاشقورغانغا ئەۋەتىپ، بۇ يەردە ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچقانىدى، ئۇلار «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» تەشكىللەپ، تاجىك خەلقى ئىچىدىكى ئىلغار زاتلارنى ئۇنىڭغا تارتقانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە تاشقورغان ناھىيىسىدە دەرھال ئۆز تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، تاجىك خەلقى ئىچىدىكى ئىلغارلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. ھازىر ئاپتونوم ناھىيە بويىچە

«سول» چەپ لۇشيەنىنىڭ تۈپەيلىدىن، نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى، جۈملىدىن تاجىك كادىرلار ئېغىر زەربىگە
ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يولى-
دىكى بىر قىسىم توغرا پىكىر، تەلەپلىرى «يەرلىك مىللەتچى-
لىك» ۋە «ئوڭچىللىق» دەپ تەنقىد قىلىندى، بولۇپمۇ بالايى-
ئاپەتلىك ئون يىل جەريانىدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى پۈ-
تۈنلەي بىكار قىلىندى، ھەتتا پۈتكۈل سوتسىيالىزم دەۋرىدە
مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللەپ راۋاجلىنىش نەزەرىيىسىمۇ «شيۇ-
جېڭجۇيىلىق»، «تەسلىمچىلىك» نەزەرىيىسى دەپ ئىنكار قىلىنىپ،
يەنە بىر تۈركۈم مىللىي كادىرلارنىڭ ئەدىبى بېرىلدى، بولۇپمۇ
تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەم مۇنەۋۋەر مىللىي كا-
دىرلار تېخىمۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچى-
لىكى «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇر»،
«چەت ئەلگە قېچىش گۇرۇھى»، «خائىن»، «ئىشپىيون» دېگەن-
دەك بەدناملار بىلەن رەھىمسىز كۈرەش قىلىندى. «تاشقورغان
ئىنقىلابى» يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، تاشقورغان رايونىدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆ-
كۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىن-
قىلابى ئىدى. بۇ ئىنقىلاب شۇ ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بى ۋە ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ
ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ياردىمىگە ۋە مەدەت بېرىشىگە ئىگە
بولغانىدى، تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم
سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ پاناھلانغانىدى. لېكىن «مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇلارنىڭ بۇ شانلىق ئىنقىلابىي تارى-
خى ئۆزلىرىنىڭ زەربىگە ئۇچرىشىنىڭ «تارىخىي پاكىتى» بولۇپ
قالدى. تاشقورغان ناھىيىسىدە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئاتالمىش

ئاياللىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەربىيىسى ئاستىدا ئۆتمۈشتىكى قۇللۇق ۋە نادانلىق ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇن ۋە ھوقۇققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تۈرلۈك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا «يېرىم دۇنيا» لىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرماقتا. ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغاندا، ئاران ئۈچ نەپەرلا تاجىك ئايال ئىشچى-خىزمەتچى بار ئىدى، ھازىر 117 گە يېتىپ، بارلىق تاجىك ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 16 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھازىر تاجىك ئاياللاردىن بىر نەپىرى ئاھىيە دەرىجىلىك، ئۈچ نەپىرى بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتىمەكتە.

ئۆتمۈشتە ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن چىقالماي، ئۆمرىنى ئوچاق بېشىدا ئۆتكۈزىدىغان تاجىك ئاياللىرى بۈگۈنكى كۈندە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆرەلەيدىغان، ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇرالايدىغان بولدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان تاجىك ئاياللىرىدىن 13 نەپىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىپ ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتلىك ئىلغارلار يىغىنلىرىغا قاتناشتى ۋە ئېكسكۇرسىيە پائالىيەتلىرىدە بولدى.

## 3 - بۆلۈم مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت خاتىرجەم بولدى

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىكى زاتلارنى تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1955 - يىلى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، ھەر-

ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تاجىك پارتىيە ئەزاسى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئاپتونوم ناھىيە بويىچە پارتىيە ئىچىدە ياچېيكا شۇجىسىدىن يۇقىرى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلاردىن تاجىكلار 70% نى تەشكىل قىلىدۇ.

پارتىيىمىز تاجىك مىللىتىنىڭ سىياسىي ئورنىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 9 - قۇرۇلتىيىدىن تارتىپ 12 - قۇرۇلتىيىغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغىچە تاجىك پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ سىياسىي ئىشلىرىنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم ناھىيىدە تۈرلۈك ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيىتىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. 1952 - يىلى تاشقورغان ناھىيىسىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىلاتلىرى قۇرۇلغانىدى. 1954 - يىلى ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغاندا، ئىتتىپاق ئەزالىرى ياشلار ئومۇمىي سانىنىڭ ئاران تۆت پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى. ھازىر ئاپتونوم ناھىيە بويىچە ئىتتىپاق ئەزاسى ياشلار ئومۇمىي سانىنىڭ 31 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت ياشلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى تۈرلۈك توسالغۇلارنى يېڭىپ، پارتىيە كۆرسەتكەن نىشاننى بويلاپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىپ، ئۆزلىرىنىڭ زەربىدارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلىمەكتە.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم ناھىيىدىكى تاجىك

لەندۈرۈلگەندى، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد سىياسىتى «تەسلىمچىلىك» دەپ تەنقىد قىلىنىپ، دىندارلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى چەكلەندى، ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزىدىغان سورۇنلىرى — «جامائەتخانە» لەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چېقىۋېتىلىپ، توپىسى يەرگە ئوغۇت قىلىندى ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئاتا - بوۋا، ئۇرۇق - ئەۋلادىنىڭ قەبرە - گۈمبەزلىرىمۇ چېقىۋېتىلىپ توپىسى ئوغۇت قىلىندى، دىندارلارنىڭ ئۆزى بولسا «ئەكسىيەتچى دىنىي زات» قىلىنىپ، كۆرەشكە تارتىلدى. لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گورۇھ» زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان ئاپەتلىك يىللاردا، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، تاجىك خەلقىنىڭ بارلىق مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى «تۆت كونا» ھېسابلاندى، ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا سۆزلىشىشى، ئۆزىگە خاس مىللىي كىيىملىرىنى كىيىشى «گۇناھ» ھېسابلاندى، ئاياللىرى چاچلىرىنى كەستۈرۈپ، قىسقا كىيىم كىيىشكە مەجبۇر قىلىندى.

«تۆت كىشىلىك گورۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستى» يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا «ئەكسىيەتچى دىنىي زات»، «ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزلۇقى» قىلىپ قويۇلغانلار ئاقلاندى، ئۇلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشىگە رۇخسەت قىلىندى، «جامائەتخانە» لەر رېمونت قىلىنىپ ياكى يېڭىدىن سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كوممۇنىزملىق دۇنيا قاراش ھەققىدىكى تەربىيە كۈچەيتىلىپ، خەلقنى زەھەرلەيدىغان خۇراپىي ھەرىكەتلەر چەكلەندى.

30 يىلدىن بۇيان پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «ئاساسىي قانۇن» دىكى «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى

قايسى مىللەتنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى زاتلىرىدىن 31 كىشى قاتناشتى. شۇنىڭدىن ئىتىبارەن ھەر قېتىملىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندا، سىياسىي كېڭەش يىغىنىمۇ چاقىرىلىپ، ناھىيىنىڭ ھەر ساھەدىكى ئىشلىرىدا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتچىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلدى. ھۆكۈمىتىمىز ئۇيۇشتۇرغان ئاز سانلىق مىللەت ۋە دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىگە تاجىكلار-دىنمۇ ۋەكىل قاتناشتۇرۇلۇپ، ئېلىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالى-رى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەرەققىياتلىرى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كې-ڭەش يىغىنلىرىغىمۇ تاجىك ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلدى.

يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر نەتىجىسىدە مىللىي، دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، پارتىيىمىزگە زىچ ھەمكارلاشتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى، خەلق ئام-مىسىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا يەتكۈزۈپ، ناھىيىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قا-رىتا پايدىلىق تەكلىپلەرنى بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇنچە كىشىلەر ئۆتمۈشتىكى خەلقنى ئېزىدىغان ئەزگۈچى سىنىپ-تىن ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندى. بەزى ئەمگەك قىلىش قابىلىيىتىدىن قالغان، تۇرمۇ-شىدا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولغان مىللىي ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت غەمخورلۇق قىلىپ، تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىلى خا-تىرجەم ئۆتكۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى بويىچە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان دىندارلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى كاپالەت-

رار قىلىندى. قۇربان ھېيت، روزى ھېيت، بارات ھېيت ۋە سۇ باشلاش ھېيتى قاتارلىقلارمۇ خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈلمەكتە. بۇنداق ھېيت - بايراملاردا سېدا ئورۇنلىرى تاجىك خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئالاھىدە بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەپ، خەلقنى تېخىمۇ رازى قىلماقتا. مۇشۇنداق قىلىش نەتىجىسىدە، ئىناق، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت بارغانسېرى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. يولداش ماۋزېدۇڭ خېلى بۇرۇنلا: «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى» دېگەنىدى. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇرۇشلۇق تاجىك، قىرغىز ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقلىرى ئۇزاق مۇددەت بىرگە ياشاپ، ۋەتەن چېگرىسىنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلارغا ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش جەريانىدا ئۆزئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى، لېكىن تارىختىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە تاجىك مىللىتى ئىچىدىكى ئەزگۈچى سىنىپلار ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، ھەدەپ مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە مىللىي ماجرا پەيدا قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناق، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق سالدى، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. 1949 - يىلى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھەربىيلىرىنىڭ بىر قېتىملىق ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىدە تاجىك خەلقى بىلەن قىرغىز خەلقى ئوتتۇرىسىغا بۇزغۇنچىلىك سېلىپ، قانلىق ۋەقە پەيدا قىلغانلىقى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيىنىڭ توغرا مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق باراۋەرلىك ئاساسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋىتى كۈن-

قوللىنىش، ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە»
دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مىللىي شەكىل ۋە مىللىي ئۆرپ-
ئادەتكە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلدى. تاجىك خەلقىنىڭ بىرمۇنچە
ئېسىل ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى، مەسىلەن، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش،
پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىغا، كىچىكلەر چوڭلارغا[1] ھۆرمەت قىلىش،
كىشىلەرگە سەمىمىي-سادىق بولۇش، يالغان سۆزلىمەسلىك،
مېھماندوستلۇق قاتارلىقلار تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ئېغىر
تويلۇق سېلىش قاتارلىق خۇراپىي ئادەتلەر بولسا تاجىك خەل-
قىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ،
تەدرىجىي ھالدا ئۆزلۈكىدىن يوقالدى؛ ئاتا-ئانىلارنىڭ نىكاھ
ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ياشلارنىڭ نىكاھتا
ئەركىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى؛ توي-مەرىكە جەريانى-
دىكى تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى يەنىلا داۋاملاشتۇ-
رۇلدى. ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدىمۇ خۇراپىي ئادەتلەر بىكار قى-
لىنغاندىن تاشقىرى، ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى داۋام قىلىپ كېلى-
ۋاتقان بىرەر ئادەم مۇسىبەتكە يولۇققاندا ھەممە ئادەملەر كې-
لىپ تەسەللى بېرىش، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەم بېرىش-
تەك ئېسىل ئادەتلەر يەنە داۋاملاشتۇرۇلدى.

ئەلۋەتتە خەلق ئىچىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا[1] ئۇزاق
بولغان كونا ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈندىلا ئۆزگەرتىۋې-
تىشكە ئۇرۇنۇش تولىمۇ نادانلىق بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزگىرىشى-
ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېرەك.

1980-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم
ناھىيىلىك 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا، تاجىكلارنىڭ
«شاۋگۇن باھار» ھېيتى تاجىك خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى
بايرىمى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى، ھەر يىلى مۇشۇ بايرامدا
تاجىك ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىككى كۈن قويۇپ بېرىش قا-

كەلە، ئاھالىسى ئاز بولۇپ، ئاھالىلەر تارقاق ئورۇنلاشقان بولغاچقا، شۇنداقلا كۆپ قىسمى چېگرا بويلاپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئۇلار داۋالىنىش ۋە باشقا جەھەتلەردە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىدۇ. بولۇپمۇ قار ياغقان، جۇدۇن - چاپقۇن بولغان كۈنلەردە قاتناش توسۇلۇپ قېلىپ، ئاھالىلەرنى ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش قىيىن بولىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى خەلق ئاممىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى زادىلا ئەستىن چىقارمىدى. 1957 - يىلى يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئېغىر جۇدۇندا تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار 200 مىڭ جىڭ ئوت - چۆپنى تاجىك چارۋىچىلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بەردى، 50 مىڭ جىڭ ئوت - چۆپ قەرز بەردى، شۇنداق قىلىپ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بەردى. ناھىيىدە ھەرقانداق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلسا، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىماي ياردەم بېرىپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇلار كۆپ قېتىم داۋالاش دۈيلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تاجىك خەلقىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى داۋالاپ، ئۆلۈم گىرداۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. بۇ ھەقتىكى تەسىرلىك ۋەقەلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا تاجىك خەلقى تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى ئۆز پەرزەنتلىرىدىنمۇ ئەلا بىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەملىشىدۇ.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە جەمئىيەت تەرتىپى تىنچ بولدى، خەلق خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدى. «يول بويىدىكى نەرسىنى ئالماسلىق»، «كېچىسى ئىشىك قاقماسلىق» ئەسلىدىلا تاجىك خەلقىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ئىدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك قانۇن ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ھۆ-

دىن - كۆنگە كۈچەيدى ۋە مۇستەھكەملەندى. 30 نەچچە يىلـ
دىن بۇيان يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە باشـ
قا مىللەتتىن كېلىپ چىققان زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خا-
دىملارنى يۆتكەپ بەردى، ئۇلار ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تۈرلۈك
قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئاكتىپ رول ئويناپلا قالماي، بەلكى تاجىك
كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردىمۇ تۈرغۈن ئەمگەك سىڭـ
دۈردى. بولۇپمۇ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تاشقور-
غانغا كەلگەن پېشقەدەم كادىرلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ
بىباھا گۆھەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر مىلـ
لەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئۆچمەس
ئۆلگە تىكلەپ بەردى. مەسىلەن، لى جىڭخەي 1950 - يىلى
تاشقورغانغا كېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، رايكوم شۇجىسى،
ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە
بولغانىدى. ئۇ تاشقورغاندىكى تاجىك خەلقى ئىچىدە يۇقىرى
ئابروي ۋە ھۆرمەتكە ئىگە. ئۇ، تاشقورغانغا كەلگەندىن كېيىن،
تاجىك خەلقى بىلەن ھەممەپەس بولۇپ، جان - دىلى بىلەن
تاجىك خەلقى ئۈچۈن ئىشلىدى، بولۇپمۇ تاجىك كادىرلىرىنى
تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. شۇڭا
تاجىك خەلقى ھازىرمۇ ئۇنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ.

ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئار-
مىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى.
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى
بىر تەرەپتىن چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداپ، خەلقنىڭ تىنچ-
ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپـ
تىن، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم
بېرىپ غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. تاشقورغاننىڭ يېرى

بىرى. شۇڭا، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى كۆپ قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زۆرۈر بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئىچىدە مەركەز ئەۋەتكەنلىرىمۇ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت ئەۋەتكەنلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ سىرتىدا، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئىنماۋ، ئىسمايىل ئەمەت، تۆمۈر داۋامەت ۋە باشقا يولداشلار ئاپتونوم ناھىيىگە كۆپ قېتىم كېلىپ، يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش جەھەتتە نۇرغۇن مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى ۋە بىرمۇنچە ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلدى. ھەر ئون يىلدا ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە مەركەزدىن تارتىپ ۋىلايەتكىچە بولغان رەھبىرىي ئورگانلار ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تويىنى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى يەنىمۇ قوزغىتىپ، ئۇلارنىڭ چېگرا رايوننى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش ئاكتىپلىقىغا زور ئىلھام بولدى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارمۇ كەسپىي - تېخنىك خادىملاردىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتە زور قىممەتكە ئىگە بولغان تەكلىپ لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بەزى ئىنژېنېر - تېخنىك خادىملار ئاپتونوم ناھىيىدە ئېلىپ بېرىلغان

كومەتىنىڭ قانۇن - تۈزۈم، ئەمر - پەرمانلىرى كەڭ تەشۋىق قىلىندى، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆزقارىشى كۈچەيتىلدى، خەلق ئاممىسى، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش جەريانىدا، سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىغا زىچ ماسلىشىپ، ئەنزە پاش قىلىدىغان بولدى.

## 4 - بۆلۈم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى

ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە — ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، نۇرغۇن ياردەملەرنى بەردى. بۇ ناھىيە چەت چېگرىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋاسى سوغۇق تاغلىق رايون بولغاچقا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشى مۇقەررەر ئىدى. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى، تېخنىكا ۋە ئادەم كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردىن زور ياردەملەرنى بېرىش پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تېخىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ

سەممىي غەمخورلۇقىدا قولغا كەلدى. ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھەر بىر مۇۋەپپەقىيىتىدە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تاجىك خەلقىغە كۆرسەتكەن مېھرى - شەپقىتى چاقناپ تۇرىدۇ. شۇڭا پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاجىك خەلقى پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ ھەقىقەتەن توغرا، ئۇلۇغ سىياسەت ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ قايىل بولماقتا.

ئۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى بىۋاسىتە لايىھىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئاپتونوم ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، ئاشۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ تېزرەك پۈتۈپ ئىشقا كىرىشىشىگە ئەمەلىي تۆھپىلەرنى قوشتى. يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە ئورۇنلىرى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم ناھىيىنىڭ مالىيىسىگە 5 مىليون يۈەن قوشۇپ بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە ھەر يىلى 80 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ، ئاپتونوم ناھىيىدىكى نامرات، قىيىنچىلىقى بار دېھقان چارۋىچىلارنى قۇتقۇزدى؛ پۈتۈن ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە نىسبەتەن ھەقسىز مائارىپنى يولغا قويدى؛ نۇرغۇن كەمبەغەل نامرات چارۋىچى ۋە دېھقانلارنى ھەقسىز داۋالىدى. ئۇنىڭ سىرتىدا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە — ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەرمىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرار جاي شارائىتىنى ياخشىلىدى؛ ئىش ھەققى تەمىناتىنى تەدرىجىي ئۆستۈردى؛ ئېگىزلىكتە ئۇزان مۇددەت ئىشلىگەنلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا ئېگىزلىك ھاۋا ياردەم پۇلى قوشقاندىن تاشقىرى، يەنە مۇۋاپىق دەم ئېلىش تۈزۈمىنىمۇ يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، بولۇپمۇ سىرتتىن كەلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تاشقورغاندا خاتىرجەم ئىشلەپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىلدى.

قىسقىسى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا تازا باب كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەرلەردە ئولتۇرۇشلۇق تاجىك، قىرغىز ۋە باشقا مىللەتلەر قەدىمدىن تارتىپلا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ئۇلار بۇ جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە. لېكىن ئۆتمۈشتىكى كونا جەمئىيەتتە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار دەھشەتلىك ھالدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن، تاشقورغاننىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى گۇمران بولۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە پۈتۈن ناھىيىنىڭ 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق كەڭ زېمىنىدا ئاران 27 مىڭ تۇياق چارۋا قېلىپ، كىشى بېشىغا پەقەت ئۈچ تۇياقتىنلا توغرا كېلەتتى، 20 پىرسەنت ئۆيچۈر-سىدىكى نامرات چارۋىچىلاردا چارۋا زادىلا قالمىغانىدى. چار-ۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قورالىمۇ پەقەت «بىر تال ھاسا تا-ياق» تىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بەكمۇ قالاق ئىدى.

تاشقورغاننىڭ چارۋىچىلىقىدا ئوتلاق چارۋىچىلىقى ئاسا-سىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئوتلاقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئېگىز-لىكتە بولۇپ، قورغاق باياۋان ئوتلاق تىپىغا كىرىدۇ، بۇ خىل ئوتلاقلار ئاپتونوم ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ ئوتلاقلار دېڭىز يۈزىدىن 3000 — 4700 مېتر ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئاساسلىقى قوي، ئۆچكە، قوتازلارنى بېقىشقا باب كېلىدۇ. بۇ ئوتلاقلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى شا-لاڭ ھەم پەس بولۇپ، تەبىئىي تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئەڭ ئېگىز جايلىرى قار - مۇزلۇق تاغ چوققىلىرىغىچە بارسا، ئەڭ تۆۋەن جايلىرى دەريا ئېقىنلىرى ۋە ساي جىلغىلىرىغىچە تۇتىشىدۇ. دەريا بويىدىكى ساي - جىلغىلاردا يېپىنچا ئۆسۈم-لۈكلىرى بىر قەدەر قېلىنراق بولغان ئاز مىقداردىكى چاپىملىقلار بار. بۇ چاپىملىقلاردىن چېپىلىدىغان ئوت - چۆپ بىلەن تېنى

# يەتتىنچى باب

## سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى

ئازادلىقتىن كېيىن، بىرلىۋېلىك ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغان 33 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى قۇرۇلۇشى گەرچە ئەگرى - توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

### 1 - بۆلۈم چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى

#### 1 . چارۋىچىلىق

(1) ئازادلىقتىن بۇرۇنقى چارۋىچىلىق ئەھۋالى

تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ يەرلەر

دۇمباش ئوتلىقى ۋە باشقىلار) بىلەن تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان كەنتلەرنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ كۆپ ئىدى.

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، قۇرال - سايمانلىرىنىڭ قالاقلىقى تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، چارۋىچىلارنىڭ ئۆزئۇقلىنىشىغىمۇ يەتمەيتتى. چارۋىلارنى كۆپلەپ يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ناھىيىدە تەبىئىي ئوتلاقلاردا يايلىتىپ ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدىغان قوي، ئۆچكە، قوتاز قاتارلىق چارۋىلارنىڭ كۆپ بولۇشى، كالا، توگە، ئات، ئېشەك قاتارلىق چارۋىلارنىڭ كەم بولۇشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئېگىز تاغلىق ئوتلاقلاردا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شالاڭ بولۇشى، ئوتلاقلارنىڭ تارقاق ئورۇنلىشىشى چارۋا پادىلىرىنىڭ كىچىكرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى، ئادەتتە قوي، ئۆچكە پادىلىرى 150، قوتاز پادىسى 70 — 80 ئەتراپىدا بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە چارۋىلارنى سەمرىتىش تەس بولۇپلا قالماستىن، قىش - ئەتىيازدىن ئۆتكۈزۈش، تۆل ئېلىش ۋە قاتارغا قوشۇشمۇ تەس بولاتتى.

تاشقورغاننىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى جەھەتتىكى تەبىئىي شەرت شارائىتىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتىنى يازلىق ئوتلاقلارنىڭ كۆپ، قىشلاق، كۆكلەم ۋە كۈزلۈكلەرنىڭ كەم بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىشلاق ۋە كۆكلەملەرنىڭ ھەممىسى كۈنگەي ۋە پەس جىلغىلارغا جايلاشقان، بۇ جايلارنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل - يېغىن ئاز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى تېز بولۇپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تېخىمۇ ئاز ۋە شالاڭ . چارۋىلارنىڭ تاۋار ئۇنۇمى تۆۋەن، چۈنكى، چەت — يىراق جايلاردىكى چارۋىچىلار يىل بويى

ئاجىز بولغان چارۋىلار ۋە بىر قىسىم تۆللەر قىش ۋە ئەتىيازدا بېقىلىدۇ. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سامان ۋە پالاڭلىرىمۇ چەكلىك بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئات، تۆگە، كالا، ئېشەك قاتارلىقلارنىڭ قىشلىق يەم - خەشىكى قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقىنىڭ پەقەت تەبىئىي ئوتلاقلارغىلا تايىنىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن.

تاشقورغاندا ئىلگىرى مال بېردايدىغان ئادەت يوق دېيەرلىك ئىدى، چارۋىچىلار ئۆزىمۇ قوي بوردىماي ئوتلاقلاردا سەمىرىگەن چارۋىلارنى سوقۇم قىلاتتى، بۇنداق قىلىشنى چارۋىچىلارنىڭ دائىم كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈشى ۋە دائىم ئالدىراش بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چۈنكى چارۋىچىلار ئوتلاق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يازدا ئېگىز تاغلاردىكى ۋە تەسكەي تەرەپتىكى ئوتلاقلارغا كۆچسە، قىشتا پەس جىلغىلاردىكى ياكى كۈنگەي تەرەپتىكى ئوتلاقلارغا كۆچۈپ چارۋا باقاتتى. ئېگىزلىكلەردىكى ئوتلاقلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى شالاڭ، ئوت - چۆپ زاپىسى كەمچىل بولغاچقا، چارۋىلارنىڭ تېنى ئومۇمەن بىر قەدەر ئاجىز بولۇپ، تەبىئىي ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىمۇ تۆۋەن ئىدى. بولۇپمۇ قىش ۋە ئەتىيازدا چارۋا ماللار ئورۇقلاپ كەتكەن چاغلاردا قار - شىۋىرغان ئاپىتى يۈز بەرسە چارۋا ماللار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كېتەتتى. ئۆتمۈشتىكى يەككە ئىگىلىك — ئۆزىنى - ئۆزى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى ناتۇرال ئىگىلىك بولغاچقا، چارۋىچىلار ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىق مەسىلىسىنىمۇ پەقەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا، چارۋىچىلار چارۋا بېقىش بىلەنلا قالماي، يەنە تېرىقچىلىق قىلىشقىمۇ مەجبۇر ئىدى. بۇنداق ئەھۋال كىشىلەردىن كۆپ دەرىجىدە ئەمگەك قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسلىق ئوتلاقلار (مەسىلەن، تاغ-

دۇرۇشقا ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەردى. نەتىجىدە بۇ ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى. 1949 - يىلى ناھىيەبويىچە ئارانلا 27 مىڭ 600 تۇياق چارۋا مال بولغان بولسا، 1950 - يىلغا كەلگەندە 30 مىڭ 895 تۇياققا، 1954 - يىلغا كەلگەندە بولسا، 71 مىڭ ئۈچ تۇياققا يېتىپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە قارىغاندا 2.64 ھەسسە ئاشتى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلارنىڭ، بولۇپمۇ نامرات چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كەڭ چارۋىچىلارنى تەشكىللەپ ئوتلاق ۋە ئېغىل - قوتان قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى، شۇنداقلا يېزا - كەنتلەردە ئوتلاق باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى تەسىس قىلىپ، ئوتلاقلاردىن پىلانلىق پايدىلىنىشنى يولغا قويدى. شۇنداقلا چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ناھىيە، رايون ۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى دەرىجىمۇ دەرىجە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش يىغىنلىرىنى ئېچىپ تۇردى. 1958 - يىلى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەت ھازىرلاندى. شۇڭا، 1966 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدا قوتاندا ساقلىنىپ قالغان چارۋىلارنىڭ تۇياق سانى 128 مىڭ 489 غا يېتىپ، 1954 - يىلدىكىگە قارىغاندا 81 پىرسەنتكە يېقىن ئاشتى، دېمەك، شۇ يىلى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقىدا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

1966 - يىلدىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ

ئۆز چارۋىلىرىنى سېتىپ پۇل قىلالمايتتى. نەتىجىدە يازلىق ئوت-
لاقلاردا ئاۋۇغان ۋە سەمرىگەن چارۋىلار قىشلاق ۋە كۆكلەملەرگە
سىغماي، ئوت چۆپ يېتىشمەي، ئېتىيازدا كۆپرەك ئۆلۈپ كېتەت-
تى. ئۆتمۈشتە بۇ خىل شەرت - شارائىتنى ئۆزگەرتىش يولىدا
تەدبىر قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چارۋىچىلار تەبىئەتنىڭ
«شاپائىتى» گىلا موھتاج ئىدى. چارۋىلىرى زىيانغا ئۇچرىسا
«ئاللا» نىڭ ئۆزلىرىگە كەلتۈرگەن بالايى - ئاپىتى دەپ
بىلىپ، بۇنداق بالايى - ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، پەقەت
«تائەت - ئىبادەت» لا قىلاتتى، خالاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەك-
سىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك سىياسىي زۇلمى،
ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدار، بەگلەرنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس
ئالۋاڭ - سېلىقلىرى تاشقورغان چارۋىچىلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى
ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى.

### (2) ئازادلىقتىن كېيىن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

ئازادلىقتىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈ-
مەتلىرى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى
باشقا جايلارغا ئوخشاشلا، چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى
زور ئەھمىيەت بەردى. چارۋىسى يوق ياكى ناھايىتى ئاز نام-
رات چارۋىچىلارغا «چارۋىچىلىق قەرز پۇلى» ياكى «ئىجتىمائىي
قۇتقۇزۇش پۇلى» بېرىش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە يار يۆلەك بولدى،
شۇنداقلا كەڭ چارۋىچىلارنى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كې-
رەكلىك قورال سايمانلار بىلەن تەمىنلەپ ئىگىلىكىنى راۋاجلان-

يېتىپ، 1969 - يىلغا قارىغاندا 40 مىڭ 751 تۇياق ئېشىپلا قالماستىن، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1966 - يىلدىكىدىن 9308 تۇياق ئاشتى.

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ 30 نەچچە يىللىق چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك:

| يىللار | ئومۇمىي سانى | قوي | ئۆچكە | كالا | قوتاز | تۆگە | ئات | ئېشەك |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 27543 | 13166 | 6431 | 6226 | | 165 | 499 | 1056 |
| 1954 | 71003 | 14521 | 7259 | 7183 | | 186 | 558 | 1208 |
| 1964 | 117185 | 44102 | 51151 | 17529 | | 528 | 1185 | 2690 |
| 1974 | 105170 | 39290 | 45334 | 14728 | | 527 | 1483 | 3787 |
| 1978 | 124405 | 54104 | 48931 | 7664 | 7432 | 671 | 1484 | 4179 |
| 1983 | 137797 | 67318 | 46631 | 9669 | 6669 | 1030 | 1645 | 4834 |

ئىزاھات: 1976 - يىلدىن بۇرۇنقى قوتاز سانى كالا سانىغا كىرگۈزۈپ ھېسابلانغىنى ئۈچۈن، ئېنىق سانىنى بىلىش مۇمكىن بولمىدى.

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى:

مالىماتاڭچىلىقى تۆپەيلىدىن، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان رەھبەرلىك بۇشاشتۇرۇۋېتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش باشباشتاقلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئوتلاقلارنى باشقۇرۇش، ئاسراش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىشلىرى بىلەن، ئېغىل - قوتان قۇرۇلۇشى بىلەن، يەم - بوغۇز تەييارلاش بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. نەتىجىدە ئاپتونوم ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە گاھى ئۆرلەش (ھاۋا كىلىماتى ياخشى بولغان يىللىرى)، گاھى پەسىيىش (ھاۋا كىلىماتى ناچار بولغان يىللىرى) ھالىتى شەكىللەندى. «سول» چىللىق تازا ئەۋج ئالغان يىللاردا بولسا، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، ئۆلگەن - يۈتكەنلەر سۈرۈشتە قىلىنمايدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ چارۋىلار يىلدىن يىلغا - كېمىيىپ، 1969 - يىلغا كەلگەندە، 97 مىڭ 46 تۇياققا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بەزى يىللىرى سەل - پەل كۆپىيىپ، بەزى يىللىرى ئازلاپ تۇردى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى «سول» چىللىق خاتالىقنى تۈگىتىپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقىدا يېڭىچە تەرەققىيات مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. چارۋىلارنىڭ تۇياق سانى يىلمۇ يىل كۆپىيىپلا قالماستىن، سۈپىتىمۇ ياخشىلاندى، تاۋار نىسبىتىمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، كىرىم يىلدىن - يىلغا ئاشتى. 1983 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە چارۋىلارنىڭ ئومۇمىي تۇياق سانى 137 مىڭ 791 غا

نىڭ غەربىدىكى مازار چۆللۈكىگە سۇ باشلاندى، بىر قانچە يىل داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق مازار سۈنئىي ئوتلىقى بەرپا قىلىندى. 1964 - يىلى مۇشۇ ئوتلاقنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ «چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي» نەسلىنى يېتىشتۈرىدىغان ئاساسىي بازىسى بولغان مازار نەسىللىك قويچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى. ھازىر مازار ئوتلىقى مۇشۇ نەسىللىك قويچىلىق فېرمىسىنىڭ ئاساسىي يەم - بوغۇز بازىسى بولۇپلا قالماستىن، ئاپتونوم ناھىيە بويىچە سۈنئىي يېتىشتۈرۈلگەن يۇقىرى سۈپەتلىك چاپىملىق ھېسابلىنىدۇ.

1965 - يىلى ئاپتونوم ناھىيە ھەر قايسى گۇڭشې دۈيلەردىن ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ، چوڭراق ئوتلاق، سۇ قۇرۇلۇشى بولغان چوقۇر - غىجەكبويى ئۆستەڭگى ۋە قويۇنسالاما ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىدى. بىرقانچە يىل جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن پۈتۈپ ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، دەپتەر، تاشقورغان، مەرياڭ گۇڭشېلىرىنىڭ ۋە مازار نەسىللىك قويچىلىق فېرمىسىنىڭ ئوتلاقلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى ھازىرلاندى.

ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، تاشقورغان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا گىياھ ئۈنمەيدىغان «بازار دەشت» دەپ ئاتىلىدىغان قاقاس چۆللۈك بار. ئۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تۈز، تۇپرىقى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنبەت، قەدىمكى «پەرھاد ئۆستىڭى» شۇ يەردىن كېسىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭ خارابىسىنى ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بىرقەدەر مۆتىدىل. ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولۇپ، قاتناش شارائىتى ياخشى. ئۇ يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى (مەسىلەن، بۇغداي، ئارپا، قوناق) تېرىشقىمۇ، دەل - دەرەخ تىكىشكىمۇ، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

1) ئوتلاق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ئوتلاق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى. شۇڭا 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئوتلاق قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 50 - يىللىرى قۇرۇلغان ئوتلاق باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى ئەسلىدە بار بولغان تەبىئىي ئوتلاقلارنى باشقۇرۇپلا قالماي، يەنە كەڭ چارۋىچىلار ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئېرىق ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، چۆل - باياۋانلارغا سۇ باشلاپ، سۈنئىي ئوتلاق يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ياخشى رول ئوينىدى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تەبىئىي ئوتلاقلار ۋە پارچە - پۇرات بەرپا قىلىنغان سۈنئىي ئوتلاقلار چارۋىچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم ناھىيە تۇنجى قېتىم مەخسۇس كۈچ ئاجرىتىپ، ئوتلاق مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈپ، گۇڭشې - دۈيلەرنىڭ ئوتلاق چېگرىسىنى بەلگىلەپ، ئالدى بىلەن ئوتلاق ماجىراسىنى ھەل قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن «ئوتلاق، سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، دەشت - باياۋانلارنى يېشىل - چىمەنزار ئوتلاققا ئايلاندۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇرۇنقى ئوتلاق مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن، تاشقورغان دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كەڭ تۈزلەڭ چۆللۈكلەرنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، نۆۋەت بىلەن ئېچىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك سۈنئىي ئوتلاق يېتىشتۈرۈش جېڭىنى باشلىۋەتتى. 1959 - يىلى «مازار ئۆستىڭى» قېزىلىپ، تاغدۇمباش دەرياس-

تۈزۈمى ئورنىتىلىش بىلەن بىرلىكتە ئوتلاقلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۆلىنىڭدىن پايدىلىنىشمۇ شەخسلەرگە ھۆددە بېرىلدى ۋە بىسىر يۈرۈش قائىدە تۈزۈملەر تۈرغۈزۈلدى، ئوتلاقلاردا قالايمىقان مال بايلىتىش، ئوتلاقلارنى بۇزۇۋېتىش ئەھۋالىنىڭ ئالدى ئېلىنىدى.

شۇڭداقلا ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پۇنكتى تەسىس قىلىنىپ، شۇ ئورۇنلىك كېڭىرىت يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا ناھىيە بويىچە ئوت - چۆپ خىللىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، ئۆسۈشى تېز، مەھسۇلاتى يۇقىرى، ئوزۇقلۇق تەركىبى كۆپ بولغان ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرى يىغىلىپ ۋە سىرت جايلاردىن ئېلىپ كېلىنىپ تېرىلدى. ئۇنىڭ سىرتىدا ئوتلاققا زىيان يەتكۈزىدىغان چېكەتكە، چاشقان قاتارلىقلارنى يوقىتىشمۇ كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىلدى.

2) چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن تاشقورغان ناھىيىسىدە چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسىنى بىلىدىغان بىرەرمۇ ئادەم يوق ئىدى. بۇ ھەقتىكى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئورگان توغرىسىدىغۇ زادىلا سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، چارۋىلاردا يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن چارۋىلار ئۆلۈپ كېتەتتى. ئاقسىل، كۆيدۈرگە، كېپىنەك، چېچەك، دىزېنتېرىيە، قوتۇر قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كەڭ تارقالغانىدى، نادان چارۋىچىلار بۇنى «ئاللا» نىڭ بەرگەن «بالايىئاپىتى» دەپ بىلىپ، يەنە «ئاللا» نىڭ «رەھىم - شەپقەت» قىلىپ، بۇ بالا- ئازادىن قۇتۇلدۇرۇشىنى تىلەشتىن باشقا ئامال قىلالمايتتى.

1953 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق بۆلۈمى-نىڭ قارمىقىدا مال دوختۇرلۇق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇپ-پىدا مال دوختۇرلۇقنىڭ ئاددىي ساۋاتلىرىغا ئىگە بولغان ئۈچ نەپەر خادىم بولۇپ، ئۇلار ئېگىز داۋانلاردىن ئېشىپ، كەڭ ۋە چوڭقۇر ھاڭلاردىن ئۆتۈپ، چارۋىچىلار نەدە بولسا، شۇ يەرگە

ناھىيە رەھبەرلىكى بۇ يەردىن پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ، 1976 - يىلى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاپتونوم ناھىيە بويىچە ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ زور سۇ ئىنشائاتى بولغان «بازار دەشت» شەرقىي ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاپ، 1978 - يىلى پۈتتۈرۈپ ئىشقا كىرىشتۈردى، بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ئىدارە - جەمئىيەتتىكى كادىرلارمۇ قاتناشتۇرۇلدى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارمۇ ياردەم بەردى. بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، 55 مىڭ مودىن ئارتۇق قاقاسلىقنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. شۇڭا، 1978 - يىلى 5 - ئايدا ھەرقايسى گوڭشې - دۆيلەردىن بىر قىسىم ئەمگەك كۈچى يۆتكىلىپ «ئوتلاقچىلىق - ئورمانچىلىق مەيدانى» قۇرۇلدى. ھازىر بۇ يەردە 2247 مو ئورمان، 12 مىڭ 553 مو ئوتلاق، 4870 مو چاپمىلىق يېتىشتۈرۈلۈپ، ئەسىرلەر بويى قاغجىراپ كەتكەن قاقاسلىق يېشىل تون كىيىشكە باشلىدى. بۇ چۆللۈك تولۇق ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئوتلاق ۋە ئورمان بىلەن قاپلانسا، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزلىتىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا تاشقورغان ناھىيىسىدە كىچىك دائىرىدىكى ئوتلاق سۇ قۇرۇلۇشلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. 30 يىلدىن بۇيان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 151 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان 25 دانە ئېرىق ئۆستەڭ قېزىلىپ، سۇغىرىلىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 250 مىڭ مۇغا يەتكۈزۈلدى، 133 مىڭ مۇ سۈنئىي ئوتلاق يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي چاپمىلىق 59 مىڭ 789 مو، بۇنىڭ بىلەن ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش جەھەتتىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەسئۇلىيەت

ئۆچكىلەردە بولىدىغان قوتۇر كېسەللىكى بىلەن تۆللەردە بولىدىغان دىزىنتېرىيە كېسەللىكى ھەر يىلى دېگۈدەكلا چارۋىلارغا ئېغىر زىيان سېلىپ تۇرغان. بۇ ھال چارۋا - مال دوختۇرلۇق قوشۇنىنى زورايتىپ، خادىملىرىنى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى تېزلۇقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قاتلاملاردىمۇ چارۋا - مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىنى تەسىس قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا 1964 - يىلى ناھىيە ھەر قايسى گۇڭشې - دۆيلەردىكى ساۋاتلىق چارۋىچى ياشلاردىن 27 كىشىنى تاللاپ، چارۋا - مال دوختۇرلۇق كۇرسىدا ئوقۇتۇپ، ئاساسىي قاتلاملاردىكى چارۋا - مال دوختۇرلىرى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلدى. ئۇلارنى كېيىن يەنە باشقا جايلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ، كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇ ئاساستا ھەرقايسى گۇڭشېلاردىمۇ چارۋا - مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرى قۇرۇلدى. ھازىر جەمئىي 54 كىشىلىك چارۋا - مال دوختۇرلۇق قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، ناھىيىنىڭ ھەممىلا يېرىدە كېسەللىكلەرنى داۋالىماقتا.

3) چارۋا نەسلى ياخشىلاندى. «تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى» ئەسلىدىلا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ «تاغدۇمباش پامىر» ئوتلىقىدا بېقىلىدىغان، كۆپ گۆش - ياغ بېرىدىغان ئالىي سېرتلۇق قوي نەسلى ئىدى، بۇ قوي نەسلى پامىر ۋە تاغلىق بەدەخشاندا بېقىلىدىغان «گېسار» قوي نەسلى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇ قويلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش، ئۇرۇقلاندۇرۇش ۋە پەرۋىش قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، بۇ خىل قوي نەسلى پۇچەكلىشىپ، يوقىلىپ كېتىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى» نەسلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە

بېرىپ، بىر تەرەپتىن، چارۋىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر پەننىي بىلىملەرنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. كېيىن مال دوختۇرلۇق ساھەسىدە ئوقۇغان خادىملارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، 1955 - يىلى ناھىيىلىك چارۋا - مال دوختۇرلۇق پونكىتى رەسمىي قۇرۇلدى، 1956 - يىلغا كەلگەندە دورىخانا، ئامبولاتورىيە ۋە زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە بولدى. بۇ پونكىت قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس، داۋالاشنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھەممە جايلىرىغا تېخنىك خادىملارنى ئەۋەتىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىدە چارۋا - مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور ئىلگىرىلەش بولسىمۇ، لېكىن چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىنىڭ تارقاق، قاتناش قولايسىز بولغانلىقىدىن، بىرلا پونكىتنىڭ بولۇشى كۇپايە قىلمايتتى. تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يەنىلا چارۋىلارغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزەتتى. مەسىلەن، 1954 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ئاپتونوم ناھىيە بويىچە ئۈچ قېتىم ئاقسىل كېسەللىكى يۈز بېرىپ 2221 تۇياق چارۋا ئۆلۈپ كەتكەن، 1954 - يىلى تىزناپ، تاغارما يېزىلىرىدا كۆيدۈرگە كېسەلى يۈز بېرىپ 1116 تۇياق چارۋا يۇقۇملانغان، بۇنىڭدىن 521 ى ئۆلگەن. 1958 - يىلى تاغارما يېزىسىنىڭ قارا سۇ يايلىقىدىكى چارۋىلاردا قارا ئۆپكە (كېپىنەك) كېسەللىكى يۈز بېرىپ 3077 تۇياق چارۋا يۇقۇملانغان، بۇنىڭدىن 115 ى ئۆلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، چېچەك، بروسېلېيوز، گىمىوس قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرمۇ ھەر يىلى دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرغان، بىر ئۆپىمۇ قوي،

ئىتتا، بېيجىڭ ئالا كالىسى، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى ۋە ئالاتاۋ كالىسى قاتارلىق نەسىللىك كالىلارنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ ناھىيىدە نەسىللىك كالىلار بىلەن يەرلىك كالىلارنى شالغۇتلاشتۇرۇش چارىسى قوللىنىلدى. بىرقانچە يىل تەكرار شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق، تەن قۇرۇلۇشى بىرقەدەر چوڭ، گۆش ۋە سۈت مەھسۇلاتى بىر قەدەر كۆپ، تەبىئىي شارائىتقا يەرلىك كالىلارغا ئوخشاشلا ماسلىشالايدىغان كالا نەسلى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان توڭلىتىلغان سپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، كالا نەسلىنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا كالا بىلەن قوتازنى شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق «ئارغۇن» يېتىشتۈرۈشتىمۇ ئۇتۇق قازىنىلدى. بۇخىل ئارغۇنلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى چوڭ بولۇپ، گۆش كۆپ چىقىدۇ، ئۇنى كالىغا ئوخشاش يەم - بوغۇز بېرىپ باقسىمۇ، قوتازغا ئوخشاش يايلاقتا يايلاتسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئۇنى ئۆستۈرۈشكە كېتىدىغان سەرپىيات شالغۇت كالىلارنى يېتىشتۈرۈشكە كېتىدىغان سەرپىياتتىن تۆۋەن. شۇڭا، ھازىر بۇ ناھىيىدە ئارغۇن يېتىشتۈرۈش كەڭ تەشەببۇس قىلىنماقتا.

## 2. دېھقانچىلىق

### 1) ئازادلىقتىن بۇرۇنقى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىقى ئاساسەن دەريا سۇلىرىغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولغاچقا، يامغۇر سۈيىگە تايانمايدۇ. بۇ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى مىلادىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىپ، يېزا - كەنتلەرنى بەرپا قىلىپ،

تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، ئالدى بىلەن ئاپتونوم ناھىيە دائىرىسىدە بار بولغان چوڭ قۇيرۇق قويلارنى توپلاپ، «مازار نەسىللىك قويچىلىق فېرمىسى» نى تەسىس قىلدى ۋە فېرمىغا بىر قىسىم چارۋا - مال دوختۇرلىرىنى ئاجرىتىپ بېرىپ، تېخنىكا جەھەتتىكى يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ فېرمىدا قويلارنى دەرىجىگە ئايرىپ قوتانلارغا بۆلۈش، نەسىللىك قوشقار ۋە ساغلىقلارنى تاللاش، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇش قاتارلىق چارىلەر قوللىنىلدى، شۇنداقلا سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى، چارۋا - مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى. بىر قانچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇ فېرمىدا يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىك قويلار ئاپتونوم ناھىيە دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلىرىمۇ كەڭ ئامما ئالقىشلايدىغان ئېسىل سورت بولۇپ قالدى. شۇڭا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ دەپتەر، تىزناپ، تاغارما، ۋەچە، مەرياڭ يېزىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ «تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى» نى بېقىشقا باب كېلىدىغان تەبىئىي ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇ قوي نەسلىنى راۋاجلاندۇردى.

تاشقورغان ناھىيىسىدە قوي نەسلىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا چوڭ چارۋىلار، بولۇپمۇ ئات ۋە كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇ ناھىيىدىكى يەرلىك كالىلارمۇ شۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا كۆنگەن بولۇپ، ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئاساسەن يەم - بوغۇز بېرىلمەيدۇ، قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە يىرىك يەم - بوغۇز بېرىلسىلا بولىدۇ، سەمرىتىشتىمۇ ئوزۇقلۇققا بولغان تەلىپى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. لېكىن ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى كىچىك بولغاچقا، گۆش ۋە سۈت مەھسۇلاتى تۆۋەنرەك. بۇ ناھىيىدە يەم- بوغۇز مول ئەمەس، باقمىچىلىق تەجرىبىسى كەم بولغان شارا-

پىت، غول چىۋىن، چېكەتكە قاتارلىق كېسەللىكلەر ۋە زىيانداش ھاشاراتلار كۆپلەپ تارقىلىپ، مەھسۇلاتقا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزەتتى، بەزى جايلاردا كېسەللىك ۋە ھاشاراتلارنىڭ يەتكۈزگەن زىيىنى مەھسۇلاتنى 50 پىرسەنتتىنمۇ كۆپ تۆۋەنلىتىۋېتەتتى. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىمۇ پۈتۈنلەي سىرتقى جايلاردىن ئېلىپ كېلىنگەچكە، باھاسى ناھايىتى قىممەت بولۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ قورال- سايمان سېتىۋېلىشقا قۇدرىتى يەتمەيتتى. شۇڭا بەزى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئانچە-مۇنچە يەر زېمىنى بولسىمۇ، لېكىن قورال - سايمان، ئۇرۇق، تېرىلغۇ ئۇلاغ قاتارلىق نەرسىلىرى بولمىغاچقا، يەرلىرىنى تېرىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ناھىيىدىكى يەرلەر ئاساسەن ساي، تېتىر بولغاچقا، زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەن ئىدى. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەن تۆۋەندىكى قوشاقلاردا تەسۋىرلەنگىنىدەك ناھايىتى تەس ئىدى:

قىشتا ئىچتىم ئۇماچ - ئاداپ،
يازدا يېدىم ياۋا - گىياھ.
كىيدىم پۇتقا چوۋلى ئاياغ①
ئۇچامدىكى يىرتىق ماتا.

چاچتىم يەرگە ئارپا، پۇرچاق،
لېكىن ئۈندى تىكەن - خوخا.
كۆزدە ھوسۇل خالتىدا يوق،
ماڭا قالدى قۇرۇق جاپا.

① چوۋلى — ئۆتمۈشتە نامرات چارۋىچىلار كىيىك. كالا تېرىسىنىڭ پۇچقىقىدىن كىيىنۋالىدىغان قونچىسىز ئاياغ.

دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ يەردە ئاساسەن يازغى
بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق ۋە قىچا تېرىلىدۇ. شەرق تەرەپتىكى
زەرەپشان دەرياسىنىڭ بويىدىكى داتۇڭ، بۇرۇمسال، قوغۇشلۇق
يېزىلىرىدا ۋە مەرياڭ يېزىسىنىڭ بىر قىسىم كەنتلىرىدە كۆممە
قوناق، زىغىر، باقلى، تېرىق ۋە قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىقلارنى
تېرىسىمۇ بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ ناھىيىنىڭ مۇتلەق
كۆپ قىسىم جايلىرى ئېگىزلىك بولۇپ، ھاۋاسى بىر قەدەر
سوغۇق، قىروسىز مەزگىلى قىسقا بولغاچقا، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈ-
شى ئاستا، پىشىپ - يېتىلىشى مۇقىمسىز بولۇپ، گاھى يىللىرى
ئاسانلا ئۇششۇك تېگىپ كېتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش تولىمۇ قىيىن.
ئازادلىقتىن بۇرۇن، تاشقۇرغان ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق
ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمانلىرى ھەم ئاز، ھەم قوپال،
ئاددىي، تېرىقچىلىق تېخنىكىسى قالاق بولغاچقا، مەھسۇلات
مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. 1949 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا
قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ يەر
بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر مىليون 117 مىڭ 500 جىڭ ھوسۇل
ئېلىنغان، يەنى بىرلىك مەھسۇلاتى ئاران 70.3 جىڭدىن توغرا
كەلگەن. ئۇ ۋاقىتتا تېرىقچىلىق ئاساسەن بوقۇسغا تايىنىپ
ئېلىپ بېرىلغان، بەزى چەت - ياقا جايلاردا ھەتتا ياغاچ
بوقۇسمۇ بولمىغاچقا، كىشىلەر يەرلىرىنى كىيىك مۇڭگۈزى
بىلەن تاتىلاپ تېرىتتى. تېرىقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان كالا ۋە
قورال - سايمان يېتىشمىگەنلىكتىن، نۇرغۇن يەرلەر تېرىلماي
ئاق قالغان، نۇرغۇنلىغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئالغان ئاشلىقى
ئۆزلىرىنىڭ ئىككى - ئۈچ ئايلىق تەمىناتىغا ئارانلا يېتەتتى،
قالغان ۋاقىتلاردا بولسا، باشقىلاردىن قەرز ئېلىشقا ياكى
ئوت - گىياھلار بىلەن ئوزۇقلىنىشقا مەجبۇر بولاتتى، نۇرغۇنلىرى
ياقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتەتتى. دېھقانچىلىق
زىرائەتلىرىدە قارا كۈيە، ھال - دات، يېشىل قۇرۇت، كۆك

ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 117 مىڭ 500 جىڭ بولغان بولسا، 1954 - يىلغا كەلگەندە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 23 مىڭ 900 موغا، ئاشلىق مەھسۇلاتى 2 مىليون 280 مىڭ جىڭغا يەتتى، 1955 - يىلى بولسا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 26 مىڭ 500 موغا، ئاشلىق مەھسۇلاتى 2 مىليون 772 مىڭ 200 جىڭغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن زور دەرىجىدە ئاشتى.

ئىككىنچى باسقۇچ: 1956 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە بولغان مەزگىل. بۇ مەزگىلدە، بولۇپمۇ، 1957 - يىلدىن كېيىن، تاشقورغان ناھىيىسىدىمۇ «ئوڭچىلارغا — يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش» كۆرىشى قانات يايدۇرۇلدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «مۇلۇكنى ئومۇمىنىڭ قىلىۋېتىش شاملى» ئەۋج ئېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشتا، تەرەققىيات بولغان بولسىمۇ، لېكىن سۈرئەت جەھەتتىن قارىغاندا، 1949 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە بولغان چاغدىكىدىن بىر ھەسسە دېگۈدەك تۆۋەن بولدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ: 1961 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بولغان مەزگىل. بۇ مەزگىلدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «مۇلۇكنى ئومۇمىنىڭ قىلىۋېتىش شاملى»، «مۇبالىغىچىلىك شاملى» قاتارلىق «سول» چىللىق خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، يېزا خەلق كومۇنىلىرىنى تەرتىپكە سالدى، يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەر بىر قەدەر مۇقىم بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇقىم ئېشىش ۋە كەڭ ئىزىغا چۈشتى. مەسىلەن، 1961 - يىلى 37 مىڭ 400 مو يەرگە زىرائەت تېرىلىپ، 4 مىليون 89 مىڭ جىڭ مەھسۇلات ئېلىنغان بولسا، 1966 - يىلغا كەلگەندە 50 مىڭ 200 مو يەرگە زىرائەت تېرىلىپ، 5 مىليون 910 مىڭ

2) ئازادلىقتىن كېيىنكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

ئازادلىقتىن كېيىن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يىلدىن - يىلغا تەرەققىي قىلدى. تاشقورغان ناھىيىسىدىكى ھەردەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىمۇ چىڭ تۇتتى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ناھىيىدىكى ھەرمىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، بىنام ئېچىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، تۇجۇپلەپ تېرىپ، ئوبدان پەرۋىش قىلىپ، مەھسۇلاتنى يىلمۇ يىل ئۆستۈردى. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەسلىگەندە، ئۇنى مۇنداق بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى باسقۇچ: 1949 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە بولغان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئاساسلىقى خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە شۇ ئاساستا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئاساس ھازىرلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ مەزگىلدە پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىققا قارىتا قەرز پۇل تارقىتىش، قورال - سايمانلار بىلەن تەمىنلەش، دېھقانچىلىق بىجىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ قەددىنى رۇسلىۋېلىشىغا يار - يۆلەكتە بولدى. نەتىجىدە، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تېرىلغۇ يەرلەر پەيدىنپەي كېڭەيتىلدى، مەھسۇلات يىلدىن - يىلغا ئاشتى. مەسىلەن، 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 15 مىڭ 900 مو،

بەشىنچى باسقۇچ: 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان مەزگىل، بۇ مەزگىلدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ۋە «سول» چىل لۇشيەننىڭ زەھەرى ۋە كاشىلىسى تۈگىتىلىپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەتلىرى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە چوڭقۇر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، «چوڭ قازاننىڭ ئېشى» نى تەڭ يېيىشكە خاتىمە بېرىلدى، 1983 - يىلدىن باشلاپ تاشقورغان ناھىيىسىدىمۇ تېرىلغۇ يەرلەر دېھقان ئائىلىلىرىگە ھۆددە بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ باي بولۇش ئىشەنچىسى ئۆسۈپ، ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى چىڭ تۇتۇلۇپ، مەھسۇلات ئاشتى. مەسىلەن، 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە 39 مىڭ مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، مەھسۇلات 6 مىليون 743 مىڭ جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، 1949 - يىلدىكىدىن بەش ھەسسە، 1966 - يىلدىكىدىن 14 پىرسەنت ئاشۇرۇۋېتىلدى؛ 1400 مو يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 60 مىڭ جىڭ مەھسۇلات ئېلىنىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 14 ھەسسە ئاشۇرۇۋېتىلدى. نەتىجىدە كۆپ ساندىكى يېزا - كەنتلەر ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى - ئۆزى تەمىنلىيەلەيدىغان، بەزى يېزا - كەنتلەر ئۆزىنى - ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى. تېرىلغۇ يەرلەر دېھقان ئائىلىلىرىگە ھۆددە بېرىلگەندىن كېيىن، دېھقانلار يەرلىرىگە ئوبدان ئىشلەپ، يەر سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمسىز يەرلەرنى مۇنبەت ئېتىزلارغا ئايلاندۇردى، ھەر يىلى 10 مىڭ جىڭلاپ ئاشلىق ئېشىنالايدىغان ئائىلىلەر كۆپىيىشكە باشلىدى.

دېمەك، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى دېھقان-

جىڭ مەھسۇلات ئېلىندى. 1966 يىلدىكى مەھسۇلات 1961 - يىلدىكىگە قارىغاندا 40.18 پىرسەنت كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەتتە پىرسەنتتىن ئېشىپ باردى.

تۆتىنچى باسقۇچ: 1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە بولغان مەزگىل. بۇ مەزگىل ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە 60 - يىللاردا دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن ۋە داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان بىر قاتار ئۈنۈملۈك يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى نورغۇن مۇۋاپىق باشقۇرۇش تۈزۈملىرى بىكار قىلىندى، ھەددىدىن «ئىنقىلاب»، «لۇشيەن كۈرىشى» تەرغىب قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش قايىرىپ قويۇلدى، ئېتىز - ئېرىقلار پەرۋىشسىز قالدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، مەھسۇلات تۆۋەنلىدى. مەسىلەن، 1967 - يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى 5 مىليون 632 مىڭ جىڭغا چۈشۈپ، 1966 - يىلدىكىدىن 278 مىڭ جىڭ كېمىيىپ كەتكەن بولسا، 1968 - يىلى 3 مىليون 728 مىڭ جىڭغا چۈشۈپ قېلىپ، 1967 - يىلدىكىدىن 1 مىليون 904 مىڭ جىڭ، 1966 - يىلدىكىدىن 2 مىليون 182 مىڭ جىڭ كېمىيىپ كەتتى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ بۇنداق ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىشى كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. بولۇپمۇ بەزى چەت - ياقا يېزا - كەنتلەردىكى جايلاشقان، قاتنىشى قولايسىز بولغان دېھقان - چارۋىچىلار ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، دۆلەت تەمىنلىگەن ئاشلىقلارنى توشۇشقا مەجبۇر بولدى، نورغۇن ئات، تۆگە، ئېشەك، قوتازلار سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئۇزۇن يول بېسىپ ئاشلىق توشۇلغاچقا ئىشلەپچىقىرىش تېخىمۇ تەسىرگە ئۇچرىدى.

ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى دەريا سۈيى باشلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە بار بولغان تېرىلغۇ يەرلەرنى ۋاقتى - قەرەلىدە سۇغىرىش كاپالەتلەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى بىر مۇنچە جايلاردا بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. 60 - يىللاردىن باشلاپ دۆلەت ھەر يىلى بۇ ناھىيىگە سۇ قۇرۇلۇشى مەبلىغى ئاجرىتىپ بەردى، ناھىيە ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ كۆلىمى بىر قەدەر زور بولغان سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇڭا، 1964 يىلى تاشقورغان ۋە تىزناپ يېزىلىرىنى ھەم ناھىيە بازىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان شىنگۈن ئۆستىڭى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى تاش ياتقۇزۇلغان غول ئۆستەڭ، سۇ بۆلگۈچ توغىنى ۋە كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئېغىزى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككى يېزا ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. ئاپتونوم ناھىيىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تېرىلغۇ كۆلىمى ئاز، ئاھالىسى كۆپرەك بولغان داتۇڭ، قوغۇشلۇق، بورۇمسال، مەرياڭ يېزىلىرىدىكى ئەسلىدىكى سۇغىرىش سىستېمىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش ئارقىلىق، بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش، زەرەپشان دەرياسى بىلەن تاشقورغان دەرياسىنىڭ ياقىلىرىدىكى جىراپ، بوخۇي جىراپ، گېلگىت قاتارلىق جايلاردىكى سالما - كەسلەنچۈك ماكانى بولغان بىپايان چۆللۈككە سۇ باشلىنىپ، بۈك - باراقسان ئېكىنزارلىقلارغا ئايلاندۇرۇلدى. 70 - يىللاردا بولسا ئاپتونوم ناھىيە بويىچە ئۇقتىلىق سۇ قۇرۇلۇشى بولغان 1 - ۋە 2 -

چىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەنە شۇنداق ئەگرى - توقاي جەر-يانلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى. ئۇلار بۇ نەتىجىلەرنى قانداق قولغا كەلتۈردى؟

3) ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى «سۇ — يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى». تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىدەك ئۆستەڭ سۈيىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان جايدا تېخىمۇ شۇنداق. بۇ ناھىيىنىڭ بۇرۇنقى ئېرىق - ئۆستەڭلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جىلغا سۇلىرى باشلىنىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر بولغاچقا، ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە سۇ ئازلاپ كەتكەندە سۇ يېتىشمەيتتى، ياز كۈنلىرى كەلكۈن كەلگەندە بولسا، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى بۇزۇۋېتىپ، زىرائەتلەرنى سۇغىرىش تەس بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئەگرى - بوگرى بولۇپ، سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشى ۋە پارغا ئايلىنىشى بىر قەدەر تېز ئىدى. يەككە ئىگىلىك ئاساس قىلىنغان تارقاق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا، دېھقانلارنىڭ بىر قەدەر مۇستەھكەم سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، سۇ باشلاش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنى يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتتى. 50 - يىللاردا ئالدى بىلەن، ئەسلىدە بار بولغان سۇغىرىش سىستېمىلىرىنى رېمونت قىلىش، يۇرۇشلەشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلدى. ھەر قايسى يېزا - كەنتلەردىكى دېھقان - چارۋىچىلار تىنىپ كەتكەن، بۇزۇلۇپ كەتكەن ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ، سۇنىڭ ئېقىش مىقدارىنى كېڭەيتتى. جىلغا سۇلىرى باشلىنىدىغان

ئېتىزلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سالالاشتۇرۇلدى، يېزىلار كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ماشىنا ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىشقا ياخشى شەرت - شارائىت ھازىرلاندى. چوڭقۇر ۋە تار جىلغىلارغا ئورۇنلاشقان داتۇڭ، بۇرۇمسال، مەرياڭ، قوغۇشلۇق يېزىلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، يانتۇ ئېتىزلارنى تۈزلەپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ، تۇپراق ۋە ئوغۇتنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان «يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش بىلەن بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى تەڭ تۇتۇش» فاڭجېننى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھەر ئىككى جەھەتتە بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. مەسىلەن، 1983 - يىلغا كەلگەندە تېرىلغۇ مەيدانى 58 مىڭ 900 موغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 168 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، 1949 - يىلدىكىگە قارىغاندا، يەر كۆلىمى 43 مىڭ مو، بىرلىك مەھسۇلاتى 98 جىڭ ئاشۇرۇلدى.

4) دېھقانچىلىق قورال - سايمانلىرى ياخشىلاندى

«يېزا ئىگىلىكىنىڭ تۈپ چىقىش يولى ماشىنىلاشتۇرۇشتا». بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن تاشقورغان ناھىيە رەھبەرلىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك قورال - سايمان ۋە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ياخشىلاش ۋە كۆپەيتىشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا تۆمۈر سىرقا ۋە سامو بىروسكىلار ئېتىزلىقلارغا كېلىپ بوقۇسا ۋە ئورغاقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىدى، 60 - يىللاردىن باشلاپ چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىمۇ كېلىشكە باشلىدى. 1963 - يىلى 55 ئات كۈچىگە ئىگە زەنجىر تاپانلىق تىراكتوردىن ئىككىسى سېتىۋېلىندى، ئۇلار ئاساسەن، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى تىراكتور پونكىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ،

فول ئۆستەڭ، ئېچى ئۆستىڭى، ئاقتام ئۆستىڭى، قاردەشت ئۆستىڭى قاتارلىق ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرى پۈتكۈزۈلۈپ، بەزلىرىنىڭ سۇيىدە ئوتلاق، ئورمانچىلىق ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يەرلىرى سۇغىرىلدى، بەزلىرىنىڭ سۇيىدە يېڭى كەنتلەر بەرپا قىلىندى. بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىدا سەككىز ئورۇندا توغان ۋە باشقا سۇ قۇرۇلۇشى ئەسلىھەلىرى ياسالدى.

سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىشى نەتىجىسىدە، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ سۇغىرىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، قۇرغاقچىلىق بولغاندىمۇ، كەلكۈن كەلگەندىمۇ زىرائەتلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. 60 ـ يىللاردا يەنە «ياخشى سالا ئېتىزى، ياخشى ئېرىق ـ ئۆستەڭ، ياخشى ئورمان بەلبېغى، ياخشى يول، ياخشى مەھەللە بولۇش» شوئارى ئاستىدا، ئېتىز ـ ئېرىقلار زور دەرىجىدە رەتكە سېلىندى.

تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرى تاغ قاپتاللىرىغا جايلاشقان بولۇپ، يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يانتۇلۇق، شۇڭا زىرائەتلەرنى سۇغىرىشتا تۇپراق ۋە ئوغۇتنىڭ ئېقىپ كېتىش مەسىلىسى ئەزەلدىنلا گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ كەلگەندى. يەر قۇۋۋىتىنى ساقلاپ ۋە ئاشۇرۇپ بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۇپراق ۋە ئوغۇتنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى توسۇش جىددىي ۋەزىپە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسلىدىكى ئېتىزلارنىڭ ھەممىسى تارقاق، پارچە ـ پۇرات، كىچىك، ئەگرى ـ بۈگرى ئېتىزلار بولۇپ، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا زادىلا ماس كەلمەيتتى. شۇڭا ئاپتونوم ناھىيىدە يەر تۈزلەش ۋە سالا ئېتىزلارنى بەرپا قىلىش چىڭ تۇتۇلدى. تاغارما، تىزناپ، تاشقورغان، دەپتەر، ۋاچا، بەلدىر يېزىلىرىدىكى تۈزلەش ۋە سالالاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بار بولغان

بولغانلىقىدا ئىدى. ئاپتونوم ناھىيە رەھبەرلىكى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم كۇرس ئېچىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئاددىي ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇردى. ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلغان ھالدا، يەرلەرنى شۇدىگەرلەش، زىيانداش كېسەللىك ۋە ھاشاراتلارنى يوقىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتتى. بولۇپمۇ يەرلەرنى نۆۋەت بىلەن شۇدىگەرلەپ دەم ئالدۇرۇش تاشقۇرغان ناھىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرىنىڭ بىرى. چۈنكى، بۇ ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئېگىزلىكتىكى سوغۇق رايونلارغا جايلاشقان بولغاچقا، يەرلەرنى نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇرمىغاندا، يەرنىڭ ھارارىتى تۆۋەنلەپ، ياۋا ئوت - چۆپ كۆپىيىپ، مەھسۇلاتقا ئېغىر ھالدا تەسىر يېتىدۇ. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى باشلانغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە «سول» چىل ئىدىيىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، يۇقىرىدىكىدەك قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنىپ، يەرلەر نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇرۇلماي تېرىلىۋەرگەچكە، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشىغا تەسىر يەتكەنىدى. 70 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، بۇرۇنقى تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، يەرلەرنى شۇدىگەرلەپ نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. ھازىر ناھىيە بويىچە بار بولغان 58 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ يەردىن ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 مىڭ مودىن 20 مىڭ موغىچە يەر دەم ئالدۇرۇلىدۇ.

زىرائەتلەردىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشمۇ ئاپتونوم ناھىيىدە ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى قاتاردا چىڭ تۇتۇلدى. ئاپتونوم ناھىيىدە مۇشۇ جەھەتتىكى ئىشلارغا كونكرېت يېتەك-

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىشلىتىلدى، 60 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ھەرقايسى گۇڭشې - دۈيلەرمۇ تراكتور، سېيالكا، تىرنا قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى. ھازىر ناھىيە بويىچە چوڭ - كىچىك تراكتور 41 گە (جەمئىي 2012 ئات كۈچىگە ئىگە)، تراكتورغا چېتىلىدىغان سوقا 20 گە، تىرنا 12 گە، سېيالكا 15 كە يەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ناھىيە بويىچە 11 دانە دىزېل ماشىنىسى، ئالتە دانە ئۇن تارتىش ماشىنىسى، بەش دانە ياغ تارتىش ماشىنىسى، يەتتە دانە يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل بار. ئاپتونوم ناھىيە بويىچە ئاپتوموبىل قاتنىيالايدىغان يېزا - كەنتلەردىكى نۇرغۇن دېھقان ئائىلىلىرى ئۇلاغ سۆرەيدىغان رېزىنكە چاقلىق كىچىك ھارۋىلارنى سېتىۋېلىپ، قاپ يۈدۈپ ئوغۇت توشۇيدىغان ھالەتكە خاتىمە بەردى.

ماشىنا - سايمانلارنىڭ پەيدىنپەي كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تېرىقچىلىق سۈرئىتى تېزلەشتى، سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ۋە دېھقان - چارۋىچىلارغا كېرەكلىك بۇيۇملارنى يۆتكەش - توشۇشتا نۇرغۇن ئوڭايلىقلار بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىرمۇنچە يەككە ئائىلىلەرمۇ تراكتور ۋە ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىقنىڭ يىغىم - تېرىم ئىشلىرىغا ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن يۈك توشۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا تۆھپە قوشتى.

5) تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ياخشىلاندى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەھسۇلاتنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ قالاقلىقى، ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشىنىڭ ئاددىي، قوپال

لىنىدىغان بولدى. تېخنىك خادىملار ۋە كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ۋە زىچ ھەمكارلىشىشى ئازقىسىدا، ئاپتونوم ناھىيىدە زىيىنى بىر قەدەر چوڭ بولغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

## 3. ئورمانچىلىق

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربىي تەرىپى قەدىمدىن تارتىپلا «دەل - دەرەخ، مېۋە - چېۋىلەر ئاز ماكان» ئاتىلىپ كەلگەن. پامىر ئېگىزلىكىدە ھاۋا سوغۇق، ھۆل - يېغىن ئاز بولغاچقا، دەل - دەرەخ ئاز بولۇپ، پەقەت يېزا - كەنتلەردە سۆگەت، تېرەك، جىغان قاتارلىق دەل - دەرەخلەرنىلا ئۆستۈرۈشكە بولاتتى، تەبىئىي ئورمانلاردىن ئاز ساندىكى جايلاردا ئارچا، يۇلغۇن، جىغان ۋە باشقا چاتقال ئۆسۈملۈكلەرمۇ ئانچە - مۇنچە ئۇچرايدۇ. شەرقىي تەرەپتە، بولۇپمۇ زەرەپشان دەرياسى بويلىرىدا ھاۋا مۆتىدىل بولغاچقا، جىلغا سۇلىرى توختىماي ئېقىپ تۇرغاچقا، بۇ يەرلەردە قارىغاي، توغراق، قېيىن، ياۋا سۆگەت، يۇلغۇن قاتارلىق ئىپتىدائىي ئورمانلار بار، لېكىن بۇ جايلار چەت - يىراق ھەم تاغ ئارىسىدىكى چوڭقۇر جىلغىلار ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قاتناش شارائىتى قىيىن، بەزى جايلاردا ئادەملەرنىڭ مېڭىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇنداق جايلاردىكى ئورمانلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قىيىن.

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ غەربىي تەرىپى ئاساسەن ئاھالە ئولتۇراقلاشقان رايون بولغاچقا، بۇ يەردىكى ئەسلىدىنلا ئاز بولغان ئارچا، جىغان، يۇلغۇن قاتارلىق ئورمانلار

چىلىك قىلىش يۈزىسىدىن 1958 - يىلى تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى، ھازىر بۇ پونكىتتا ئون نەپەر تېخنىك خادىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، گۆكشىپ - دۆيلەرگە دېھقانچىلىقنىڭ باشلانغۇچ ساۋاتلىرىنى بىلىدىغان كەسپىي - تېخنىك خادىملار يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى. ئۇلار ئۆز جايلىرىدا ئورۇق دورىلاش، زىرائەتلەردىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى تەكشۈرۈش، زىرائەتلەرگە دورا چېچىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ.

يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى يەرلەرنى ھۆددىگە ئالغان دېھقانلار بىلەن دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە مۇلازىمەت توختامنامىسى ئىمزالاپ، دېھقانلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشى، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى؛ ئۇلارنى تېخنىكىلىق بىلىملەر، دورا ۋە زۆرۈر بولغان ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلىدى.

يۇقىرىدىكىدەك بىر قاتار ئىلمىي ئىشلار ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشقانسېرى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۆتمۈشتىكىدەك يەرگە ئورۇقنى چېچىپ قويۇپلا پەرۋىش قىلمايدىغان، زىيانداش ھاشارات ۋە كېسەللىك يۈز بەرسە «ئاللانىڭ تەقدىرى» دەپ قاراپ تۇرىدىغان ئەھۋاللار بارغانسېرى ئازايدى. ھازىر نۇرغۇن دېھقانلار يەرلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىش، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، ئوتاش، دورىلاشنى بىلىدىغان، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار كۆرۈلسە، ئۆز ۋاقتىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىدىغان، ئۆزلىرىمۇ ئىلمىي تەدبىر قول-

دەل - دەرەخ تىكتۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ياغاچ ماتېرىيالللىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى پەيدىنپەي قاندۇرۇشقا باشلىدى. بىراق 60 - يىللارنىڭ كېيىنكى، 70 - يىللارنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە «سول» چىل لۇشيەننىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشمۇ باشقا ئىشلەپچىقىرىشلارغا ئوخشاشلا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ھويلا - ئارام ئەتراپىغا تىككەن دەرەخلىرى «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى» نامى بىلەن تارتىۋېلىنىپ، قالايمىقان كېسىپ تۈگىتىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىشى تېز، يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى كەمچىل بولغاچقا، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئارچىلار ۋە جىغانىلار قالايمىقان كېسىپ قالدۇرۇلدى. شەرقىي تەرەپتىكى تەبىئىي ئورمانزارلىقلارنىڭمۇ باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا قالايمىقان كېسىش ئەھۋاللىرى بىر قەدەر ئېغىر بولدى. بەزى جايلاردىكى تەبىئىي ئورمانزارلىقلار كۆيدۈرۈلۈپ، يىلتىزلىرى كولاپ ئېلىۋېتىلىپ تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا تەبىئىي ئاپەتلەر، بولۇپمۇ كەلكۈن بېسىپ كېتىش تۈپەيلىدىن بىرمۇنچە ئورمانزارلىقلار نابۇت بولۇپ كەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى، 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش خىزمىتىنى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى قىلىپ تۇتتى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى توغرىسىدىكى بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش

قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر تەرىپىدىن يېقىلغۇ قىلىنىپ كەلگەنىدى. بولۇپمۇ ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەھكىمە - ئورگانلىرى ۋە قاراۋۇل - گازارمىلىرى كىشىلەرگە ھەر يىلى ئوتۇن سېلىقى سالغانلىقتىن، بۇ تەبىئىي ئورمانلار تېخىمۇ زور زىيانغا ئۇچرىتىلغانىدى، ئۇلىنىڭ ئورنىغا باشقا ئورمان ئەھيا قىلىنمىغانىدى. يېزا - كەنتلەردە كىشىلەر ئانچە - مۇنچە سۆگەت، تېرەك قاتارلىق دەل - دەرەخلەرنى تىككەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆلىمى بەكمۇ ئاز، ئۆسۈشى ئاستا بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۆي - جاي سېلىشتا ئېھتىياجلىق بولغان ياغاچ - تاشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقالمايتتى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي ئورمانزارلىقلىرى تېخى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈلۈپ چىقىلمىدى، دەسلەپكى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم ناھىيە بويىچە بار بولغان تەبىئىي ئورمانلىق كۆلىمى 67 مىڭ 500 مو بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئارانلا 0·27 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئورمان بايلىقى ئىنتايىن كەم، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى ئاجىز، قۇرغاقچىلىق، قۇم ۋە بوران ئاپەتلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى بەكمۇ كەمچىل.

ئازادلىقتىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاكتىپ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. 50 - ۋە 60 - يىللاردا ھەرقايسى يېزا - كەنت ۋە گۇڭشې - دۈيلەر ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى، يول ياقىسى ۋە ھويلا - ئارام ئەتراپلىرىغا

كۆرستىپ، تاغلىق رايوننى دەل - دەرەخلىرى بۈك - باراقسان، ئوت - چۆپلىرى ئەلۋەك چىمەنزارلىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

## 2 - بۆلۈم سانائەت - قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى

### 1. سانائەت - قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى

ئازادلىقتىن بۇرۇن تاشقورغان ناھىيىسىدە سانائەت ئەمەس ھەتتا قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك سانائەت ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سىرت جايلاردىن كىرگۈزۈلەتتى، بۇ خىل بۇيۇملار ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا، باھاسىمۇ ناھايىتى قىممەت ئىدى. خەلق ئارىسىدا ئانچە - مۇنچە توقۇش، كەشتىچىلىك ۋە باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قورال - سايمانلىرى ئاددىي، خام - ئەشيا مەنبەسى چەكلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوقتىسمۇ راۋاج تاپالمايتتى، شۇڭا ئۇنداقلارنىڭ كۆپىنچىسى كەسىپ ئۆزگەرتىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ياكى باشقىلارغا يالللىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى، ئاز بىر قىسمى يۇڭ پالاس، يۇڭ چەكمەن، يۇڭ پايپاق قاتارلىقلارنى توقىسىمۇ ئۇنى ساتىدىغان بازار تاپالمايتتى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ قاتناش

بويىچە داغدۇغىلىق، ئۇزاق مۇددەتلىك ئاممىۋى ھەرىكەت
قوزغىدى، «ئورمان قانۇنى» ۋە ئورمانچىلىققا دائىر قائىدە -
نىزاملارنى كەڭ تەشۋىق قىلدى، تەبىئىي ئورمانلارنى قالاي-
مىقان كېسىش ۋە كۆيدۈرۈشنى توستى، تەبىئىي ئورمانلاردىن
شۇ جايدىكى گۇڭشې - دۈيلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئەپلىك
بولغانلىرىنى گۇڭشې - دۈيلەرنىڭ باشقۇرۇشى ۋە پايدىلىنى-
شىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. گۇڭشې - دۈيلەر ئورمان باشقۇرۇشقا
مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، ئورمان ئاسراشنى كۈچەيتتى. ئەس-
لىدە بار بولغان دەل - دەرەخ ۋە تەبىئىي ئورمانلارنى باشقۇ-
رۇش، كۈچەيتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ كۆلەمدە جىرىم
تىكىلىپ، سۈنئىي ئورمانزارلىقلارمۇ بەرپا قىلىندى. ھەريىلى
جىرىم تىكىش بايرىمىدا ئاپتونوم ناھىيىدىكى بارلىق ئاھالىلەر
بىر تۇتاش پىلان ئاساسىدا، مەيدانلار بويىچە ئورمان بەرپا
قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلغاندىن تاشقىرى، گۇڭشې ئەزالىرى ئۆيلىرى-
نىڭ ئالدى - كەينىگە، ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە يول بويلىرىغا جى-
رىم تىكىشكە سەپەرۋەر قىلىندى. ئاپتونوم ناھىيىنىڭ يېقىلغۇ
ماتېرىيالى كەم بولۇشتەك ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ،
گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ يېقىلغۇ ئورمانزارلىقى بەرپا قىلىشى
ئۈچۈن بىنەم يەر ۋە بوش سايلار كۆرسىتىپ بېرىلدى. بىر-
قانچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، تاشقۇرغان نا-
ھىيىسىنىڭ جىرىم تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش خىزمىتىدە
خۇشاللىنارلىق مەنزىرە بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم ناھىيە بو-
يىچە سۈنئىي ئورمانزارلىققا ئايلاندۇرۇلغان يەر كۆلىمى 11
مىڭ مۇغا، شەخسلەر پارچە - پۇرات تىككەن دەل - دەرەخ-
لەر ئىككى مىليون 447 مىڭ 700 تۈپكە يەتتى. ھازىر ئاپ-
تونوم ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىزچىل تىرىشچانلىق

شۇڭا قايسىدۇر بىر شائىر بۇ يوللارنى

«يوللىرى جانان تېنىدەك تارۇ - تەڭ،
تاغلىرى دىلبەر دىلىدەك ھەممە سەڭ».

دەپ تەسۋىرلىگەنىدى. بۇ يولدىكى دىشۋارچىلىقلار كۆپ بول-
غانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «يىپەك يولى» ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى
مۇھىملىقىنى يوقاتقانلىقى، يول ئۈستىدىكى قونالغۇ جايلار
بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يولدا قاتنايدىغان كارۋان-
يولۇچىلار بارغانسېرى ئازلاپ كەتكەنىدى.

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قاتناش، ترانسپورت
ئەھۋالى تېخىمۇ ناچار ئىدى. بولۇپمۇ زەرەپشان دەرياسى
بويىدىكى بىرقانچە يېزا - كەنتنىڭ يوللىرى ھەقىقەتەن ناھا-
يىتى قىيىن ھەم خەتەرلىك ئىدى، بەزى يەرلىرىدىن قوتاز-
دىن باشقا ھېچقانداق ئۇلاغ ئۆتەلمەيتتى. بۇ يوللاردا ھە-
مىشە دېگۈدەك قار كۆچكۈنى، كەلكۈن، تاغلارنىڭ گۈمۈرۈلۈشى
يۈز بېرىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ھاياتىدىن ئايرىغان، ئات -
ئۇلاغلارنى نابۇت قىلىۋەتكەنىدى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق
قىلغان مەزگىللەردە تىزناپ يېزىسىدىن شور بۇلاقتىكى گازار-
مىغا ماددىي ئەشيا توشۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان بىرقانچە ئون
قوتاز ۋە 30 كىشى قار كۆچكۈنى ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ
كەتكەنلىكىنى ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆلۈكى ياز كىرىپ قار - مۇز-
لار ئېرىگەندىن كېيىنلا تېپىلغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋال
ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدۇ. چەت - ياق جايلار-
دىكى ئوتلاق ۋە كەنتلەرگە بارىدىغان يوللار ئاساسەن يوق
ئىدى، نۇرغۇن جايلاردا يۈك توشۇشتا پەقەت ئادەم كۈچىگىلا
تايىنىشقا توغرا كېلەتتى، بەزى كەنتلەرنىڭ ياز ۋاقتى دەريا
سۈيى ئۆلغىيىپ كەتكەندە باشقا ئورۇنلار بىلەن بولغان ئالا-
قىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالاتتى...

ئىشلىرىمۇ ناھايىتى خاراب ئىدى. ھەتتا 1957 - يىلغىچە پۈتۈن ئاپتونوم ناھىيە بويىچە بىرەر كىلومېتىرمۇ تاشيول بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھارۋىلار بىمالال قاتنىيالىغۇدەك يولمۇ يوق ئىدى. تاشقورغان گەرچە قەدىمدىن تارتىپلا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يولنىڭ ھەممىلا يېرى دېگۈدەك ئاسمان - پەلەك ئېگىز تاغلار، شىددەتلىك دەريا ئېقىنلىرى ۋە خەتەرلىك ھاڭ - جىلغىلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار پەقەت كىشىلەرنى ئېزىشنىلا بىلىپ، خەلققە پايدىلىق باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولمىغاچقا، قەدىمكى زامانلاردا سېلىنغان بەزى ئۆتەڭ، قونالغۇ جايلار ۋە كۆۋرۈكلەر پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى، «يىپەك يولى»دا چوڭ - چوڭ سودا كارۋانلىرىنىڭ قاتنىغانلىقى پەقەت خەلق ئاغزىدىكى رىۋايەتلا بولۇپ قالغانىدى. ئازادلىق ھارپىسىغا كەلگەندە بۇ يوللاردا گايى - گايىدا ئۇششاق سودا - سېتىقچىلارنىڭ ئانچە - مۇنچە قاتنىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قاتناش پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. قەشقەر بىلەن تاشقورغان ئارىسىدا يېكەسار، ئېگىز يار ئارقىلىق ماڭغىلى بولىدىغان «تەڭگى تار» يولى بىلەن گەز جىلغىسى ئارقىلىق ماڭغىلى بولىدىغان «گەز يولى» بار ئىدى. بۇلاردىن «گەز يولى» دا پەقەت كۈز ۋە قىش پەسلىدە دەريا سۈيى ئازلىغاندا ۋە مۇزلىغاندىلا ماڭغىلى بولاتتى، بىراق بۇ يولدا ھېچقانداق يېزا - كەنت ياكى قونالغۇ جايلار بولمىغاچقا، كىشىلەر كۆپىنچە تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە، قەدىمدىن قالغان، بۇزۇلۇپ كەتكەن گۈمبەزلەردە قونۇشقا مەجبۇر بولاتتى. «تەڭگى تار» يولىدا يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە قاتنىغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرىدا ئېگىز داۋان بولغاچقا، خەتەرلىك كۆپ ئىدى.

كېيىن، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى بىلەن بىر قىسىم تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەپ چىقىرىلىپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرۇلدى، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تېخنىكىسى پەيدىنپەي ئۆسۈپ، كىرىمى كۆپەيدى، كوپېراتىپنىڭ كۆلىمىمۇ بارغانسېرى كېڭەيدى. شۇڭا بۇ كوپېراتىپ 1962 - يىلى قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا كىيىم تىكىش كوپېراتىپى، ياغاچچىلىق كوپېراتىپى، تۆمۈرچىلىك ۋە تۇنىكىچىلىك كوپېراتىپى، موزدۇزلۇق كوپېراتىپى ۋە قۇرۇلۇش ئەترىتى تەسىس قىلىندى، بۇ كوپېراتىپلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. ھازىر بۇ كوپېراتىپلاردا ئىشلەپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ئاپتونوم ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قىزغىن قارشى ئالىدىغان مەھسۇلات بولۇپ قالدى.

ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە تۈرلۈك ماشىنىلارنى ئىشلىتىشكە ئوبدان شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

قىسقىسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە سانائەت يوقاۋۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇلدۇ. يېزا - كەنتلەردىمۇ كىيىم تىكىش، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق كەسىپلەر بارلىققا كەلدى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىدىمۇ زور ئۆسۈشلەر بولدى. مەسىلەن، 1966 - يىلى پۈتۈن ناھىيىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئارانلا 3400 يۈەن ئىدى، 1983 - يىلىغا كەلگەندە سانائەت مەھسۇلاتلى-

ئازادلىقتىن كېيىن، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ سانائەت-قاتناش ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، پەيدىنپەي تەرەققىي قىلدى.

سانائەت جەھەتتە، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى سانائەت ئاساسىي يەنىلا ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان بىر قىسىم سانائەت ۋە قول سانائەت ئورۇنلىرى بارلىققا كەلدى. 1958 - يىلى تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئون كىلوۋات توك تارقىتالايدىغان تۇنجى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بىر قىسىم ئېھتىياجىنى قامدىغانىدى، 1964 - يىلى يەنە 48 كىلوۋات توك تارقىتالايدىغان يەنە بىر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. لېكىن بۇمۇ كېيىنچە ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە بىر قىسىم سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا 1981 - يىلى يەنە بىر ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارە - جەمئىيەت، كان - كارخانا ۋە ئاھالىلەرنىڭ توكقا بولغان ئېھتىياجى قامدالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەش يېزىدا بىردىن كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇپ، شۇ يەردىكى بىر قىسىم ئاممىنىڭ ئۆيلىرىگە چىراغ تارتىلدى.

ئاممىنىڭ قول سانائەت بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، 1957 - يىلى ئاپتونوم ناھىيىلىك قول سانائەت كوپېراتىپى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرنەچچىلا تۆمۈرچى، ياغاچچى، سەيپۇڭ، موزدۇز قاتارلىقلار بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ تېخنىكىسى تۆۋەن، مەبلىغى ئاز، سايمان - جابدۇقلىرى كونا ھەم قوپال ئىدى. كوپېراتىپ قۇرۇلغاندىن

خونجېراپ①، مىڭ ىىكە قاتنارلىق جايلارغىچە ئاپتوموبىل
قاتنىدى؛ 1978 - يىلى «جۇڭگو - پاكىستان دوستلۇق يولى»
دەپ نام بېرىلگەن جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىدا رەسمىي ئاپتو-
موبىل قاتنىدى، 1982 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تاش-
قورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ خونجېراپ تاغ ئېغىزى
ئېلىمىز بىلەن پاكىستاننىڭ سودا ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن ئېچىۋې-
تىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تاشقورغان تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى. ئېلى-
مىزدىن غەربىي ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە قاتناي-
دىغان ھاۋا يولىمۇ تاشقورغان ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتىدۇ. شۇن-
داق قىلىپ قەدىمكى «يىپەك يولى» دېگىلى بۇ تۈگۈن ھازىرمۇ
جۇڭگو بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا ئەللىرى دوستانە بار-
دى - كەلدى قىلىشىدىغان مۇھىم تۈگۈن بولۇپ قالدى.
30 نەچچە يىلدىن بۇيان قەشقەر - تاشقورغان ۋە جۇڭ-
گو - پاكىستان تاشيولى ياسىلىپ، تاشقورغاننىڭ سىرت جاي-
لار بىلەن بولغان قاتناش شارائىتى ياخشىلىنىپلا قالماستىن،
ناھىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تاشيوللارمۇ زور كۈچ بىلەن
ياسالدى، دۆلەت خېلى كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئاھالىلەرنى
تەشكىللەپ، قاتناش شارائىتى ئەزەلدىن قىيىن ۋە خەتەرلىك
بولغان داتۇڭ، بورۇمسال، قىرغىزشلۇق يېزىلىرىغا بارىدىغان
ئات - ئۇلاغ يوللىرىنى كېڭەيتىپ ياسىدى، بەزى ئاددىي كۆرۈك-
لەرنىڭ ئورنىغا بىرقەدەر ئىشەنچلىك بولغان ئاسما كۆۋرۈكلەر-
نى ياساپ، قاتناشنىڭ يىل بويى راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى،
شۇنىڭدەك بىر قىسىم خەتەرلىك يايلاق يوللىرىنىمۇ ياساپ، چار-
ۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇردى. 1978 - يىلى
دۆلەت 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ناھىيە بازىرىدىن

① خونجېراپ — يەر نامى، تاجىكچە سۆز بولۇپ، پاناھلىق جىرا،
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ۋىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 207 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1966 - يىلدىكىگە قارىغاندا 60 ھەسسە ئاشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سىياسەت كەڭ قويۇۋېتىلگەنلىكتىن، بۇ ناھىيىدە يەككە قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ بارلىققا كېلىشكە ۋە كۆپىيىشكە باشلىدى.

تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىمۇ پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بۇ ناھىيىنىڭ قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. ھەر يىلى مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئاپتونوم ناھىيە دائىرىسىدىكى خەتەرلىك يوللارنى ياساپ، قاتناش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم بەردى. 1958 - يىلى 1 - ئۆكتەبىردە ئۇزۇنلۇقى 294 كىلومېتىر كېلىدىغان قەشقەر - تاشقورغان يولىدا رەسمىي قاتناش باشلاندى. بۇ يول قەشقەر بوستانلىقىدىن باشلىنىپ، ھەيۋەتلىك تاش - قىيالار بىلەن ئورالغان گەز جىلغىسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، بەگباش گەز دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، «مۇز تاغ ئاتا» چوققىسىنى ئايلىنىپ تاشقورغان بازىرىغا كىرىدۇ. قەشقەر - تاشقورغان تاشيولىنىڭ ياسىلىشى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تۈرلۈك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغىمۇ يېڭى قىياپەت ئېلىپ كەلدى. ئۆتمۈشتىكى سودا كارۋانلىرىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنىڭ ئورنىنى ئاپتوموبىل سادالىرى ئىگىلىدى، قەدىمكى زاماندىكىدەك نەچچە مىڭ ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار توڭلاپ ئۆلىدىغان پاجىئە كەلمەسكە كەتتى.

قەشقەر - تاشقورغان تاشيولىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، بۇ يول داۋاملىق ھالدا جەنۇبقا قاراپ ئۇزارتىلىپ

## 2. تەرەپ-تەرەپكە سوزۇلغان پوچتا-تېلېگراف تورلىرى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ پوچتا-تېلېگراف ئىشلىرىمۇ ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بارلىققا كېلىپ، پەيدىنپەي تەرەققىي قىلغان يېڭى ساھە. ئازادلىقتىن بۇرۇن تاشقورغان ناھىيىسى دائىرىسىدە ھېچقانداق خەلق پوچتا-تېلېگراف مۇئەسسەسى يوق ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئالاقە-خەتلىرىمۇ قەرەلسىز ھالدا ئەسكەرلەر تەرىپىدىن توشۇلاتتى. پەقەت گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىلا بىر تېلېگرافخانا بولۇپ، گومىنداڭنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ساقچى، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگانلىرى بىلەن تېلېگراف ئالاقىسى قىلاتتى. گومىنداڭنىڭ ھەرقايسى چېگرا ئېغىزلىرىدىكى كازارمىلىرىمۇ ئۆز ئارا خەت-چەك ئەۋەتىشتە ئات-ئۇلاغلارغا تايىناتتى. كايىدا چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىدا بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە، ناھىيىدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگانلار بىر نەچچە كۈنگىچە خەۋەرسىز قالاتتى، ئادەتتىكى پۇقرالار بولسا، سىرت بىلەن ھېچقانداق خەت-ئالاقىسى قىلالمايتتى، پەقەت باشقا جايلارغا بېرىپ كەلگەن كىشىلەر ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنىڭ سىرتتىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى توغرىلىق ئاز-تولا خەۋەرگە ئىگە بولاتتى. گېزىت-ژۇرنال دېگەنلەرنى بولسا، ھېچكىم كۆرەلمەيتتى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ھالەتكە خاتىمە بېرىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

1952-يىلى تاشقورغان تارىخىدىكى تۇنجى ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئۇ ۋاقىتتا، ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئاساس-

ۋاچا ـ بەلدىر جىلغىسىغا بارىدىغان ئاددىي ھالدىكى شىندى تاشيولىنى ياسىغانىدى، كېيىن بۇ يول داۋاملىق ھالدا جەلۇبـ ـقا قاراپ ئۇزارتىلىپ، مەرياك يېزىسىغىچە يەتكۈزۈلۈپ ئاپتوموـ ـبىل قاتنىشى يولغا قويۇلدى. ھازىر قوغۇشلۇق، داتۇڭ، بوـ ـرۇمسال يېزىلىرىدىن باشقا ھەممە يېزىلارغا ئاپتوموبىل قاتنايدۇ، ناھىيە ئىچىدىكى تاشيوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 900 كىلومېتىرغا يەتتى، ئۇنىڭ سىرتىدا ئۈچ يەردە ئۇلاغ يولى كۆرۈكى، 14 ئورۇندا تاشيول كۆۋرۈكى ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىندى تاشيول كۆۋرۈكى پۈتۈنلەي بېتوندىن ياسىلىپ، ناھىيىنىڭ شەرقىي تەـ ـرىپىدىكى يېزىلارنىڭ قاتنىشىنىڭ يىل بويى راۋان بولۇشىغا كاـ ـپالەتلىك قىلىندى.

تاشيوللارنىڭ ياسىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ قاتناش قوراللىرىمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى ۋە ياخشىلاندى. 1964 ـ يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىدە بىر نەچچىلا چوڭ ـ كىچىك ئاپتوموبىل بار ئىدى، 1974 ـ يىلغا كەلگەندە يۈك ئاپتوموـ ـبىلى ئونغا يېتىپ، ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇرۇلدى، كىچىك تىپتىكى «جىپ» ئۈچكە يەتتى، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى. ھازىر ناھىيە بويىچە چوڭ ئاپتوموبىل 66 گە، كىچىك ئاپتوموبىللار 13 كە يەتتى.

قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ يېتىكچىل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشـ ـتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، چېگرا مۇداپىئەـ ـسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۈچىيىـ ـشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيـ ـسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىماقتا.

سازاۋەر بولدى. مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، «ئېگىزلىكتىكى بۈركۈت» دەپ دەم ئالغان يېزا پوچتالىيونى ئەكرەم ئاپتونوم ناھىيىدىكى كەڭ پوچتا - تېلېگراف ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ 20 نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ۋاچا يېزىسى بىلەن داتۇڭ يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى يوللارنى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5600 مېتر كېلىدىغان «كەندۇر» داۋىنىنى پىيادە بېسىپ، پوچتا - ئالاقە ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

## 3 - بۆلۈم مالىيە - سودا، پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى

ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىگىلىكى ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى ناتۇرال ئىگىلىك بولغاچقا، تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان. يەرلىك ئاھالىلەر، بولۇپمۇ تاجىك ۋە قىرغىز ئاھالىلىرى ئىچىدە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئاساسەن قەشقەر ۋە يەكەن سودىگەرلىرى قىلاتتى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىشلەپچىقارغان چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى مۇشۇ سودىگەرلەر ئارقىلىق كىيىم - كېچەك ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئالماشتۇرۇلاتتى. بۇنداق ئالماشتۇرۇش كۆپىنچە مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى، مالنى پۇلغا ئالماشتۇرۇش ئانچە تەرەققىي قىلمىغانىدى. پەقەت چارۋىدارلار ۋە باي چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئېشىنچا چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئالتۇن، كۈمۈشكە ئايرىۋاشلاپ،

لىتى قەشقەر بىلەن تاشقورغان ئوتتۇرىسىدىكى ۋە بىر قىسىم يېزا - كەنتلەر ئارىسىدىكى پوچتا ئالاقىسىنى باشقۇراتتى، پوچتا قاتنىشىمۇ ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، قەشقەر بىلەن تاشقورغان ئوتتۇرىسىدا ئايدا بىر قېتىملا پوچتا قاتنايتتى، شۇنداقلا ئۇ ۋاقىتتىكى پوچتا قاتنىشى يەنىلا ئۇلاغ كۈچى بىلەن بولاتتى. 1958 - يىلى قەشقەر - تاشقورغان تاشيولى ياسىلىپ، پوچتا ئالاقىسى ئاپتوموبىل ئارقىلىق قىلىنىدىغان بولدى. پوچتا قېتىم سانىمۇ كۆپىيىپ، ھەپتىدە بىر قېتىم توشۇشقا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى يەنە قەشقەر - تاشقورغان ئوتتورىسىدىكى سىم يولى تارتىلىپ، تېلېگراف كەسپى يولغا قويۇلدى. 30 يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ناھىيىنىڭ ئۆزىدىكى پوچتا - تېلېگراف كەسپى تېز راۋاجلىنىپلا قالماستىن، ئۈچ يېزىدا پوچتا پونكىتى قۇرۇلدى، ھەممە يېزىلارغا قاتنايدىغان يېزا پوچتالىيونلىرى بار بولدى. كەسپ جەھەتتىمۇ ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى خەت - چەك پوسۇلكا يەتكۈزۈشتىن باشقا يەنە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، بازار ئىچى تېلېفونى، تېلېگرامما، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش قاتارلىق كەسپلەرنى يولغا قويدى، قەشقەر بىلەن تاشقورغان ئوتتۇرىسىدىكى پوچتا قاتنىشى ھەپتىدە ئۈچ قېتىمغا كۆپەيتىلدى، يەتتە يېزىغا تېلېفون سىمى تارتىلدى. بۇ ئارقىلىق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمىمۇ 114 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پوچتا - تېلېگراف ساھەسىدە ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم ناھىيىدىكى ھەر قايسى يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قاتناپ تاغ - داۋانلار ئېشىپ، جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئاممىنىڭ خەت - چەك، گېزىت - ژۇرناللىرىنى ئۆز ۋاقتىدا، توغرا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا

يەلە مۇۋاپىق باھا سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، چارۋا ۋە چارۋى-
چىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، سا-
نائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى چۈشۈردى. شۇنىڭ
بىلەن چارۋىچىلار جازانىخور سودىگەرلەرنىڭ ۋاقتى - سوقتى
قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا
تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. خەلقنىڭ سې-
تىۋېلىش كۈچى يىلدىن - يىلغا ئاشتى. مەسىلەن، 1952 - يىلى
دۆلەت سودا تارماقلىرى سېتىپ چىقارغان رەخت 130 مىڭ
مېتر بولغان بولسا 1954 - يىلغا كەلگەندە 210 مىڭ مېترغا
يەتتى، 1952 - يىلى دېھقانلار سېتىۋالغان تۆرلۈك ئىشلەپچىقى-
رىش سايمانلىرى 1000 دانىدىن ئارتۇقراق بولغان بولسا،
1954 - يىلغا كەلگەندە 5037 دانىغا يەتتى. 1953 - يىلى
دۆلەت سودا ئورۇنلىرى سېتىۋالغان چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ
ئومۇمىي قىممىتى 106 مىڭ 30 يۈەن بولسا، 1954 - يىلى
سېتىۋېلىنغان چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى
188 مىڭ 728 يۈەنگە يەتتى. بۇ ئەھۋال خەلق ئاممىسىنىڭ
دۆلەت سودىسىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسى-
تەتتى، شۇڭا، 1954 - يىلى ناھىيىلىك سودا شىركىتى قۇرۇلدى،
1955 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى.
ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلغاندا، كوپېراتىپ
ئەزالىرى 1049 نەپەر بولۇپ، قوشقان پاي پۇلى 29 مىڭ
245 يۈەن ئىدى، كوپېراتىپنىڭ ئومۇمىي سەرمايىسى ئاران 52
مىڭ 725 يۈەنگە يەتكەن. 1956 - يىلى ناھىيىلىك سودا
شىركىتمۇ ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلدى.
شۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي سەرمايىسى 210 مىڭ 229 يۈەن بول-
دى. شۇ يىلى ئومۇمىي سېتىۋېلىپ كىرگۈزگەن تاۋار قىممىتى
425 مىڭ 419 يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش قىممىتى

ئۇنى ئۆزىنىڭ زاپاس مالىكى قىلاتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە يۇقىرىدىكىدەك مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش ئىشىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چېگرا رايونلاردا يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ، جۇڭگو- سوۋېت چېگرىسىغا جايلاشقان رايونلارنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى، چارۋىچىلارنى چېگرىدىكى ئوتلاقلاردىن ئىچكى جايلارغا يۆتكەپ، سىرتتىن كېلىپ- كېتىدىغانلارنى قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سودىگەرلەرنىڭ سودا- سېتىق قىلىشىمۇ بارغانسېرى قىيىنلاشتى. بۇنداق ئەھۋالدا يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزىنىڭ چارۋا ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا چىقىرالماي، ئۇزاققىچە بېسىلىپ قالغاچقا، ئەرزان باھادا سېتىشقا مەجبۇر بولاتتى، سىرتتىن سېتىۋالىدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا سېتىۋالالمىغانلىقتىن، ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ باھاسى ئېشىپ باراتتى. بەزى پۇرسەتپەرەس سودىگەرلەر مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن ئېغىز- بۇرۇن يالىشىپ، چارۋىچىلارنى تېخىمۇ قاقتى- سوقتى قىلىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا ئۆلچەملىك بىر تىرىك قويغا بىر دانە چەكمەن چاپان ياكى بەش مېتىر چىت، بىر قوزىغا ئاران بىر تاختا چاي ئالماشتۇرغىلى بولاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سەييارە سودا گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، سانائەت بۇيۇملىرىنى يېزا- كەنت ۋە ئوتلاقلارغىچە ئاپىرىپ كەڭ چارۋىچىلارنى ئۆز جايىدا تەمىنلەپ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى يولغا قويدى. دۆلەت

1976 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى يەنە ئايرىلىپ، يەرلىك ماللار شىركىتى بىلەن گۆڭشىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا، قالغان ئۈچ شىركەت ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىگە قارايدىغان بولدى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ سودا مۇئەسسەسلىرىدە ئاشۇنداق قوشۇلۇش، ئايرىلىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە سودا خىزمىتىدە زور يۈكسىلىشلەر بولدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي تارماقلار پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، «سول» چىللىقنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە ئۇلارنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، سودا تور نۇقتىلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ تىجارەتنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈردى. 1983 - يىلغا كەلگەندە، تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 481 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاشلىق تارماقلىرى 185 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىپ، 3 مىليون 320 مىڭ جىڭ ئاشلىق كىرگۈزۈپ، بازار ۋە يېزا چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. شۇ يىلى يەنە ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى 17 مىڭ پارچە ھەر خىل تېرە، 28 توننا يۇڭ ۋە باشقا چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىقتىسادىي جەھەتتە سىياسەت

316 مىڭ 93 يۈەنگە يەتتى. ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كو-
پىراتىپى سانائەت مەھسۇلاتلىرى بويىچە سودا كەسپىنى باشقۇ-
رۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاشلىق، قول سانائەت مەھسۇلات-
لىرىنى سېتىۋېلىش، تاشقى سودا قاتارلىق كەسىپلەرنىمۇ باشقۇر-
دى. 1957 - يىلىغا كەلگەندە يەككە تىجارەتچى ۋە قول ھۈنەر-
ۋەنلەرمۇ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلىش ئارقىلىق تەمىنات - سو-
دا كوپېراتىپىنىڭ قارمىقىغا ئۆتتى. 1959 - يىلىغا كەلگەندە
ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ۋە تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇ-
لۇپ، ئاشلىق ۋە تاشقى سودا كەسپى ئايرىپ چىقىلدى. شۇنىڭ
بىلەن ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ قارمىقىدا سانا-
ئەت بۇيۇملىرى شىركىتى، يەرلىك ماللار شىركىتى ۋە ئىس-
تېمال بۇيۇملىرى شىركىتىدىن ئىبارەت ئۈچ شىركەت قۇرۇلدى،
ئىككى ئورۇندا رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ھەرقايسى
گۇڭشېلاردا تەمىنات - سودا دۇكانلىرى، دادۇيلەردە ۋەكالىتەن
سېتىش - سېتىۋېلىش نۇقتىلىرى قۇرۇلدى، شۇنداق قىلىپ نا-
ھىيىنىڭ ھەممىلا يېرىدە سودا تورلىرى بارلىققا كەلدى، سېتى-
ۋېلىش، كىرگۈزۈش، توپ ھەم پارچە سېتىش قىممىتى زور دە-
رىجىدە ئاشتى. 1964 - يىلىغا كەلگەندە ئومۇمىي تىجارەت قى-
لىنغان تاۋار تۈرلىرى 2430 غا، سېتىۋېلىش، كىرگۈزۈش سو-
ممىسى 615 مىڭ يۈەنگە، توپ ۋە پارچە سېتىش ئومۇمىي
قىممىتى بىر مىليون 199 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1973 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى
ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا
نېفىت شىركىتى، سودا شىركىتى، يېمەكلىكلەر شىركىتى، يەرلىك
ماللار شىركىتى قاتارلىق تۆت شىركەت تەسىس قىلىندى، ئاسا-
سى قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ۋە ۋەكالىتەن سېتىش
دۇكانلىرىمۇ ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈلدى،

ئەگىشىپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ بازار ۋە يېزىلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلدىن - يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە تاجىك خەلقى تېخى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن ئىدى. بىر قىسىم چارۋىچى، دېھقانلار يەنىلا دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىش ئارقىلىق تاشقۇرغان خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىغا يار - يۆلەك بولدى. شۇڭا، 1965 - يىلغا كەلگەندە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 75 يۈەنگە يېتىپ، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئاشقانىدى. ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە ئىگىلىك تەرەققىياتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر يىل بويى تەر تۆكۈپ ئىشلىسىمۇ، لېكىن قۇتقۇزۇشقا تايىنىپ جان باقىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1978 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە قۇتقۇزۇشقا تايىنىپ جان باقىدىغانلار 720 ئائىلە 4051 كىشىگە يەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كەڭ چارۋىچى، دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز ئەمگىكى بىلەن بېيىپ تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا چاقىردى، تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى بىرقەدەر كەڭ قويۇپ بەردى، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. 1983 - يىلى گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 119 يۈەنگە يېتىپ، 1965 - يىلدىكىگە قارىغاندا 37 پىرسەنت

كەڭ قويۇۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلاردا يەككە تىجارەتچىلەر ۋە مۇلازىمەتچىلەرمۇ بارلىققا كېلىپ، شەھەر — يېزا بازارلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى.

پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بىرقەدەر تېز بولدى. ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغاندا، يەرلىك مالىيە كىرىمى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئاپتونوم ناھىيىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىگىلىكنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، يەرلىك مالىيە كىرىمى كۆپەيدى، باج ئىشلىرىمۇ جانلىنىپ باج كىرىمى 199 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئارانلا ئۈچلا خىزمەتچىسى بار بىر بانكا بار ئىدى، ھازىر جۇڭگو خەلق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو سودا – سانائەت بانكىسى قاتارلىقلارنىڭ تاشقورغان ناھىيىلىك شۆبىلىرى ۋە جۇڭگو ستراخوۋانىيە شىركىتىنىڭ تاشقورغان ناھىيىلىك ۋەكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. تۆرلۈك شۆبە بانكىلاردىكى كادىرلار ۋە ئىشچى – خىزمەتچىلەر 72 كىشىگە يەتتى، ئۇلار ئامانەت پۇل توپلاش، تۆرلۈك ئىشلەپچىقىرىشلارغا پۇل قەرز بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى ياراتتى.

## 4 – بۆلۈم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى

ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۆرلۈك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا

قويغان پۇلى 89 مىڭ 260 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە بىردىنلا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ (بولۇپمۇ ئاھالىلەرنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش قىزغىنلىقى ئېشىپ)، 1978 - يىلغا كەلگەندە 131 مىڭ 555 يۈەنگە يېتىپ، 1960 - يىلدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، 1983 - يىلغا كەلگەندە بولسا 308 مىڭ 361 يۈەنگە يەتتى. شەھەر - يېزىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ جەمئىي ئامانەت قويغان پۇلى 1976 - يىلى 442 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1983 - يىلغا كەلگەندە بىر مىليون 566 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۆت ھەسسىگە يېقىن ئاشتى.

ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتىمۇ يىلدىن - يىلغا ياخشىلاندى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئولتۇراق ئۆيلىرىنى رېمونت قىلدى ياكى يېڭىدىن ئۆي سالدى. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يېڭىدىن سالغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 1982 - يىلى 64 مىڭ كۋادرات مېترغا، 1983 - يىلى بولسا 72 مىڭ 300 كۋادرات مېترغا يەتكەن. ناھىيە بازىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن 27 مىڭ 272 كۋادرات مېتىر يەرگە ئۆي سېلىنغان.

ئازادلىقتىن بۇرۇن تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ بازىرى تولىمۇ كۆرۈمسىز بولۇپ، ئادەم ماڭسا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بىرلا كوچىسى بار ئىدى، بازار ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ناچارلىقى بازار كۆرۈنۈشىنى تېخىمۇ خۇنۈكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. گومىنداڭنىڭ دۆڭ ئۈستىگە سېلىنغان ئىشخانا بىناسى بىردىنبىر ئوبدان بىنا ھېسابلىناتتى. ئازادلىقتىن كېيىن ھۆكۈمەت ۋە ئامما بىردەك

ئاشتى؛ ئوزۇقلۇق ئاشلىقمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1954 - يىلى ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 200 جىڭدىن ئاشمايتتى، 1983 - يىلغا كەلگەندە 380 جىڭغا يەتتى.

يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى، نۇرغۇنلىغان دېھقان، چارۋىچىلار نەچچە مىڭ جىڭلاپ ئېشىنچە ئاشلىق، نەچچە ئون تۇياقلاپ ئېشىنچە چارۋا ساتالايدىغان بولدى. بەزى ئائىلىلەرنىڭ قالدۇرۇق چارۋىسى 200 تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى، بەزى ئائىلىلەر بىرقانچە مىڭ يۈەن پۇل ئامانەت قويالايدىغان، ئاپتوموبىل، تراكتور سېتىۋالالايدىغان بولدى. ھەربىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىجتىمائىي سېتىۋېلىش كۈچى 1949 - يىلدىكى تۆت يۈەن ئون فۇڭدىن 197 يۈەنگە يېتىپ، 48.7 ھەسسە ئاشتى. شۇڭا، خېلى نۇرغۇن كىشىلەر كىرئالغۇ، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، گىلەم، كىيىم تىككىش ماشىنىسى، ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ئېشىپلا قالماستىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستى. مەسىلەن، ئاپتونوم ناھىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1976 - يىلى 836 يۈەن بولغان بولسا، 1983 - يىلغا كەلگەندە 1394 يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكىدىن 558 يۈەن ئاشتى.

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدە بولغان ئۆزگىرىشنى مۇنۇ سانلاردا تېخىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ: گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىدا ئامانەت قويغان پۇلى 1960 - يىلى 101 مىڭ 126 يۈەن ئىدى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، 1974 - يىلغا كەلگەندە ئامانەت

# سەككىزىنچى باب

## مەدەنىيەت - مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى

### 1 - بۆلۈم مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا

30 نەچچە يىلدىن بۇيان تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت، مائارىپ ئىشلىرى ساغلام راۋاجلىنىپ، تاجىكلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مەدەنىيەت - سەنئەت، مائارىپ قوشۇنى بارلىققا كەلدى ۋە ئۆسۈپ زورايدى. خەلق ئاممىسىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مەنىۋى تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە جانلاندى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى تاشقورغاندا ھېچقانداق مەدەنىيەت - سەنئەت مۇئەسسەسىلىرى يوق ئىدى، 90 پىرسەنتتىن يۇقىرى ئاھالە ساۋاتسىز ئىدى، گايى كەنتلەردە بىرمۇ ساۋاتلىق ئادەمنى تاپقىلى بولمايتتى، ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا ناھىيە بويىچە بىر-نەچچىلا باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، سىنىپلىرى ۋەيرانە، ئوقۇغۇچى

ھەمكارلىشىپ، بازار تۈسكە يېڭى قىياپەت كىرگۈزدى. 1983- يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بازىرىدىكى ئۇمۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 445 مىڭ 515 كۋادرات مېترغا يەتتى، بازار كوچىلىرىغا ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى، ئەتراپىغا دەل - دەرەخ ۋە گۈل - گىياھلار ئۆستۈرۈلدى، ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ۋودوپرووودلاشتۇرۇلدى، ھازىر قەۋەتلىك ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. شۇڭا تاجىك خەلقى مۇنداق دەيدۇ:

كەلدى بۈگۈن ھۆر - بەختلىك، قەندىنمۇ تاتلىق دەۋرىمىز،
تۈگىدى ئاغرىق - سىلاق، قالمىدى ھېچ جەبرىمىز،
بىزگە بۇ ھۆر بەختنى بەرگەن پارتىيىمىز، دەۋرىمىز،
شەپقىتىڭگە ئىبە پارتىيەم چىن تەشەككۇر ئېيتىمىز.

ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنالماي، ئوقۇغۇچىلار ئىلىشقا تېگىشلىك پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىدىن مەھرۇم قالدى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىچىدىكى ئۇزۇن يىللىق سىناقلاردىن ئۆتكەن تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار تۈرلۈك بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن چەتلىتىلدى. 1966 - يىلى مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلاپ «ئۆگىنىش كۇرسى» ئېچىش نامى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەدىبى بېرىلدى، بەزىلىرى دەھشەتلىك كۆرەشلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈپمۇ كەتتى. شۇڭا بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە بىرنەچچە يىل تۇرۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا ساۋاتسىز پېتىچە قېلىۋەردى، «سول» لۇشيەنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن مائارىپ جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي پەرق يوققا چىقىرىلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز بىر قاتار توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى ساغلام تەرەققىي قىلىش ئىزىغا سالدى، مەكتەپلەردە نورمال ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، مەكتەپلەردىكى تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى ۋە سۈپىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە ئۆستۈرۈلدى، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىياتى ياخشىلاندى، مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، بىر قاتار قائىدە - تۈزۈملەر تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيىسى، قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسى، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى.

جاھازلىرى تولىمۇ ناچار ئىدى، جوزا - بەندىڭلىرى لاي، كېسەك ۋە تاشتىن ياسالغان، بەزى يېزىلاردىكى مەكتەپلەر نامدا مەكتەپ دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شەخسلەردىن ئارىيەت ئېلىنغان كونا ئۆي ۋە كەپىلەر ئىدى، ئوقۇغۇچىلار قەلەم، قەغەز ئورنىغا سېغىز، تاختاي ۋە كۆمۈر ئىشلىتەتتى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار جەمئىي 324 نەپەر ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تاجىك خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى جەھەتلەردە زور ياردەملەرنى بەردى. 1954 - يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە بىر مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، توققۇز ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 1004 نەپەر، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 34 كە يەتتى. شۇ يىلى يەنە ناھىيىدە تەمىناتلىق مەكتەپ قۇرۇلۇپ، مەكتەپلەرگە يىراق بولغان چەت — ياقا يېزا - كەنتلەردىكى نامرات چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن 190 بالا قوبۇل قىلىندى، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە بارلىق ئوقۇش خىراجىتىنى دۆلەت ئۈستىگە ئالدى. 1959 - يىلى ئۈچ سىنىپلىق بىر مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، 103 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1965 - يىلىغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپلەر 29 غا، سىنىپ سانى 60 قا، ئوقۇغۇچى سانى 1700 گە، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 80 گە، ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى ئالتىگە، ئوقۇغۇچىلىرى 260 قا، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 24 كە يەتتى.

ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق ئاپتونوم ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئېغىر زىيانلارنى يەتكۈزدى، مەكتەپلەر نورمال

سانى 3251 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 2693 نەپەر بولۇپ، 82.8 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. 1959 - يىلى بۇ ناھىيىدە بىر مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانىدى، 1962 - يىلغا كەلگەندە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە بۇ مەكتەپتە 912 نەپەر ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى.

ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى ھەم تېز، ھەم پىلانلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى ۋە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ناھىيىلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن 150 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقىتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان قەشقەر شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ۋە 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەۋەتىپ، مەخسۇس سىنىپلاردا ئوقۇتتى. ھازىر تاشقورغان ناھىيىسىدىكى ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپتىن 11 ى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 388 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىك ئوقۇغۇچىلار 61.1 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى بەش بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 129 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 75.1 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەكتەپ مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئوقۇتقۇچى ئاساسىي رول ئوينايدۇ. شۇڭا تاشقورغان ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلدى. 1981 - يىلى ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا سىنىپ سانىنى كۆپەيتىپ، ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى ئاشۇردى. 1979 - يىلىغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپ سانى 67گە، سىنىپ سانى 166گە، ئوقۇغۇچى سانى 2738 گە، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى سانى 191 گە يەتتى، بەش گۈكشى، ئىككى فېرما — مەيداننىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە يىراق بولغان دېيلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېڭىدىن ئۈچ ئورۇنغا ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىنىپ، 390 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئۇلار-نىڭ بارلىق تەمىناتىنى دۆلەت كۆتۈرىدىغان بولدى. ئەمدىلا مەكتەپ يېشىغا توشقان ئۇششاق بالىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئايال خىزمەتچىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، نەتىجىدە ئۆسمۈرلەر خۇشال - خۇرام ئوقۇي-دىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ پەرزەنتلىرىدىن خاتىرجەم بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، 1981 - يىلى ناھىيە بازىرىغا 950 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىنىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش شارائىتى ياخشىلاندى.

مەكتەپ قۇرۇلۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى-نىڭ كۆپىيىشى، ئوقۇش سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈر - بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھازىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھەرقايسى يىللىقلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئومۇمي ئوقۇغۇچى

ئەپەر بولۇپ، بۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە 3804 نەپىرى ساۋاتلىق بولغان، بۇ، ساۋات چىقىرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ 75 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىشچى - خىزمەتچىلەر ماتارىيىمۇ مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتۇلدى. ناھىيىدىكى تەشكىلات، ماتارىپ، ئەمگەك - كادىرلار تارماقلىرى زىچ ماسلىشىپ، بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى؛ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئاشۇرۇش كۇرسى ئاچتى، ياش مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە خەنزۇ تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ بەردى، بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى پىلانلىق ھالدا ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومىلارغا ئەۋەتىپ ئوقۇتتى.

ھەردەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ پەن - مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان تاجىك خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھەردەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، تاجىك زىيالىيلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك. 1959 - يىلىدىن بۇيان، تاجىك ئۆسمۈرلىرىدىن 2502 كىشى تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈردى؛ 65 ئوقۇغۇچى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە تەربىيىلەندى؛ 350 نەپەر ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملاردا ئوقۇدى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 440 كىشى تۈرلۈك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى ۋە قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا ئوقۇدى. بۇ تاجىك زىيالىيلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىمەكتە، بەزىلىرى ھەرقايسى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق سەپلىرىدە تېخنىكا

قۇرۇلۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 160 ئادەم قېتىم ئوقۇتقۇچى خىزمىتىدىن ئايرىلىپ، مەخسۇس بىلىم ئاشۇردى. ھەرقايسى يېزا، مەيدانلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن بىلىم ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان يەنە 60 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتىكى ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى.

يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت چوڭلار مائارىپى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى خېلى بۇرۇنلا چىڭ تۇتقان ۋە بەلگىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغانىدى، يەنى يېزا - كەنتلەردە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، نۇرغۇنلىغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش چارۋىچىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقارغانىدى. ئون يىللىق ئىچكىي قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە بۇ ئىش توختاپ قالدىلا ئەمەس، ھەتتا ئىلگىرى ساۋاتىنى چىقارغانلارنىڭمۇ يەنە بىرقىسمى ساۋاتسىز بولۇپ كەتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ھەردەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى دېھقان - چارۋىچىلارنى ساۋاتلىق قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ھەرقايسى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە مەخسۇس مائارىپ خادىمى سەپلەپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇتۇش ئورنى قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى ۋە بۇ خىزمەتنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ تۇردى. نەتىجىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ناھىيە بويىچە 16 ياشتىن يۇقىرى 40 ياشتىن تۆۋەن ساۋات چىقىرىشقا تېگىشلىك ئادەملەر 5004

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ئۆمەك قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ئاستىدا، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، تاغ ۋە يېزىلارغا يۈزلىنىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئاپتونوم ناھىيىدىكى ھەرمىللەت چارۋىچىلىرى، دېھقانلىرى ئۈچۈن بىرقانچە مىڭ قېتىم سايىيارە ئويۇن قويدى، بىرقانچە يۈز خىل تېمىدىكى سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ سەھنىدە كۆرسەتتى. بولۇپمۇ تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى دەۋر روھىغا ئويغۇنلاشتۇردى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە نومۇرلىرى مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەردە مۇكاپاتلاندى. تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى «ئارغىماق ئۇسسۇلى» ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن «ئارغىماق ئۇسسۇلى» 1980 - يىلى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن ئازسانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئىگە بولدى، يەنە ئۈچ نومۇر ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 50 نومۇر مۇنەۋۋەر سەنئەت نومۇرى بولۇپ باھالاندى، 40 نەپەر ئادەم قېتىم مۇنەۋۋەر ئارتىس ۋە مۇنەۋۋەر ئىجادىيەتچى بارلىققا كېلىپ مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى، ئۇنىڭدىن باشقا «توي ئۇسسۇلى»، «قىلىچ ئۇسسۇلى»، «پادىچى قىز»، «يايلاقتىكى خەلق ئەسكىرى» قاتارلىق نومۇرلار خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئاپتونوم ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى، ياش تاجىك شائىرى ۋە مۇزىكانتى مەرھۇم ئىساق ئازارە (1984 - يىلى 4 - ئايدا 42 يېشىدا ۋاپات بولغان) نىڭ تاجىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور. ئۇ، تاجىك خەلق نەغمىچىسى

ئايانچىلىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە، بىر مۇنچىلىرى ئۆز كەسپىي ساھەسىدىكى ئىشلارنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، تۈرلۈك كەسپىي ئۇنۋانلارغا ئىگە بولدى. بۇ زىيالىيلار ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشماقتا.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغاندا ناھىيە بويىچە بىرەرمۇ ئاممىۋى مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى يوق ئىدى. 1956 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلۇپ، دەسلەپكى قەدەمدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى، 1958 - يىلغا كەلگەندە، مەدەنىيەت يۇرتى قارمىقىدا بىر سەنئەت دۆيى تەشكىل قىلىندى، 1961 - يىلى بۇ سەنئەت دۆيى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ناھىيىلىك كەسپىي ئۆمىكى بولۇپ قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ناھىيىلىك كىنو دۆيى، كىنوخانا، رادىئو ئۇزېلى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلدى. بولۇپمۇ 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى يىرىقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، 10 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى، ئۈچ قىرائەتخانىسى بار ئورۇنغا ئايلاندى. بىر قىسىم يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلدى. ھازىر ناھىيىدىلا ئەمەس، يېزىلاردىمۇ كىنو دۆيلىرى، سىملىق رادىئو كۈچەيتىش پونكىتلىرى بار، بۇلار تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئوخشاش بولمىغان جەھەتلەردىن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىماقتا.

بۇ يەردە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىنى

توپلانغان خەلق ناخشا - قوشاقلىرى 300 خىلغا، خەلق
چۆچەكلىرى 250 پارچىغا، خەلق داستانلىرى بەش
پارچىغا يەتتى.

كىشىنى ئېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، تاجىك خەلقى-
نىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى
كۆتۈرۈلۈشى، تاجىك زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە
ئەگىشىپ، تاجىك يازغۇچى، شائىرلىرىمۇ تەدرىجىي ئۆسۈپ
يېتىلمەكتە. ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى «پامىر
شاتلىقى»، «سەرىكۆي ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردىلا ئەمەس،
ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۇچۇق تارقىتىلىدىغان گېزىت - ژۇر-
نالLاردىمۇ ئېلان قىلىنماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تاجىك شائىرلى-
رىنىڭ شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
تەرىپىدىن «تاجىك خەلق ئەدەبىياتى» توپلىمى نەشر قىلىندى.
ئۇنىڭدىن باشقا تاجىك خەلق ئەدەبىياتى تارىخى ۋە ئېتنوگرا-
پىيىسى توغرىسىدا تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلماقتا. بىر مۇنچە تاجىك
ئىلىم - پەن خادىملىرى بۇ جەھەتتە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ،
مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بەزى ئىلمىي تەتقىقات قائىدىلى-
رىنى ئېلان قىلدى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئاممىۋى تەنتەر-
بىيە پائالىيىتىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېلى تېز تەرەققىي
قىلدى. 1974 - يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى.
1977 - يىلى ئاپتونوم ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم تەنتەربىيە
يىغىنى چاقىرىلىپ، ئۇنىڭغا 15 كوماندا، 190 نەپەر تەنهەر-
كەتچى قاتناشتى. 1978 - يىلى ئۈچ كوماندا تەشكىللەپ،
ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.

ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، دادىسى ئازارە ناھىيىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىدىغان مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى ۋە سازەندىسى ئىدى. مەرھۇم ئىساق دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن-دىن كېيىن، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىس، ئىجادىيەتچى، ئۆمەك باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىنى تاجىك خەلقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ 500 دىن ئارتۇق ناخشا - قوشاق، دراما، ئېيتىشىش، كومېدىيە، ئۇسسۇللۇق ناخشا ۋە 100 دىن ئارتۇق مۇزىكا ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ «بۈركۈت نەي»، «گۈل-سۈرەت»، «ھىجران»، «زەرەپشان»، «پامىر شاتلىقى»، «گۈلبىتە»، «ماۋ جۇشىنىڭ مېھرى - شەپقىتىنى ئۇنۇتمايمىز»، «گۈل ۋە-تەن»، «گۈل يېزام»، «خۇش كېلىپسىز نەۋباھار»، «ناخشا - سازغا ئامراق تاجىك»، «بەختىيار ۋەتەندە»، «جاھانغا مەشھۇر سەرىكۆي پامىر»، «چەۋەندازغا بارىكاللا» قاتارلىق 40 نەچچە ناخشا - مۇزىكىسى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرەكلىرىدە ياخشى باھاغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى ۋە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىلىرىدە كۆپ قېتىم ئاڭلىتىلدى ۋە ئاڭلىتىلماقتا. ئۇنىڭ ناخشا ۋە مۇزىكىلىرى خەلق ئارىسىدىن ئېلىنىپ ئىجاد قىلىنغان-لىقى ئۈچۈن كەڭ تاجىك خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئىگە بولدى، شۇڭا ئۇ ئىجاد قىلغان بىرمۇنچە ناخشىلار ھازىر خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ، توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردا ئېيتىلماقتا.

ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نورمال ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن باشقا يەنە خەلق ناخشا - قوشاقلىرى، ئەپسانە، رىۋايەت، داستان چۆچەك، رۇبائىيلار، خەلق دراما - تىياتىرلىرى ۋە باشقا خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىنى توپلىدى ۋە رەتلىدى. ھازىر

جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، ياش - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەر بار. ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلۇپ 1983 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە تۈرلۈك پەن - تەتقىقات تۈرلىرىدىن 19 نى ئورۇنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم ناھىيىنىڭ «تۇپراق تەكشۈرۈش دوكلاتى» ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «تاغارمىدا فىتور بىلەن زەھەرلىنىشنى تەكشۈرۈش»، «ئېگىزلىكتە سۈنئىي ئوتلاق — چۆپلۈك يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى»، «پامىرنىڭ شەرقىي يانتۇلۇقىدىكى ئوتلاقلارنى تەكشۈرۈش»، «تاجىكلارنىڭ قان تىپىنىڭ تارقىلىشىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «سۇباش داۋىنىدىكى تاشيولدا شىۋىرغاننىڭ ئاپتوموبىللارنى توسۇشى ئۈستىدە سىناق» دېگەن بەش تۈر ۋىلايەت بويىچە 1 -، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى»، «دۆمباش رايونىنىڭ چارۋىلىرىدىكى بروسېلليوز كېسەللىكىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «تاشقورغاننىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىنى تونۇشتۇرۇش»، «تاشقورغاندىكى ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بوز يەرلەر مەنبەسىگە باھا»، «ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى نەسلىنى كىرگۈزۈپ كۆپەيتىش نەتىجىسىنى دەسلەپكى كۆزىتىش»، «چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلارنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىر قانچە تەدبىرى»، «پامىرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش» قاتارلىق تۈرلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ناھىيە بويىچە 1 -، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا

ناھىيىنىڭ ۋالىبول كوماندىسى شۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە بىرىن-
چىلىككە ئېرىشتى. 1980 - يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك تەنتەر-
بىيە كومىتېتى ھەرقايسى تەنتەربىيە تۈرلىرىنى ئاساس قىلغان
ھالدا، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە
سىنىپىدىن يەتتىنى ئېچىپ، بىر قىسىم تەنتەربىيىچىلەرنى تەربى-
يىلىدى. دەسلەپتە بۇ ناھىيىدە پەقەت ۋاسكېتبول، ۋالىبول،
يېنىك ئاتلېتىكا، تىكتاك توپ كوماندىلىرى قۇرۇلدى. تەن-
تەربىيىنىڭ بۇ تۈرلىرى بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغاندىن
تاشقىرى يەنە ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، چەۋگەن قاتار-
لىق خەلق ئارىسىدىكى تەنتەربىيە تۈرلىرى بويىچىمۇ بىر قانچە
قېتىم پىلانلىق تۈردە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. مەكتەپلەرنىڭ تەن-
تەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى سەپلەپ بېرىلدى ۋە ھەر يىلى بىر قېتىم
مەكتەپلەر ئارا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. تەن-
تەربىيە پائالىيىتىنىڭ كەڭ قانات يايدۇرۇلۇشى خەلقنىڭ تەن
سالامەتلىكىنى ياخشىلاشتا مۇھىم روللارنى ئوينىماقتا.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي
يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىمۇ
يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بۇرۇن تاش-
قورغان ئاپتونوم ناھىيىسىدە مەخسۇس پەن - تېخنىكا مۇئەسسەسە
يوق ئىدى. 1979 - يىلى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى
قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىنى ئاساس قىلغان ھالدا، پەن - تەتقىقات تۈرلىرىنى
بەلگىلەپ، كەڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئويۇشتۇرۇپ پەن
تەتقىقاتى ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە،
تۈزلۈك ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. ھازىر
ناھىيىدە پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بار، ئۇنىڭ قارىمىقىدا
سەھىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، چارۋا - مال دوختۇرلۇق ئىلمىي

نىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماي ئۆلۈپ كەتكەن. تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، تازىلىق شارائىتىنىڭ ناچارلىقى تۈ- پەيلىدىن، باللاردا ياۋا چېچەك، قىزىل قاتارلىق كېسەللىكلەر كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتى. شۇڭا، تاجىك خەلـ قىنىڭ نوپۇسى ئازىيىپ كەتكەنىدى. تاجىك خەلقى بۇنداق تەبىئىي ئاپەت ۋە كېسەللىكلەر ئالدىدا ئامالسىز بولغاچقا، خۇدادىن ئامانلىق تىلەشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. تاجىك ئايالىرىنىڭ ئۆلۈم - يېتىم مەرىكىلىرىدە ئوقۇيدىغان مەرسىيە ناخشىلىرىنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېتى شۇ ۋاقىتتىكى ئېچىنىشلىق ھاياتنىڭ ئەينەن تەسۋىرى:

يىغلىغايمىز ئاھ ئۇرۇپ، دەردلەر ئۈچۈن تاپماي داۋا،
ھەممە يەردە جەڭگە - جېدەل، ئاغرىق - سىلاق، كۆپلەپ جاپا.
كۆزىمىزدىن ئاقتى قان - ياش، مىسلى خۇن دەريا بولۇپ،
كۈنۈ - تۈن، زۇلمەت - جاھالەت، بولدى يۇرتلار بىناۋا.

## 2. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋال

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، سەھىيە ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. 1952- يىلى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي — ئىشخانىسى، بىر نەپەر ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە ئىگە دوختۇرى، تۆت نەپەر دەسلەپكى تىببىي ساۋاتقا ئىگە بولغان خادىمى بار بولغان دوختۇرخانا قۇرۇلدى. 1955- يىلغا كەلگەندە، بۇ دوختۇرخانا كېڭەيتىلىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 500 كۋادرات مېترغا، تىببىي خادىملىرى 15 كە يەتتى ھەم

ئايرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلىرى ھەمدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تېخنىكا شەرت - شارائىتلىرى، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش يۆنىلىشى ۋە ئىستىقبالى قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭقۇر ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلدى ھەم مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى يېزىپ چىقىلىپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بىر قاتار ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەندى.

قىسقىسى، پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشماقتا.

## 2 - بۆلۈم سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى

### 1. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەھۋال

ئازادلىقتىن بۇرۇن تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىدە ھېچقانداق داۋالاش ئورنى ۋە بىرەر دوختۇرمۇ يوق ئىدى. تۈرلۈك كېسەللىكلەر، باشقا تەبىئىي ئاپەت، ئىجتىمائىي ئاپەتلەر قوشۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەنىدى. ھەدىسىلا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى، ياۋا چېچەك، قىزىل، كىزىك، بوغما قاتارلىق كېسەللىكلەر ھەر يىلى دېگۈدەك تارقىلىپ كېتەتتى. 1945 - يىلى تاشقورغان رايونىدا كېزىك كېسەللىكى تارقىلىپ، 600 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كەتكەنىدى، پەقەت داتۇڭ يېزىسىدىلا 200 ئادەم ئۆلگەن. سېفىلىس، لېپرا كېسەللىكىمۇ بەزى ئورۇنلاردا يەرلىك كېسەللىك خاراكتېرىدە يۈز بېرىپ، نۇرغۇنلىرى داۋال-

دۆلەت ھەر يىلى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پۇل ئاجرىتىپ بېرىپلا قالماستىن، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىكى كېسەللەرنى ھەقسىز داۋالاش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن راسخوت ئاجرىتىپ بەردى. دۆلەت ئەنە شۇنداق زۆرۈر ياردەملەرنى بەرگەنلىكتىن، تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى خىزمەتنى يىلدىن - يىلغا ئاكتىپ قانات يايدۇردى. بولۇپمۇ «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىپ، ئاكتىپ داۋالاش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئۇلار ھەر يىلى بىر نەچچە قېتىم يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ ۋاكسىنا ئۇرۇپ، چېچەك ئەملەپ، خەلقنىڭ تەن سالامەتلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈپ كەلگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆردى، تاز، سىفىلىس، لېپرا، باللار پارالىچ كېسەللىكى، بوغما قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلىدى. ئانا - باللارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى دائىملىق خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ئىشلەنگەچكە، بوۋاقلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بۇ مەسىلىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسىدە تاجىك مىللىتىدىن كېلىپ چىققان تىببىي ساقلىقنى ساقلاش قوشۇنى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1956 - يىلى تاجىك ياشلىرىدىن بىر قانچە كىشى قەشقەر تىببىي تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، پارتىيىمىز تەربىيىلىگەن تۇنجى ئەۋلاد تاجىك دوختۇرلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ھەر يىلى بىر قىسىم تاجىك ئوقۇغۇچىلارنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تىببىي ئىنىستىتۇت ۋە تېخنىكوملىرىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىپ تۇردى، شۇنداق قىلىپ، تاشقورغان ناھىيىسىدە تاجىك

15 كارىۋاتلىق بىر بالنىستا قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دوختۇرخانىدىكىلەر زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئادەم ئاز، شارائىت ناچار بولغان شارائىتتا، بىر تەرەپتىن، بالنىستىدا ياتقۇزۇپ داۋالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ داۋالاشنى يولغا قويدى، نەتىجىدە تاشقورغاننىڭ تىببىي داۋالاش ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. 1962 - يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى گۇڭشېلارغا بىردىن تىببىي خادىم سەپلەپ بېرىلدى، 1966 - يىلغا كەلگەندە گۇڭشېلاردا دوختۇرخانىلار قۇرۇلۇپ، گۇڭشې ئەزالىرى ئارىسىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇ تۈزۈم ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇلماقتا. 1968 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانا يەنە 1200 كۋادرات مېترلىق يەرگە يېڭىدىن قۇرۇلۇش قىلىپ، كېسەل كارىۋىتىنى 30 غا يەتكۈزدى، 1976 - يىلدىن باشلاپ گۇڭشېلارنىڭ ھەممىسىدە بەش دانىدىن كېسەل كارىۋىتى بولغان بالنىستلار قۇرۇلدى. 1977 - يىلى ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇرۇلۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ جاھازلىرىمۇ پەيدىنپەي تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى، ھازىر بۇ دوختۇرخانىدا ئۈچ قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى، بىر دانە رېنتگېن ۋە باشقا زامانىۋى داۋالاش ئەسۋابلىرى بار. يېزا دوختۇرخانىلىرىمۇ كېسەل كارىۋاتلىرىنى كۆپەيتتى، مەيلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ياكى يېزا دوختۇرخانىلىرىدا بولسۇن، تىببىي خادىملارنىڭ سەۋىيىسىمۇ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇڭا قورساق بوشلۇقى، سۆڭەك، بەش ئەزا ۋە ئاياللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتالايدىغان بولدى.

يۇقىرىدىكىدەك زور ئىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تىببىي داۋالاش، ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقى ئاشتى، نوپۇس تېزدىن كۆپەيدى. 1949 - يىلى ئارانلا 6000 نوپۇسى قالغان تاجىكلارنىڭ ھازىر 16 مىڭغا يەتكەنلىكى بۇنىڭ جانلىق مىسالى.

لارنى ئاساسي گەۋدە قىلغان تىببىي داۋالاش قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ھازىر ناھىيە بويىچە 101 نەپەر تىببىي خادىم بولۇپ، بۇنىڭ 75 پىرسەنتىنى تاجىكلار تەشكىل قىلىدۇ، ۋىراچتىن يۇقىرى دەرىجىلىك تىببىي خادىملار ئىچىدە 15 پىرسەنتىنى تاجىكلار ئىگىلەيدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تىببىي خادىملارنىڭ كەسپىي بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 75 نەپەر تىببىي خادىمنى يۇقىرى دەرىجىلىك داۋالاش ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتتى؛ ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى 14 قېتىم قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام تىببىي داۋالاش خادىملىرىنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭدەك ناھىيىلىك دوختۇرخانا قەرەللىك ئىمتىھان ئېلىش، ئىلمىي دوكلات بېرىش، دەرس ئۆتۈش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، تىببىي خادىملارنىڭ كەسپىي بىلىمىنى ئۆستۈردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار سىرت جايلاردىن كېلىپ ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت تىببىي خادىملىرىنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ئىمكانىقەدەر مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تاشقورغان ناھىيىسىدە خاتىرجەم خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلىشىگە ئىلھام بەردى. ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتىمۇ ناھىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان تازىلىق قائىدە - نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى دائىملىق ئىشقا ئايلاندۇرۇپ، ناھىيىنىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈردى؛

داۋامى

| | |
|---|---|
| مىلادى 519 - يىلى (شىمالىي ۋېي شىنگۇي 2 - يىلى) | سۇن يۈڭ قىرپاند بەگلىكىگە كەلدى |
| مىلادى 644 - يىلى (تاڭ سۇلالىسى جېن گۇەن 18 - يىلى) | شۈەن جۇاڭ قىرپاند بەگلىكىگە كەلدى |
| مىلادى 713 — 727 - يىللىرى (تاڭ كەييۇەن 15 - يىلىدىن بۇرۇن) | قىرپاند بەگلىكى تۈبۈتلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. تاڭ سۇلالىسى تاشقورغاندا «پامىر بوقالى» تەسىس قىلدى |
| X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە | تاشقورغان رايونى قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى |
| XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا | مەشھۇر تاجىك شائىرى ۋە ئىسلام پەيلاسوپى ناسىرخىسراۋنىڭ دەۋىتى بىلەن تاغلىق تاجىكلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپىنى قوبۇل قىلدى |
| XI ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە | تاشقورغان رايونى قارا خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى |

## چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى

| ۋاقىت | ئىشلار |
| --- | --- |
| تەخمىنەن بۈنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرى | تاشقورغان ئەتراپىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان |
| بۈنىڭدىن تەخمىنەن 2500 يىل ئىلگىرى | تاشقورغان رايونىدا ياشايدىغان ئاھالىلەر قوللۇق جەمئىيىتىگە كۆچۈشكە باشلىغان |
| مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى (غەربىي خەن جەنيۈەن 3 - يىلى) | خەن سۇلالىسى جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى |
| مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى (غەربىي خەن شېڭجاۋ 2 - يىلى) | خەن سۇلالىسى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنى باشقۇردى. تاجىكلارنىڭ ئەجدادى — پامىرنىڭ شەرقىدىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى |
| مىلادى I — VII ئەسىرلەردە | تاشقورغان رايونى تەۋەسىدە قىرپاند بەگلىكى قۇرۇلۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى |

| | |
|---|---|
| سۇلالىسى داۋگۇاڭ 10 — 16 - يىللىرى) | ۋۇزىنغا باتۇرانە زەربە بەردى. تاجىك مىللىي قەھرىمانى قۇلچاق ۋەتەن زېمىننى قوغداش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى |
| 1865 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى 4 - يىلى) | بوزرۇكخان ياقۇپبەگ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلىپ، يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى قۇردى |
| 1876 — 1878 - يىللىرى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇي 2 — 4 - يىللىرى) | زوزۇڭتاڭ لەشكەر باشلاپ، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى يوقاتتى |
| 1879 - يىلى 8 - ئايدا (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇي 5 - يىلى) | تاجىك خەلقى ليۇ جىڭتاڭ قىسىملىرىغا ھەمكارلىشىپ، تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلغان ياقۇپبەگ قالدۇق قىسىملىرىنى يوقاتتى |
| 1884 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇي 10 - يىلى) | چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇردى |
| 1892 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇي 18 - يىلى) | چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پامىر رايونىنى بۆلۈشۈۋالدى، چار روسىيە سەرىكۆي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى ئېلىمىز پامىر رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى |

| | |
|---|---|
| XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا | چىڭگىزخاننىڭ تىۋرشاۋۇلى ئىسمائىل كوچلۇكخاننى سەرىكۆيگە قوغلاپ كېلىپ، شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن سەرىكۆي رايونى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە تەۋە بولدى |
| XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVI ئەسىرگىچە | سەرىكۆي رايونى چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە بولدى |
| XVI ئەسىردىن XIX ئەسىرگىچە | پامىرنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى شۇغنان، ۋاخان، كەنجۇت قاتارلىق جايلاردىن بىر قىسىم تاجىك ئاھالىلىرى تاشقورغانغا كېلىپ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى |
| 1757 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەن لۇڭنىڭ 22 - يىلى) | چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى يوقاتتى |
| 1759 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەن لۇڭنىڭ 24 - يىلى) | چىڭ سۇلالىسى سۇمانتاشتا يېشىل كۆل خاتىرە تېشىنى ئورناتتى، سەرىكۆي رايونىدا يەكەنگە تەۋە سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ھاكىمبەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى |
| 1830 — 1836 - يىللىرى (چىڭ | تاجىك خەلقى قوقەن خانلىقىنىڭ سەرىكۆيگە قىلغان كۆپ قېتىملىق تاجا |

| | |
|---|---|
| | يولغا قويۇلدى |
| 1938 — 1940 - يىللىرى | جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن يولداش خۇجيەن، يولداش شۆلياڭلار تاشقورغانغا كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، تاجىك خەلقىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەنگلىيە پوچتا ۋەكالەتخانىسى بىكار قىلىنىپ، ئاقسالىلى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. چېگرىدىن ئەپيۇن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى كىرگۈزۈش مەنئى قىلىندى |
| 1943 - يىلى | گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى |
| 1944 - يىلى | شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىلىدى |
| 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى | «تاشقورغان ئىنقىلابى» پارتىلىدى، تاشقورغاندا مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن قوماندانلىق شتابى ۋە ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت — تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى |
| 1947 - يىلى | بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى |
| 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | شىنجاڭ ئازاد بولدى |

| | |
|---|---|
| 1897 — 1901 - يىللىرى | ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى تاشقورغاندا پوچتا ۋەكالەتخانىسى قۇرۇپ، ئاقساقال تۇرغۇزدى. چارروسىيە گازارما سېلىپ تاشقورغاندا ئەسكەر تۇرغۇزدى |
| 1902 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي 28 - يىلى) | چىڭ سۇلالىسى تاشقورغاندا پۇلى مۇداپىئە - ھۆكۈم ۋازارىتىنى تەسىس قىلدى |
| 1911 - يىلى | شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى |
| 1912 - يىلى | پۇلى ۋازارىتى پۇلى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى، مىلىتارىست ياڭ زېڭشىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى |
| 1919 - يىلى | «4 - ماي» ھەرىكىتى پارتلاپ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب باشلاندى |
| 1921 - يىلى | جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلدى |
| 1928 — 1933 - يىللىرى | مىلىتارىست جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى |
| 1933 — 1943 - يىللىرى | مىلىتارىست شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى |
| 1933 — 1936 - يىللىرى | جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز كادىرلىرىنى شىنجاڭغا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى. تاشقورغاندا مەكتەپ مائارىپى |

| | |
|---|---|
| 1953 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە | بىرىنچى قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك سايلام ئېلىپ بېرىلدى. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ئاقتو ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. |
| 1954 - يىل 6 - ئاي | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى، تاشقورغان ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى |
| 1954 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلدى |
| 1955 - يىلى | تاشقورغاندا دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسى ئاساسەن ئورۇنلاندى. 9 - ئايدا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش قانات يايدۇرۇلدى. 10 - ئايدا ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلدى |
| 1956 - يىلى | 5 - ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى چوڭ يىغىنى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك پارتكوم سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. 6 - ئايدا تاشقورغاندا تون |

| | |
|---|---|
| 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى |
| 1949 - يىل 12 - ئاي | جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تاشقورغانغا كەلدى، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق پامىر ئېگىزلىكىگە قادالدى |
| 1950 - يىل 3 - ئاي | جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تاشقورغان ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى |
| 1950 - يىل 4 - ئاي | تاشقورغان ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى |
| 1950 - يىل 10 - ئاي | ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى باشلاندى |
| 1950 - يىلى | ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ئېلىپ بېرىلدى |
| 1952 - يىلى | ئەتىيازدا ھەرقايسى يېزىلاردا يايلاق باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى قۇرۇلدى. شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 2 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدا چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىلغان سىياسەتلەر بەلگىلەندى |

| | |
|---|---|
| دى؛ 6 - ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى | |
| 7 - ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى؛ 8 - ئايدا ئاپتونوم ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى | 1962 - يىلى |
| ئاپتونوم ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى | 1963 - يىلى |
| 8 - ئايدا ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقى تەبرىكلەندى | 1964 - يىلى |
| 12 - ئايدا ئاپتونوم ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى | 1965 - يىلى |
| «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» | 1966 - يىلى |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى | 1969 - يىلى |
| 6 - ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى | 1971 - يىلى |
| 8 - ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى | 1974 - يىلى |

| | |
|---|---|
| | جى چارۋىچىلىق كوپىراتىپى ــ «تىلاڭ ئۇ- ى» كوپىراتىپى قۇرۇلدى |
| 1957 - يىلى | 1956 - يىلى قىشتىن 1957 - يىلى ئەتىيازغىچە كوپىراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرى- كىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئومۇمىيۈزلۈك ئىستىل تۈزىتىش، بۇرژۇئا ئوڭچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلدى. 5 - ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇل- تىيى چاقىرىلدى |
| 1958 - يىلى | چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش قانات ياي- دۇرۇلدى؛ 7 - ئايدا تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى؛ تاشقور- غاندا چارۋىچىلىقتا سوتسىيالىستىك ئۆز- گەرتىش كىرگۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئورۇنلاندى؛ 10 - ئاينىڭ 1 - كۇنى قەشقەر - تاش- قورغان تاشيولىدا تۇنجى قېتىم ئاپتو- موبىل قاتنىدى؛ 12 - ئاينىڭ 12 - كۇ- نى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشقا كې- رىشتۈرۈلدى |
| 1959 - يىلى | خەلق گۇڭشېسى ئومۇملاشتۇرۇلدى |
| 1960 - يىلى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىل- |

## خاتىمە

«تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئومۇمىي ئەھۋال» دېيىلىدۇ) «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونومىيە جايلىرى ئومۇمىي ئەھۋالى مەجمۇئەسى» نىڭ بىرى. ئۇ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى «مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش يۈرۈش مەجمۇئە» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش يۈرۈش مەجمۇئە تەھرىر ھەيئىتىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكى ئاستىدا، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەشكىللىشى بىلەن يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1979 - يىلى 7 - ئايدىكى «ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەھرىر ھەيئىتى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىپ، «ئومۇمىي ئەھۋال» نى تۈزۈشكە كىرىشتى. تەھرىر ھەيئىتىگە ۋۇجىيۈن مۇدىر، لى جۈن، ئابلىزلار مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ۋۇجىيۈن، ئەبۇزەر، لى جۈن،

| | |
|---|---|
| | تەبرىكلەندى |
| 1978 - يىلى | جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى؛ جۇڭگو — پاكىستان قارا قورۇم تاشيولىنىڭ ئومۇمىي لىنىيىسى پۈتۈپ ئاپتوموبىل قاتنىدى |
| 1981 - يىلى | ئاپتونوم ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى |
| 1982 - يىلى | ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى؛ 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت خونجىراپ ئېغىزىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى؛ شۇندىن باشلاپ خونجىراپ ئېغىزى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلدى |
| 1983 - يىلى | ئاپتونوم ناھىيىنىڭ يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى |
| 1984 - يىلى | ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى تەبرىكلەندى |

ئىسمائىل ئىزىز، لى جۈيباۋ، رۇستەم، ئەبۇزەر، بەكرى مەيلىباي يولداشلار كىتابنىڭ كۆپىيىسىنى باشتىن ئاخىر كۆرۈپ، قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى ھەم يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇلارغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز.

سەۋىيىمىز يۇقىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىتابتا كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

«تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ
ئومۇمىي ئەھۋالى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى
1986 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

ئابلىز، رەھمانقۇل، تاڭ خەيلۇق، مەدەلخان، تاۋسلدى، لەلىنگـ جۇنلەر تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولـدى. ئىجتىمائىي تـەكـ شۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش ۋە ئالاقىدار كونكرېت ئىشلارغا ئىلگىرى ـ ئاخىر بـولۇپ، تاۋىلدى، پولاـ مەمەت، دانىشمەن، تاڭ خەيلۇق، قادىر بوزىك، جۇمە مۇراشىم، خامۇش، قىـدا سـەمەت، ئادالـەت، سـالامـەت، تۇرسـۇنـگۈل، دافەدار ، قۇربان بوز يىگىت ، شېرىنىبېك، ئاخۇنباي، بەكقەدەم، شەمشىر، شەمسىدىن، قـاۋۇل مىـرزەك، ئابدۇراھـمان، ئىمارەتشا، رەھىمباي، جەۋھىرى، بۇلبۇلى، خالمەمەتلەر قاتناشـ تى. مەدەلخان، رەھمانقۇل قەلەم تەۋرەتتى.

كىتابنىڭ كۇپىيىسى 1986 - يىلى 6 - ئايـدا پۈتتۈرۈلـ گەن. ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى مەخسـۇس مۇزاكىرە قىـلىپ، كىتابنىڭ مەزمۇنىغا پىرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش يۈرۈش مەجمۇئە تەھرىر ھەيئىتى ئىشخانىسى (تۆۋەنـدە قىسقارتىلىپ «ئاپتونوم رايونلۇق بەش يۈرۈش مەجمۇئە ئىشخاـ نىسى» دېيىلىدۇ) بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ئادەم تەشكىلـ لەپ، «ئومۇمىي ئەھۋال» نى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى ۋە مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزدى. كىتابنى تۈزىتىش ۋە تەھرىرلەشكە مۇھەممەت نىياز، شېرىن قۇربان، مۇھەممەت ھەسەنلەر قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونـ لۇق مىللىي مەسىلىگە ئائىت بـەش يـۈرۈش مەجـمۇئە تەھـرىر ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلايوپ ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

责任编辑：卡哈尔·阿布都热西提


**塔什库尔干塔吉克族自治县概况**

（维吾尔文）

《塔什库尔干塔吉克族自治县概况》编写组

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市建中路54号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷

850×1168毫米　32开本　10.25印张 4 插页

1988年2月第1版　1988年12月第1次印刷

印数：1——1.300

ISBN7—228—00275—X/K·23　　定价：1.57元


دارشان

ISBN7 — 228 — 00275 — X

K·23（民文） 定价：1.57元